مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تورىدىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنال
3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىدا ئېرىشكەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تورىدىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنال

ISSN 1005 - 5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

# ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

# 新 疆 大 学 学 报

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

4
2005

ISSN 1005-5878

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## ( پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال

باش مۇھەررىر:
ئابدۇشۇكۇر موللەك يۇرچى

بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇسا روزى

تەھرىر ھەيئەتلەر:
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى، ئابدۇشۇكۇر موللەك يۇرچى،
ئابلىكىم ھەسەن، ئابدۇۋەلى ھامۇت،
ئادىل مۇھەممەت تۇران، ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر،
ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، ئاسىمە نىياز،
ئالىم رەقىپ، ئەسەت سۇلايمان ئۇيغار،
ئەنۋەر ئابلىمىت، راززاق تۆمۈر،
شېرىن قۇربان، مۇختەر مەخسۇت،
مۇھەببەت قاسىم، مىرسۇلتان ئوسمانوف،
ئىمىن تۇرسۇن، يۇسۇپجان ئەخمىدى.

2005 ـ يىللىق 4 ـ سان

(ئومۇمىي 104 ـ سان)

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىقتى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت
يولى 14 ـ قورۇ
地址：乌鲁木齐市胜利路 14 号
تېلېفون: (0991) 8582927
پوچتا نومۇرى: 830046
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن
ماقالە قوبۇل قىلىنىدۇ
نادىر ئەسەرلىرىڭىزنى ئەۋەتىڭ،
مۇشتەرى بولۇڭ
بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى
خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: مادىيۇەن،
ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ئاينۇر سادىق،
رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلھايات ئامانئۇللا

# بۇ ساندا

## غەربىي دىيار مەدەنىيەت تەتقىقاتى


ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت سۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى ……………… مۇھەببەت قاسىم، سەمەت مەمتىمىن تىلچىن (1)

ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ پەرقى ھەققىدە مۇھاكىمە ……………… ئوسمان ئىسمايىل تارىم (9)

پېداگوگ يازغۇچىنىڭ مەنىۋى داۋانلىرى ……………… تۇرسۇن قۇربان تۈركەش (17)


## سىياسىي نەزەرىيە ۋە ئىقتىساد تەتقىقاتى


ئېلىمىزدە «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى»نى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ……………… ئوسمان مۇھەممەت (25)

ئۆچۈر تورىنى ئىلمىي باشقۇرۇش — ئالىي مەكتەپلەر سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ……………… مۇرات ئەزىزى (29)

كارخانىغا مۇناسىۋەتلىك مەنپەئەت سۇبيېكتلىرى ئۈستىدە تەھلىل ……………… ئابلاجان ئابدۇنىياز (35)

ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسىدە پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش مەسىلىسى ھەققىدە ……………… زىۋىدە كېرەم، ئابدۇرېشىت ئابدۇراخمان (41)

شىنجاڭدىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ شەرقىي ۋە دېڭىز بويى رايونلىرىغا ئېقىپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا ……………… ساۋۇت ئاۋۇت (45)

شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەرەققىياتى توغرىسىدا ……………… ئەخمەتجان مۇھەممەت (48)


## تىل ـ ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


«سالغا تېشى»— روھلار كەچمىشى ……………… ئابدۇسالام شۈكۈرنۇھ (51)

«ئەرزنامە» ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى توغرىسىدا ……………… قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى (56)

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىزچىللىق ۋە ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە ……………… گۈلجامال مەمتىمىن (63)

ئۇيغۇرچە لۇغەتلەرنىڭ ئېلىپبە تەرتىپىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە ……………… ئابدۇغاپپار ئابدۇراخمان (66)

مەدەنىيەت نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ۋە شىنجاڭ مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ماسلىشىپ راۋاجلىنىش مەسىلىسى ……………… ئىقبال تۇرسۇن (72)


## قانۇن ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى


توختام تۈزۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ……………… مۇھەممەت ھاجى (80)

ئېلىمىزنىڭ «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» ئۈستىدە مۇلاھىزە ……………… ھامۇت ئەرشى (85)

مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش ……………… تۇرسۇننىياز ساۋۇر (91)

سودىيلەرنىڭ كەسىپ ئەخلاقى بىلەن ئەدلىيە ئادىللىقىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ……………… ئەركىن سامساق (102)

ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېر ئارقىلىق مۇلازىمەت قىلىش ھەققىدە ……………… غۇنچەم سەمەت (108)


## ستۇدېنتلار سەھىپىسى


20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە قىسقىچە بايان ……………… تاھىر مۇتەللىپ قاھىرى (112)

تۇرپاندىكى بىر قىسىم يەرلىك ئادەتلەر توغرىسىدا ……………… ئابدۇللا غاپپار (117)

قەدىمكى ھىندىستان ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ……………… تۇرسۇن قادىر (121)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ پېئىللارغا ئايلىنىش يوللىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ……………… خېيەن (127)

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر توغرىسىدا ……………… سۇڭ جې (132)

www.uyghurkitap.com

新疆大学学报
（哲学社会科学维文版）

2005年第4期
（总第104期）

# 目　　录

西域文化研究

维吾尔语方言词汇所表现的文化因素………………………………木合白提·哈斯木，赛买提·穆罕默德
神话与传说的区分………………………………………………………………乌斯曼·司马义·塔里木
教育家和作家的精神达坂………………………………………………………吐尔逊·库尔班·图尔凯西

政治理论与经济研究

论我国解决“农业、农民、农村问题”的必要性………………………………………乌斯曼·穆罕默德
科学管理信息网对做好高校政治思想教育工作的作用………………………………穆拉提·艾则孜
对与企业相关的利益主体的分析……………………………………………阿布拉江·阿布都尼亚孜
论新疆高校民族学生思想道德教育中的心理健康教育……………………………………………
……………………………………………………孜维达·克里木，阿布都热西提·阿布都热合曼
关于新疆专业人才向东部和沿海地区流失的问题及防止方法……………………………萨吾提·阿吾提
近年来新疆旅游业的发展………………………………………………………艾合买提江·穆罕默德

语言文学与文化研究

抒情长诗《飞石》的文化解读……………………………………………阿布都沙拉木·许库尔·诺亚
论《诉状》及其作者……………………………………………………………库巴尔尼莎·穆罕默德阿吉
论维吾尔现代文学与维吾尔古典文学之间的一贯性和继承关系………………古丽加玛丽·买买提伊明
关于维吾尔文词书字母顺序中存在的问题…………………………………阿布都阿帕尔·阿布都热合曼
文化相对理论和新疆各民族文化协调发展问题……………………………………………伊克巴里·吐尔逊

法律与教学研究

关于签订合同要注意的几个问题……………………………………………………………穆罕默德·阿吉
关于我国《引渡法》的探讨……………………………………………………………………阿木提·艾尔西
对民族法律文化的探究………………………………………………………………吐尔逊尼亚孜·沙吾尔
论审判员的职业道德与司法公正的关系……………………………………………………艾尔肯·萨木萨克
论高等学校图书馆的多媒体服务……………………………………………………………温且姆·赛麦提

大学生栏目

简论20多年来维吾尔族儿童文学的发展……………………………………塔依尔·穆塔里甫·卡依日
论吐鲁番的部分乡土习俗………………………………………………………………阿布都拉·阿帕尔
略论印度古典文学对维吾尔族古典文学的影响……………………………………………吐尔逊·卡德尔
现代维吾尔语的摹拟词转化成动词的途径及其特点…………………………………………………何艳
论维吾尔语中的英语借词…………………………………………………………………………………宋喆

2005 ـ يىلى 12 ـ ئاي    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    26 ـ يىللىق 4 ـ سان
第 26 卷第 4 期    新疆大学学报(哲学社会科学维文版)    2005 年 12 月

# ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت سۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى

مۇھەببەت قاسىم* ، سەمەت مەمتىمىن تىلچىن**

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ھەرقايسى دىئالېكت ـ شېۋىلەردىكى بىر قىسىم سۆزلەر ئۇلار ئىپادىلىگەن مەدەنىيەت مەزمۇنى جەھەتتىن تۈرگە ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى، تىرىكچىلىك ئادىتى، يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى، كىيىم ـ كېچەك ئادىتى، مۇراسىم ئادىتى قاتارلىق تەرەپلەردىن تەھلىل قىلىنغان.

**摘要**：本文对各方言土语的一部分词语按照所表达的文化内容分类,以这些词语载荷的文化信息、生活习俗、饮食习俗、服饰习俗、礼仪习俗等方面进行了分析。

**Abstract**: This article devides some dialects into different types based on their cultural meaning. Also it makes an analysis on cultural information, life style, eating habits, dressing and personal adornment and custom ceremony.

تىل — بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، شۇنداقلا بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ تىلى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى تىل مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى، تىل بولمىسا مەدەنىيەت بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

تىلنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گرامماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلى ئىچىدە ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىدىغىنى سۆزلۈك، جەمئىيەت تەرەققىياتى داۋامىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىق ھامان سۆزلۈكتە ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. سۆزلۈك مول مەدەنىيەت مەزمۇنىغا ئىگە بولۇپ، ئەڭ بىۋاستە ھالدا مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ، مەلۇم بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، تەپەككۇر شەكلى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىق تەرەپلەردىكى مەدەنىيەت ئۆزگىچىلىكلىرى شۇ كوللېكتىپنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، جۈملىدىن سۆزلۈكلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئورنى جەھەتتىن قارىغاندا، مىللىي مەدەنىيەت ئومۇمىي مەدەنىيەت ۋە يەرلىك مەدەنىيەت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئومۇمىي مەدەنىيەت بارلىق مىللەت ئەزالىرىغا ئورتاق بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى بولسا، يەرلىك مەدەنىيەت مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يەرلىك ۋارىيانتى بولۇپ، ئومۇمىي مەدەنىيەتكە تەۋە. ئۇنى بىر مىللەت توپى ئىچىدىكى ئوخشىمىغان جايلاردىكى كىشىلەر شەكىللەندۈرگەن، ئۇ تۈرلۈك ئامىللار تەسىرىدە تەدرىجىي بېيىيدۇ، يەرلىك دىئالېكتلار يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ ئەينىكى سۈپىتىدە يەرلىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەكسىچە دىئالېكتلارغا يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ.

---

• مۇھەببەت قاسىم: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى. 830046
•• سەمەت مەمتىمىن تىلچىن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى. 830046

شۇڭلاشقا دىئالېكتلار بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش، تىلنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ ماقالىدە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىئالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى سۆزلۈكلەر مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنىپ، بۇ سۆزلۈكتە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى بايان قىلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىئالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزىتىدىغان بولساق، دىئالېكت ـ شېۋىلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ ھامان شۇ رايوننىڭ تارىخى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىك ئۇسۇلى، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ پەرقلەرنىڭ ھەرقايسى دىئالېكت ـ شېۋە رايونلىرىنىڭ فولكلورىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئاساس بولىدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، لوپنۇر دىئالېكتىدا ئوۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىققا ئائىت نۇرغۇن دىئالېكت سۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، بۇ رايون خەلقىنىڭ بېلىقچىلىققا باغلانغان ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە، خوتەن دىئالېكتىدىكى گىلەمچىلىك ۋە باشقا قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت سۆزلەر بۇ رايوننىڭ باشقا جايلاردىن پەرقلىق بولغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ:

**1. تىرىكچىلىك ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ**

بىر تىل ياكى دىئالېكتنىڭ سۆزلىرى شۇ تىل ئىگىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنى ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ ۋە ئۆزگىرىپ بارىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپ قايسى خىل تىرىكچىلىك ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسا شۇنىڭغا ماس سۆزلۈكلىرى بولىدۇ، ئەكسىچە مەلۇم بىر يۈرۈش سۆزلۈكنىڭ بارلىقىغا قاراپ شۇ خىل سۆزلەر ئىپادىلىگەن تىرىكچىلىك ئادىتىنىڭ بارلىقىنى ھەم پەرەز قىلىشالايمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تىرىكچىلىك ئادىتىدە بۇرۇندىن تارتىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق قاتارلىق كۆپ خىل ئىشلەپچىقىرىش شەكلىمۇ مۇھىم تىرىكچىلىك يوللىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئەمما ھەرقايسى رايوننىڭ تەبىئىي شارائىتى، كېلىماتى، شۇ رايون كىشىلىرىنىڭ ئەنئەنىسى قاتارلىقلاردا پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوخشىمىغان رايونلاردا ئوخشىمىغان تىرىكچىلىك ئادىتى شەكىللەنگەن. گەرچە بۇ خىل ئەنئەنىۋى تىرىكچىلىك ئادەتلىرى ھازىر خېلى دەرىجىدە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىزنالىرىنى نۇرغۇن تەرەپلەردىن، بولۇپمۇ يەرلىك سۆزلەردىن كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن:

1) لوپنۇر دىئالېكتىدا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تىرىكچىلىك ئادىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدە سۆزلەر بىرقەدەر كۆپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى باشقا دىئالېكتلاردا، ھەتتا ئەدەبىي تىلدا كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن، لوپنۇر دىئالېكتىدا بېلىق تۇتۇش سايمانلىرىدىن: چاڭگاق (ئۈچ چىشلىق قارماق)، گۆكۇ (بېلىق تۇتىدىغان بىر خىل قارماق)، گۆلمۇ (بېلىق تۇتىدىغان تور)، مانجار (تار بوغۇزدىكى ئېقىن سۇغا سېلىپ قويىدىغان، بېلىق تۇتۇشقا ئىشلىتىدىغان، تالدىن توقۇلغان تەتۈر ئېغىزلىق سېۋەت)، كەپ (تور توقۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ئەسۋاب) دېگەندەك سۆزلەرنى؛ بېلىقچىلىق ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان: چايقاق (دولقۇن)، ناي پاختا (قومۇشنىڭ پۆپۈكى)، لاقۇ ~ لوخو (سىرتىدا قاسىرقى بولمايدىغان بىر خىل بېلىق، بۇنداق بېلىق تارىم دەرياسىدا كۆپ بولىدۇ)، قۇيغۇچ (بېلىقنىڭ باش سۆڭىكى)، كۆلچۈلۈك (بېلىقچىلىق)، يۇچاق (دەريا بويلىرىدىكى ئۇزۇنچاق تېرىلغۇ يەر) دېگەندەك سۆزلەر؛ ئوۋچىلىققا ئائىت سۆزلەردىن: سۇغان (غاز ـ ئۆدەكلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن سۇ ئۈستىگە قۇرۇلغان قىسماق)، نوچە (ئوۋلىغان قۇش ياكى باشقا ھايۋانلارنى ساقلايدىغان كەپە) دېگەندەك سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز.

بۇلاردىن بىز لوپنۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تىرىكچىلىك ئادىتىدە بۇرۇن بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىقنىڭ ئاساس، باشقا تىرىكچىلىك ۋاسىتىلىرىنىڭ قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

2) خوتەن دىئالېكتىدا ھەر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت سۆزلەر كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلار ئىچىدە گىلەمچىلىككە مۇناسىۋەتلىكلىرى: ئاچا قۇلاق (گىلەم دۇكىنىنىڭ يان تەرىپىدىكى ياغاچ)، ئاقاق (گىلەم توقۇغاندا توغرىسىغا توقۇلغان يىپ)، ئايگۇل (گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان گۈل)، ئەن تارتقۇ (گىلەمنىڭ ئەن تەرىپىنى تارتىدىغان كالتەك)، ئەن تارتقۇ سىخى (ئەن تارتقۇ يىپى باغلىنىدىغان ئىلمەك)، ئەن تارتقۇ شانىسى (ئەن تارتقۇ ياغىچىغا باغلىنىدىغان شانا)، پاجاق (گىلەم

توقۇش چەللىسىنىڭ تۆۋرۈكى)، پەنجە (گىلەم توقۇشتا ئۆتكۈزۈلگەن يۇڭ يىپنى چىڭىتىدىغان سايمان)، خالۋاپ ~ خالۋەپ (گىلەمچى، گىلەم توقۇغۇچى)، سىرتلىق ئۆرۈچ (گىلەمنىڭ يان تەرىپىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان يىپ)، كامال (گىلەمنىڭ ئۆرۈشلىرىنى يۆرۈشتۈرىدىغان كالتەك)، كەنە (گىلەم دۈكىنىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ياغاچ) دېگەندەك سۆزلەر؛ ئەتلەسچىلىككە مۇناسىۋەتلىك: گۈندا (ئەتلەسنىڭ ئۆرۈشلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان چوڭ ياغاچ)، خىپچا (ئەتلەسنىڭ يىپىغا گىرە سالىدىغان ياغاچ، گىلەمنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى يىپلارغا باغلىنىدىغان ياغاچ)، سامبا (پىلە قۇرتىنى ئالىدىغان قاچا) دېگەندەك سۆزلەر؛ باشقا تىرىكچىلىك ئادىتىگە مۇناسىۋەتلىك: بەلچە (موزدۇزنىڭ كۆن ـ چەملىرىنى تىلىدىغان، شىلىدىغان پىچاق)، تاقىلدىغۇچ (تۈگمەن تېشىنىڭ ئۈستىدە تاقىلداپ تۇرىدىغان ياغاچ)، چەچكە (بۆزچىنىڭ يىپ تاغىقى)، چەمەك (ئاچا ياغاچ، يىپ ئىگىرىدىغان چاقنىڭ ئاچا ياغىچى)، چىپچا (جۇۋازنىڭ ياغ چىقىدىغان تۆشۈكىگە تىقىپ قويىدىغان ياغاچ) دېگەندەك سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇلاردىن كۆرەلەيمىزكى، خوتەندە گىلەم، يىپەك توقۇمىچىلىقى ناھايىتى گۈللەنگەن. خوتەننىڭ گىلەم، يىپەك توقۇمىچىلىقى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، بۈگۈنكى كۈندىمۇ خوتەن گىلىمى، خوتەن ئەتلىسى داڭلىق بولغانلىقتىن، خوتەن «گىلەم يۇرتى»، «ئەتلەس يۇرتى» دېگەنناملار بىلەن سۈپەتلىنىدۇ.

3) بىزگە مەلۇم، تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى ناھايىتى داڭلىق، تۇرپاندا ئۈزۈمچىلىك خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم قىسمى ھېسابلانغاچقا، تۇرپان شېۋىسىدە شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۈزۈمچىلىككە ئائىت باشقا جايلاردا يوق سۆزلەر تېپىلىدۇ. مەسىلەن، تىكەن (مەخسۇس چۈنچىدە ئۈزۈم قۇرۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇنئىي ياسالغان تىكەنسىمان قورال، ياغاچقا نۇرغۇن تۆشۈك تېشىلىپ، تۆشۈكلەرگە چوكىنىڭ چوڭلۇقىدىكى ياغاچلار ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنى «تىكەن» دەپ ئاتايدۇ)، چېكىلمەك (ئۈزۈمنىڭ سارغىيىپ پىشاي دەپ قالغان مەزگىلىنى كۆرسىتىدۇ)، چۈنچە تام (ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئۈزۈم تېلى بىلەن ئۆينى ئايرىپ تۇرىدىغان پاكار تۆشۈكلۈك تام، شەكلى چۈنچىگە ئوخشىغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان)، دانلىماق (ئۈزۈمنى ئۈزمەي تۇرۇپ ساپىقىدىلا بىر تال بىر تالدىن يېيىش)، سايۋى ئۈزۈم (ئۈزۈنچاق، سەل ئىنچىكىرەك ئۈزۈم)، سوختا (ئۈزۈم تېلىنىڭ يېڭى چىققان نوتىسىنى كۆرسىتىدۇ)، سوزماق (ئۈزۈم تېلىنىڭ يېڭى شېخىنىڭ ئۇچىنى كۆرسىتىدۇ)، قاشقىر ئۈزۈم (يۇمۇلاق، يوغان ئۈزۈم)، ئىيىن بولماق (ئۈزۈم ساپىقىدىن ئايرىلىپ سىپسىپ قېلىشنىڭ ئالدىدىكى قىياپىتى)، ئىيىن ئۈزۈم (ساپاقتىن ئاجراپ كەتكەن، لېكىن تېخى سىپسىپ كەتمىگەن، پەقەت سەل يۇمشاپ قالغان مۆل ئۈزۈمنىڭ دانىسى).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، نۇرغۇن جايلاردا ئەنئەنىۋى تىرىكچىلىك ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، پەقەت شۇ رايون خەلق تىلىدىلا مەۋجۇت بولغان، ئالاھىدە شەيئى، ھادىسىلەرنى بىلدۈرىدىغان خېلى كۆپ سۆزلەر تېپىلىدۇ. مەسىلەن، ھەرقايسى جايلاردا دېھقانچىلىق ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆز ياكى سۆز ـ ئىبارىلەردىن: بۇغداي دانغا ماڭماق [مەكىت] ~ بۇغداي دان بولۇشقا باشلاپتۇ دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇغداي ئىنەك يېغى بولماق [مەكىتتە] ~ بۇغداينىڭ باشقى سارغىيىشقا باشلاپتۇ دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇغداي قىلتىرىغ كۆرسەتمەك [مارالۋېشىدا] ~ بۇغداي باشاق تارتماق دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇغداي مىخلاشماق ~ مىخ سۇرمەك [مەكىت]، بۇغداي بىخلىماق، بۇغداينى يا: ماق [قاغىلىقتا] (قىشلىق بۇغداينى توڭلىتىش ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم سۇغۇرغاننى بۇغداينى يا: دۇق دەيدۇ) قاتارلىقلار بار.

**2. يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ**

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىئالېكت ـ شېۋىلىرىدە ھەر خىل يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرىنىڭ ئىسىملىرى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە باغلىق سۆزلەر ساقلىنىپ قالغان، بۇ يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرىنىڭ بەزىلىرى ھەرقايسى جايلاردا ھازىرمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئائىت دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلىرى ئارقىلىق ئەنئەنىۋى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىمىز توغرىسىدا نۇرغۇن چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالايمىز ھەم ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ راۋاجلاندۇرالايمىز.

مەسىلەن، ھەرقايسى جايلاردا ئۇماچنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرىنى بىلدۈرىدىغان تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر ھازىرمۇ مەۋجۇت: گوۋا [كەلپىندە] (تالقاندىن قىلىنغان ئۇماچ، ئاقسۇدا «گوپپا» دەيدۇ)، چالما [لوپنۇردا] ~ قوناق ئۇننى سۇغا چېلىپ ئېتىدىغان ئۇماچ)، چۇلە [گۇما] (ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ گۈلىسىنى سىقىپ، شىرنىسىغا قوناق ئۇنى سېلىپ ئېتىلىدىغان بىر خىل ئۇماچ)، ئاتىلا [قەشقەردە] بۇغداي ئۇنى بىلەن جىگدە ئۇننى ئارىلاشتۇرۇپ ياسايدىغان، قورۇپ ئەتكەن بىر خىل ئۇماچقا ئوخشاش تاماق)، شايىپەتتا [غۇلجا] (سۇيۇقئاشنىڭ سۈيىنى تەييارلىۋېلىپ، قوناق ئۇننى چالغان، ئۇماچقا ئوخشاش بىر خىل تائام).

www.uyghurkitap.com

نان ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ تېپىك بەلگىلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ناننى ئەزەلدىن ئۇلۇغلاپ، ياخشى كۆرۈپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن، نان ئۇيغۇر تىلىدا نۇرغۇن سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ نېنىنىڭ تۈرى كۆپ، تەمى ئۆزگىچە. ئوخشىمىغان يەرلەردە نان باشقا - باشقا خورۇچلاردىن تەييارلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ شەكلى، چوڭ - كىچىكلىكى خىلمۇخىل بولۇپ، يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا زىچ گىرەلەشكەن ھالدا ئالاھىدە يەرلىك فولكلورىنى ھاسىل قىلغان. بۇنىڭغا ھەرقايسى جايلاردا تېپىلغان ناننىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرىنى بىلدۈرىدىغان تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر مىسال بولالايدۇ: پورەك [ئاقسۇ قارىتال] (كۆممىقوناق ئۇنىدا ياققان نان، قوناق نان)، چاۋات [كۇچا] (نېپىز، چوڭ ئېچىپ ياققان نان. كەلپىندە چاپىتى دەيدۇ)، چىپىت ~ چىپتا [كەلپىن] (نېپىز يېيىلىپ تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان نان)، چوق پۆشكۆل [لوپنور] (چوغدا پىشۇرۇلغان نان)، چىراق كۆمۈچ [لوپنور] (سەپەرگە چىقىشنىڭ ئالدىدا يەيدىغان بىر خىل كۆمۈپ پىشۇرۇلغان نان)، يۆگىمەچ [لوپنور] (يۆگىمەچ قىلىپ قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان ھورنان)، بوس نان [گۇما] (قوناق ئۇنىدا ئېتىلىدىغان ئىچى كاۋاك موما)، چوغ پۆشكىلى [تۇرپان] (بولدۇرغان خېمىرنى نان شەكلىگە كەلتۈرۈپ، قىزىق چوغنىڭ ئۈستىگە قويۇپ پىشۇرغان يېمەكلىك، بۇرۇن بۇ كىچىك بالىلارنىڭ سەپرا كېسىلىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلەتتىكەن)، پوم [قۇمۇل] (ھورنان، جىگموما)، تۇرمە(ن) [قۇمۇل] (تۇرمەل، ئارىسىغا كۆكتات ئېلىپ تۇرمەللەپ، جىمبىلدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل ھورنان)، چوۋات [قۇمۇل] (بىر خىل نېپىز نان)، دوبازا ~ دوۋازا [قۇمۇل] (ھور نان)، قوشۇق نان [تۇرپان] (ئاق ئۇنغا قوناق ئۇنىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېقىلغان نان)، لەمبەر پوم [تۇرپان] (قوناق خېمىرنى زۇۋۇل قىلمايلا بىراق جىمبىلگە تۆكۈپ پىشۇرغان ھور نان)، كاكچا [خوتەن] (نېپىز، چوڭ يېقىلغان بىر خىل نان)، ھور نان [ئاتۇش] (خېمىرنى نېپىز يېيىپ، قايماق سۇرتۇپ جىمبىلدا پىشۇرىدىغان بىر خىل نان)، ئاق نان [كۇچا] (نېپىز، ناھايىتى چوڭ يېقىلىدىغان نان)، توم نان [خوتەن] (سەل قېلىنراق، كىچىكرەك، مايسىز نان).

ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ ئېتىش ئۇسۇلى، تەمى ئۆزگىچە بولۇپ، نۇرغۇنلىرىنىڭ ئىسمىدىن يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى چىقىپلا تۇرىدۇ. مەسىلەن، مولوكوپ [كەلپىن] (كۆممىقوناق ئۇنىدا قىلغان بىر خىل تاماق، سۈيۇقئاشقا ئوخشايدۇ)، شۇڭگۇتماق [خوتەن] (قوناق ئۇنى سۈيۇق يۇغۇرۇلۇپ قايناۋاتقان سۇغا سىقىپ شۇڭغۇتۇلۇپ ئېتىلىدۇ، خېمىر ئالدىدا سۇنىڭ تېگىگە چۆكىدۇ، پىشقاندا لەيلەيدۇ، تاماقنىڭ ئىسمى شۇنىڭدىن كەلگەن)، سۇمۇلۇك [تۇرپان] (ئۇجمىنىڭ سۈيىنى قايىنىتىپ، بىر ئاز ئۇن سېلىپ چېلىپ پىشۇرۇلىدىغان، ھالۋىغا ئوخشاش تاماق)، شۇۋىگۇرۇش [تۇرپان] (خام قىيما قىلىپ سۈيىگە گۇرۇچ سېلىپ ئەتكەن سۈيۇق گۆشلۈك تاماق)، ھەپپەت [تۇرپان] (قىيمىنى مانتىغا ئوخشاش تۈگۈپ، سۇ قايناۋاتقان قازاننىڭ چۆرىسىگە چاپلاپ، ئاندىن دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇ تاماق مۆتىدىل بولۇپ، تەمى ياخشى. بەزى جايلاردا «ھەپەش»مۇ دەيدۇ)، يا: ما [تۇرپان] (بۇغداينى قول بىلەن ئېزىپ ئۇماچتەك قايىنىتىپ قىلىدىغان بىر خىل تاماق)، خولوپ ئاش ~ خالاپ ئاش [قەشقەر] (خېمىرنى يوغان - يوغان تاشلاپ ئېتىدىغان سۈيۇق ئاش)، سوقتا كۆمەچ [مەكىت] (ئىچىگە گۆش قىيما سېلىپ كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلغان يېمەكلىك)، شوخلا چۆپ [قەشقەر] (شوخلا ‹پەمىدۇر› سېلىپ ئېتىدىغان چۆپ)، شىلۋا ~ شىبۋە ~ گۈرۈز ~ ئاقئاش [ئاتۇش، ئاقساقمارال] (سۈت بىلەن ئەتكەن شويلا، ئالدى بىلەن گۈرۈچنى سۇدا سۈيۇق قىلىپ پىشۇرۇپ، ئاندىن پىشاي دېگەندە يېرىم چىنا قايمان سېلىپ دۈملەپ شويلىدەك بولغاندا يەيدۇ)، قايناتما [مارالۋېشى] (قايماقنى ئېلىۋالغان قېتىقنى قايىنىتىپ ئېتىلگەن بىر خىل يېمەكلىك)، كوچا [قەشقەر] (بۇغداي ياكى قوناق يارمىسىدىن تەييارلانغان سۈيۇق تاماق، بەزى جايلاردا «كۆجە» دېيىلىدۇ)، مۇنەك [ئاقساقمارال] (قىيما سالغان قوناق ئۇن چۆچۈرىسى)، ھاكىنەك [ئاقساقمارال] (بېلىقنىڭ يېغىغا ئۇن چېلىپ ئېتىدىغان بىر خىل تاماق)، ياشمان ~ يەژمەن [تۇرپان] (چۇچۇتۇلگەن ياغقا ئۇۋۇتۇلغان ناننى ئارىلاشتۇرۇپ قىلىنغان تاماق)، بارماق ئاش ~ يىمىرغاش [قۇمۇل] (قولداما)، ئاقبالداق [قەشقەر] (قازاندا قورۇپ پىشۇرۇلغان قوناق، قوماچ)، بەتتى پولا [مەكىت، كۇچا، لوپنور قاتارلىق جايلاردا] (ئۈستىگە سەي سالغان گۆشسىز پولو)، شوچا [قۇمۇل] (گۆش، كۆكتات، پىنتوزا قاتارلىق نەرسىلەرنى شورپىدا پىشۇرۇپ، دورا - دەرمەكلەرنى تېتىتىپ تەييارلىنىدۇ). ھىمرىق ئاش [قۇمۇل] (قولداما)، ياپما [قۇمۇل] (قورداقنىڭ ئۈستىگە پېتىر خېمىرنى يېپىپ دۈملەپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق).

يېمەك - ئىچمەككە ئائىت يۇقىرىقى دىئالېكت - شېۋە سۆزلىرىگە قارايدىغان بولساق، نۇرغۇن تاماق

تۇرلىرىنىڭ پەقەت شۇ جايدىلا مەۋجۇتلۇقىنى ياكى تەييارلاش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى، بەزى تاماقلارنىڭ ئوخشىمىغان جايلاردا ئوخشىمىغان نامدا ئاتىلىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بۇ سۆزلەر ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى يېمەكلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ياخشى خاتىرىسى سۈپىتىدە دىئالېكتلاردا ساقلىنىپ قالغان، بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى زور، پەقەت تەييارلاش ئۇسۇلى ياخشى ئىگىلىنىپ، كېڭەيتىلسىلا مىللىي يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە يېڭى مەزمۇن قوشقىلى بولىدۇ.

### 3. كىيىم - كېچەك ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ

كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى بىر مىللەت مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى، مىللەتلەر ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆزىگە خاس بولغان كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىقىنى ئىپادىلەپ كەلدى. بۇ خىل خاسلىق يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تىل بىلەن زىچ گىرەلىشىپ، تىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئۇنتۇلماي داۋاملاشتى. ئۇيغۇر كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمۇ ئۇزاق تارىخنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈردى، ھالبۇكى، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلىپ زامانىۋى تۈسكە ئىگە بولدى، نۇرغۇن ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلەر يوقىلىشقا باشلىدى. ئەمما ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرى تىلدا، جۈملىدىن ھەرقايسى دىئالېكت - شېۋىلەردە ساقلىنىپ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى مۇھىم ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

1) ھەرقايسى دىئالېكت - شېۋىلەردە ئەر - ئايالچە كىيىم - كېچەكلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن تۆۋەندىكىلەر بار: تىزلامچا [غۇلجا] (باغ باغلىغاندا بىر پۇتىغا كىيىلىدىغان بىر پۇشقاقلىق ئىشتان)، تىزلامچا [تۇرپان] (كونا زامانلاردا ئاياللارنىڭ تىزىغا كېلىدىغان پايپىقى)، شىلدىپ [غۇلجا] (ئۆسۈملۈكتىن ئىشلەنگەن يامغۇرلۇق يېپىنچا)، كۇرەك جۇۋا [غۇلجا] (تاشلانمىغان جۇۋا، ئۆلۈك جۇۋا)، جەژمەك [ئاقسۇ] (جىلىتكىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان قىشلىق كىيىم)، چاپپۇش [لوپنۇر] (قۇلاقچا، ئۇلپاق، تۆپىسى دۈگىلەك بىر خىل قىشلىق باش كىيىم)، داقۇ [لوپنۇر] (يۇڭسىز تېرىدە تىكىلگەن يەڭسىز جىلىتكە)، بېتىنكە [خوتەن] (بوغقۇچ ئارقىلىق چىگىدىغان ئاياغ)، پەيجەمبى [خوتەن] (تامبال)، تەلپەك [خوتەن] (قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن باش كىيىم)، تومچا كۆڭلەك [خوتەن] (ئەرەنچە كۆڭلەك)، چامچا [تۇرپان] (ئەرەنچە كۆينەك)، ئاغۋانا ياغلىق [قەشقەر] (ئاق شايىنى تۈگۈپ رەڭگە سالىدۇ، ئاق قالغان يېرىنى يەنە تۈگۈپ رەڭگە چىلىغاندا يەنە بىر خىل رەڭ ئالىدۇ، مۇشۇنداق ئىشلەنگەن ياغلىق ئاغۋانا ياغلىق دەپ ئاتىلىدۇ)، ئاق پېجە [قەشقەر] (پۇتنىڭ ئۇچى بىلەن تەڭ قىلىپ تىكىلگەن ئايالچە پېرىجە)، ئاق تۇماق [قەشقەر] (ئاق تېرىگە زەي تۇتۇپ تىكىلگەن تۇماق)، پەجەمبە [مەكىت] (ئايالچە ئىشتان)، سارىغۇچ [قەشقەر] (ئاياللارنىڭ روملىنىڭ بىر خىلى، لېچەكلىك رومال)، شىپرەك [ئۇستۇنئاتۇش] (ساپما ئاياغ ئورنىدا ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئاياغ، ساپما ئاياغ)، كالتىساق [قەشقەر] (قىسقا قونجىلىق ئاياغ)، مەغەمبە تۇماق [مەكىت] (يۇڭى ئىچىدە، ئاق تېرىسى تېشىدا تىكىلگەن تۇماق)، جاجازا [قۇمۇل] (پەشمەت، بىر خىل قىسقا چاپان)، جوگازا ~ جىگوزا [قۇمۇل] (چاپان)، چامچا [قۇمۇل] (ئۇزۇنراق كېلىدىغان يالاڭ يازلىق چاپان)، خە(ن)تەي [قۇمۇل] (ئەرلەر كۆڭلىكى)، موتۇرخەي [قۇمۇل] (ئۈستى كەشتىلىك، تېگى ياغاچتىن قىلىنغان خەي)، سكات ~ ۋاسكات [خوتەن] (ئاياللارنىڭ يەڭسىز جىلىتكىسى)، پەشمەت [تۇرپان] (كونا زاماندا ئاياللار كىيىدىغان ساپما يەڭ چاپان)، جەيمەك [تۇرپان] (كونا زامانلاردا ئاياللار كىيىدىغان يېڭى تۇتاش تىكىلگەن چاپان). كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەرقايسى جايلاردىكى كىشىلەر كىيىدىغان كىيىم - كېچەكلەرنىڭ پاسونى، شەكلى، ئىسمى خىلمۇخىل بولۇپ، بۇلاردىكى پەرق شۇ رايون كىشىلىرىنىڭ گۈزەللىك قارىشى، تۇرمۇش ئادىتى، شۇ رايوننىڭ ھاۋارايى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇلار كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ يەرلىك ۋارىيانتى سۈپىتىدە ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ياخشى نامايەندىسى بولالايدۇ.

2) دىئالېكت - شېۋىلەردە يەنە ھەر خىل زىبۇ - زىننەتلەرنى بىلدۈرىدىغان مۇنۇ سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز:

تۇغۇچەك [كۇچا] (خوتۇن - قىزلارنىڭ چاچلىرىغا ئۇلايدىغان جالاغا قادىلىدىغان كۈمۈش تەڭگە)، گويەك [ئاقسۇ قۇمباش] (چاچتەڭگە)، شەللەڭ گويەك [خوتەن] (چاچتەڭگە)، چانقا [ئاقساقمارال] (چاچتەڭگە، چاچقا ئاسىدىغان زىننەت بۇيۇمى)، سۆ: كە [قەشقەر] (ئاياللارنىڭ قۇلىقىغا ئاسىدىغان ھالقىنىڭ بىر خىلى)، سە(ر)گۇنچەك [قۇمۇل] (بۆكنىڭ زىننەتلىرى، چاچقا ئېسىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى)،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

موخازا [قۇمۇل] (دوپپىنىڭ ئالدىغا تاقايدىغان زىننەت بۇيۇمى) قاتارلىقلار. بۇ زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى باشقا كىيىم - كېچەكلەرگە قوشۇمچە ھالدا بەدەن گۈزەللىكىنى تېخىمۇ نامايان قىلىش رولىغا ئىگە بولۇپ، بۇلار پەقەت بىر زىننەت بۇيۇمى بولۇپلا قالماستىن، يەنە شۇ رايون كىشىلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئېستېتىكا قارىشىنىڭ نامايەندىسى. بىر رايوندا ئىشلىتىلگەن زىننەت بۇيۇملىرى يەنە بىر رايوندا يوق ياكى ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ، بۇ خىل پەرق ياكى ئۆزگىچىلىك يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى بەلگىسى بولالايدۇ.

3) كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم قىسمى كىيىم تىكىشتە ئىشلىتىلىدىغان رەخت قاتارلىق ماتېرىياللاردىكى ئالاھىدىلىك بولۇپ، ھەرقايسى دىئالېكت - شېۋىلەردە ئوخشىمىغان رەخت ئاتالغۇلىرى بار:

سۇپىتە [كۇچا] (پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ماتا، ماتانى ئىككى تاشنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سۇركەپ، مۆرە «شىرە»، سۈرگەندىن كېيىن ھەم سىلىق، ھەم زىچ، ھەم پارقىراق بولىدۇ. مۇشۇنداق ماتانى سۇپىتە دەپ ئاتايدۇ)، غەزنە [خوتەن] (سەيناقتىن چىققان يىپتىن توقۇلغان رەخت)، قىمرۇت [تۇرپان] (ھازىرقى شەنبىجىگە ئوخشايدىغان گۈللۈك رەخت)، تېرىكە [ئاتۇش] (زىغىر رەڭ يول باسقان ماتا)، شاتىۋا [ئاتۇش] (ئاق ماتادىن ياخشىراق، تېرىكە بىلەن ھەمزەكتىن ناچارراق بىر خىل تاۋار)، ھەمزەك [ئاتۇش] (ئېقىش كەلگەن ماتا)، خانەيچۇ [قۇمۇل] (بىر خىل يۇپقا يىپەك رەخت).

يۇقىرىقى سۆزلەردە يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. بۇلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇرۇندىنلا ماتا، تاۋار ۋە باشقا يىپەك رەختلەردىن كىيىم كىيىشكە ئادەتلەنگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

**4. مۇراسىم ئۆرپ - ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ**

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان دىنىي ئېتىقادى، تارىخىي كېلىپ چىقىشى تۈپەيلى ئوخشىمىغان مۇراسىم ئادەت - يوسۇنلىرى مەۋجۇت، بۇلاردىكى پەرق - ئۆزگىچىلىكلەر مەدەنىيەتنىڭ رەڭگارەڭلىكىنى ھاسىل قىلىدۇ. توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، ئۆلۈم - يىتىم قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇراسىم ۋە باشقا پائالىيەتلەردە ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىگە خاس ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئىگە، بۇ خىل مۇراسىم - ئادەتلەردىكى يەرلىك خاسلىقنى يەرلىك دىئالېكت - شېۋە سۆزلىرىدىن تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز.

**1) ئۆلۈم - يىتىم، نەزىر - چىراغقا ئائىت سۆزلەردىكى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلەر**

ئۆلۈم - يىتىم، نەزىر - چىراغ ئادىتى مىللىي ئۆرپ - ئادەتنىڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ، ئۇ بىر ئادەم ئۆلسە ئۇنى قانداق دەپنە قىلىش، قانداق مۇراسىم، نەزىر - چىراغلارنى ئۆتكۈزۈش، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھىنى قايسى خىل ئۇسۇلدا سېغىنىش قاتارلىق بىرقاتار تەرەپلەردىكى ئادەت - يوسۇنلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا بىر ئادەم قازا قىلسا دەرھال ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارغا ئۇقتۇرۇلىدۇ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانلار تېزدىن ئۆلۈم بولغان ئائىلىگە بېرىپ مېيىت ئىگىسىدىن ھال سورايدۇ، تەسەللىي بېرىدۇ، ئادەتتە ئۈنلۈك يىغا - زار قىلىش ياخشى ئەمەس دەپ قارىلىدۇ، مېيىتنى ئىمكانقەدەر تېز دەپنە قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، مېيىت نامىزى ئوقۇلۇشتىن ئىلگىرى مېيىت پاكىزە يۇيۇلۇپ، ئاق داكىدىن تىكىلگەن مەخسۇس كېپەنلىككە ئېلىنىدۇ. مېيىت نامىزى مەسچىتتە ئوقۇلىدۇ، نامازغا ئاڭلىغانلىكى بارلىق ئەرلەر خالىس قاتنىشىپ، ئىمامنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مېيىتنىڭ گۇناھىنى تىلەيدۇ. نامازدىن كېيىن جامائەت جىنازىنى تالىشىپ كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا بارىدۇ، مېيىت ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان گۆرگە بېشى شىمالغا، يۈزى قىبلىگە قارىتىلىپ كۆمۈلىدۇ. گۆر ئېغىزىنى ئەتكەندە يەتتە كەتمەن توپا تاشلاش، دۇئا - تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بولىدۇ. دەپنە قىلىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۈچ، يەتتە، يىگىرمە، قىرىق، يىل نەزىرى ۋە باشقا نەزىرلەر بېرىلىدۇ (بۇلارنىڭ كونكرېت ۋاقتى، ئۇسۇلى ھەر يەردە ھەر خىل بولىدۇ، شۇنداقلا باشقا ئىسلام ئەللىرىدىكىدىن زور پەرق قىلىدۇ). مانا بۇلار مىللىي ئۆرپ - ئادەتتىكى ئۆلۈم - يىتىمگە ئائىت قائىدىلەر بولۇپ، بۇلارنى بىز يەنە دىئالېكت - شېۋە سۆزلىرىدىن كۆرەلەيمىز. مەسىلەن، ئەرۋا ئېشى [غۇلجا] (نەزىر ئېشى، كوچىدا قويۇپ قويۇلىدۇ)، تەلە ئېشى [ئاقسۇ قارىتال] (ئۈچ نەزىرنى تەلە ئېشى دەيدۇ. ئادەم ئۆلگەن بىرىنچى كۈنى بىر تەلىسى دېيىلىدۇ، بۇ كۈنى ئۆلگۈچىنىڭ يېقىن تۇغقان، ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ قۇرئان ئوقۇپ قايتىپ كېلىدۇ؛ ئىككىنچى كۈنى ئىككى تەلىسى دېيىلىدۇ، رەسمىيىتى بىر تەلىسىگە ئوخشاش بولىدۇ؛ ئۈچىنچى كۈنى يەنى ئۈچ تەلىسىدە قەبرىستانلىققا چىقىپ قۇرئان ئوقۇپ كەلگەنلەرگە ئۆلۈم ئىگىسى تاماق بېرىدۇ، مانا بۇ تەلە ئېشى بولىدۇ). ئا: قا ئاش [خوتەن] (دەپنە كۈنى بېرىلگەن نەزىر)، ئەلەم ئەتمەك [مارالۋېشى] (پارچە رەخت پۇرۇچلىرىنى سۆگەت شېخىغا چىگىپ، ئۇنى

يەرلىككە سانجىپ قويماق) ، چاجۇپ [غۇلجا] (جىنازىغا جەسەتنى سالىدىغان تاختاي) ، تەرىت ئېشى [مەكىت] (ناماز كۈنى بېرىلىدىغان ئاش) قاتارلىقلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

**2) توي ـ تۆكۈنگە ئائىت سۆزلەردىكى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلەر**

توي ـ تۆكۈن ئادىتى قىز ـ يىگىت تاللاش، تويلۇق ئېلىش ـ بېرىش، مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، تويدىن كېيىن تەبرىكلەش قاتارلىقلاردىكى بىرقاتار ئادەت ـ يوسۇنلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ئادىتى ئۆزىگە خاس مەزمۇنغا، ئەنئەنىگە ئىگە، بۇ ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ مۇھىم قىسمى. بۇنى تۆۋەندىكى سۆزلەردىن كۆرەلەيمىز:

بوسۇت [غۇلجا] (تويدا كىشىلەر ئادىمىگەرچىلىك يۈزىسىدىن قويىدىغان سوۋغا ـ سالام) ، چىن قىچقىرىش [غۇلجا] (توي ئويۇنى، توي كۈنى تۆت ئاقباش خوتۇننىڭ گىلەمنىڭ تۆت ئۇچىنى تۇتۇپ، قىزنى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ، قوشاق ئېيتىپ، يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىشى) ، ھۇجرا كەپى [غۇلجا] (توي كۈنىنىڭ ئەتىسى قىز ۋە يىگىتنىڭ دوستلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان مەرىكە) ، باش ۋاقتى قىلماق [كەلپىن] (ياتلىق بولىدىغان قىزنى بولغۇسى قېيىنانىسى باش باقتۇرۇپ سىناپ كۆرىدۇ، بۇنى باش ۋاقتى قىلماق دەيدۇ) ، تويلاڭ [كەلپىن] (قىز كۆچۈرگەندە كىشىلەر «تويلاڭ» دەپ توۋلىشىدۇ) ، چاشۋاق توي [ئاقسۇ قۇمباش] (جۇۋان توي، تۇنجى تۇغۇتتىن تۇرغاندىن كېيىن، شۇ ئايالنىڭ ئانا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن توي. شۇ توي كۈنىدىن باشلاپ شۇ ئايالنىڭ ماڭلاي چېچى ئارقىغا تارىلىدۇ) ، چىقاتقىسى [كەلپىن] (توي بولغان قىزغا ئاتا ـ ئانىسى بېرىدىغان مال ـ مۈلۈك) ، قارا تاپشۇرماق [ئاقسۇ] (قىز تەرەپكە تويلۇق تاپشۇرماق) ، كۆ:سۈتكى [كەلپىن] (تويدا قىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا بېرىلىدىغان تىرىك مال) ، ھۇز ئاچقۇ [خوتەن] (قىز تەرەپتىن بېرىلگەن توي) ، ئاشسۇ [قەشقەر] (تويدا قىز تەرەپكە بېرىلىدىغان قوي، ماي، گۈرۈچ، ئوتۇن ـ ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەر) ، سېلىق [قۇمۇل] (يېڭى كەلگەن كېلىننىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان نەرسىلەر) .

يۇقىرىقى سۆزلەردىن تېخىمۇ ئېنىق بىلىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ توي ئادىتىدە ئالدى بىلەن ئوغۇل تەرەپ «باش ۋاقتى قىلماق» دېگەندەك تۈرلۈك ئاماللار بىلەن قىزنىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ئىگىلەپ، تويلاشماقچى بولغان قىزنى بېكىتىدۇ ۋە قىز تەرەپكە ئەلچى كىرگۈزىدۇ، قىز تەرەپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، قىز ئىگىسىگە تويدا كېتىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى تاپشۇرىدۇ. مەسىلەن، بۇنى كەلپىندە «كۆسۈتكى» ، ئاقسۇدا «قارا تاپشۇرماق» ، قەشقەردە «ئاشسۇ» دەيدۇ. توي مۇراسىمى بولغاندا قىز ـ ئوغۇل ئىككىلا تەرەپ مېھمان چاقىرىدۇ، مېھمانلار تويىنى مۇبارەكلەپ سوۋغا ـ سالام بېرىشىدۇ. مەسىلەن، بۇنى غۇلجىدا «بۇسۇت» دەيدۇ. توي كۆچۈرگەندە كىشىلەر «تويلاڭ» ، «يىغلىماڭ قىز توييىڭىز بولدى» دېگەندەك ناخشىلارنى توۋلىشىدۇ، ئوخشىمىغان جايلاردا توي كۈنى «چىن قىچقىرىش» ، «ھۇجرا كەپى» دېگەندەك ناخشىلارنى توۋلىشىدۇ، ئوخشىمىغان جايلاردا توي كۈنى «چىن قىچقىرىش» ، «ھۇجرا كەپى» دېگەندەك ئوخشىمىغان نام ۋە شەكىلدىكى ئويۇن، تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزىدۇ. قىز ـ ئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يېڭى ئەر ـ خوتۇنلارغا سوۋغا بېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلاردا توي «قىز تويى» ، «جۇۋان تويى» دەپ نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ، بۇلارنىڭ شەكلى، مەزمۇنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

**3) باشقا مۇراسىملارغا ئائىت سۆزلەردىكى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلەر**

ئۇيغۇرلاردا ئادەتتىكى تويدىن باشقا يەنە نۇرغۇن توي، مۇراسىم پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزىلىدۇ، بۇلاردىمۇ ئۆزگىچە ئادەت ـ يوسۇنلار مەۋجۇت بولۇپ، مۇھىم مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ھەرقايسى دىئالېكت ـ شېۋىلەردە بۇ توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر بار:

ئانىلار چېيى [غۇلجا] (ئېغىر ئاياغ خوتۇنلار بوشىنىش ئالدىدا بېرىلىدىغان چاي) ، ئات چېيى [غۇلجا] (بوۋاقلارغا ئات قويۇش شەرىپىگە بېرىلىدىغان زىياپەت) ، ئېغىزلاندۇرماق [جەنۇبىي شىنجاڭ] (يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئاغزىغا ئازراق تاتلىق يېمەكلىك سېلىپ قويۇش. بۇ ئىشنى ئادەتتە ئىشچان، كەمسۆز ئادەملەرگە قىلدۇرىدۇ) ، چۆچقار [لوپنور] (خاماندا بۇغداي ئورۇشنىڭ ئالدىدا قوي سويۇپ ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل مۇراسىم) ، ھۇز ئاچقۇ [ئاقساقمارال] (جۇۋان تويى، ئاياللار بىر ـ ئىككى بالا كۆرگەندە قىلىدۇ، چېچىنى جۇۋانچە تارايدۇ، يۈزىنى ئالىدۇ) ، بېزىندە [تۇرپان] (بوۋاقلارنى بۆشۈككە تاڭغاندا قورساق ۋە پۇتلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئوراپ ئۈستىدىكى ياغاچقا چىگىدۇ. ئۇچىغا يىپ بېكىتىلگەن، باغلاشقا ئىشلىتىلىدىغان نەرسە بېزىندە دېيىلىدۇ) ، بوي سالماق [ئاقساقمارال] (چەشلەپ بولغان بۇغداينى قوي ماي بىلەن ئۇچۇغلاش. بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: قوي مېيىدىن ئازراقنى كەتمەنگە قويۇپ ئوتتا قىزىتىدۇ، ئاندىن ئۇنى

كۆتۈرۈپ چەشلىنىپ بولغان بۇغداي دۆۋىسىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ، ئاندىن تاغارغا قاچىلاشقا باشلايدۇ). بۇلارغا ئاساسەن، مۇراسىم ئادەتلىرىمىزدىكى نۇرغۇن ئۆزگىچە مەدەنىيىتىمىزنى ھېس قىلالايمىز. مەسىلەن، بوۋاقلار تۇغۇلۇپ بەلگىلىك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن «ئات قويۇش» مۇراسىمى بولىدۇ، بۇ مۇراسىمنى غۇلجىدا «ئات چېيى»، باشقا جايلاردا «ئات تويى»، «مەرىكە» دېگەندەك ئاتىشىدۇ، ئەمما مۇراسىمنىڭ ۋاقتى، شەكلى جايلار ئارا پەرقلىنىدۇ. يەنە «بۆشۈك تويى»، «خەتنە تويى» قاتارلىق توي ئادەتلىرى بار، بۇنىڭ ئىچىگىمۇ نۇرغۇن مەدەنىيەت مەزمۇنى سىڭگەن بولىدۇ. ھەتتا بەزى جايلاردا مول - ھوسۇلنى تەبرىكلەش، تەگىرىدىن توق - ئاسايىشلىقنى تىلەش مەزمۇنىدىكى بەزى ئەنئەنىۋى مۇراسىملار ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئاقساقاللاردىكى «توي سېلىش» مۇراسىمىنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

دېمەك، مەدەنىيەت تىل بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تىلدىكى ھەربىر سۆز - ئاتالغۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بەلگىلىك مەدەنىيەتنىڭ مۇجەسسەمى، ئۇنىڭغا نۇرغۇن مەدەنىيەت مەزمۇنى سىڭگەن، شۇڭا تىلدىكى سۆزلۈكلەر، بولۇپمۇ دىئالېكت - شېۋە سۆزلۈكلىرى ئارقىلىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ئۇچۇرغا ئېرىشكىلى ۋە ئۇنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ. يۇقىرىدا پەقەت ھەرقايسى دىئالېكت - شېۋىلەردىكى بىر قىسىم سۆزلەر ئۇمۇمىي نۇقتىدىن تەھلىل قىلىندى. ئەلۋەتتە، بۇلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنىڭ كىچىككىنە كارتىنىسىدىنلا ئىبارەت. يەنە نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى تىل بىلەن گىرەلەشتۈرۈلگەن ھالدا ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تېخىمۇ ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتمەكتە.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

5. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسى»، قۇمۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى، 1997 - يىل 8 - ئاي، 1 - نەشرى.
6. مىرسۇلتان ئوسمانوپ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 - يىل 6 - ئاي، 1 - نەشرى.
7. غولام غوپۇرى: «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل 1 - ئاي، 1 - نەشرى.
8. ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
9. «تىل ۋە تەرجىمە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللاردىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

2005 ـ يىلى 12 ـ ئاي  شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)  26 ـ يىللىق 4 ـ سان
第 26 卷第 4 期  新疆大学学报(哲学社会科学维文版)  2005 年 12 月

# ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ پەرقى ھەققىدە مۇھاكىمە

ئوسمان ئىسمايىل تارىم*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە بىلەن رىۋايەتتىن ئىبارەت ئىككى ژانىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى، بىر ـ بىرىدىن پەرقى ۋە ئۆزئارا باغلىنىشلىرى ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**:本文深入分析民间口头文学中的神话与传说这两种文学体裁各自的特点、相互区别与联系。

**Abstract**: This article mainly analyses the characteristics, the differences, the relationship between two literary forms —myth in oral literature and legend.

مەلۇمكى، بارلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئىككى ژانىر دەپ قارايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ مەنىسى ۋە دائىرىسىگە بولغان چۈشەنچىسى ئوخشىمىغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ ئىككى ژانىرنى ئايرىش ئۆلچىمى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. يەنە كېلىپ بۇ ئىككى ژانىرنىڭ پەرقى توغرىسىدا ئومۇمىي جەھەتتىن بىر دەك پىكىرگە ئىگە بولغان كىشىلەرمۇ كونكرېت ئىش يۈزىگە كەلگەندە، يەنى مەلۇم بىر ئەسەرنى زادى ئەپسانە دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەكمۇ ياكى رىۋايەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە كەلگەندە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان يولنى تۇتىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا بۇنداق ئاۋارىچىلىقتىن قېچىپ، «ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئېنىق ئايرىغىلى بولمايدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىپلا ئىشنى بولدى قىلىدۇ. بىزنىڭچە، بۇ ئىلمىي ئۇسۇل ئەمەس.

ئەپسانە بىلەن رىۋايەت ئوخشىمىغان ئىككى ژانىر دەپ قارالغان ئىكەن، ئۇنداقتا بىز چوقۇم بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى ئېنىقلاپ، مۇقىم ئۆلچەم بېكىتىپ چىقىشىمىز كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئەپسانە بىلەن رىۋايەت ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئوخشۇشلۇق تۈرلەرگە ئايرىپ چىقالايمىز ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا تەتقىق قىلالايمىز.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئەپسانە بىلەن رىۋايەت تۆۋەندىكى تەرەپلەردە بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلىدۇ:

1. مەزمۇن جەھەتتە: ئەپسانە ئىپتىدائىي ئانىمىزملىق دۇنيا قاراش ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىلا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. مەلۇمكى، جاھالەت (نادانلىق) دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي پەلسەپىۋى كۆزقارىشى «ھەممە شەيئىلەردە روھ بولىدۇ» دەيدىغان ئانىمىزملىق كۆز قاراش ئىدى. بۇ كۆزقاراش بويىچە ئېيتقاندا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق شەيئىلەر خۇددى ئىنسانغا ئوخشاش تەپەككۇر ـ ھېسسىياتقا ئىگە، ئۇلار ئىنسانغا ئوخشاش خۇشال بولالايدۇ، غەزەپلىنەلەيدۇ، پەرھىز تۇتىدۇ. . . ۋەھاكازا. بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن، ئۆزىنى تەبىئەت دۇنياسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ قاراشنى تېخى بىلمىگەن ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ بۇنداق كۆزقاراشقا ئىگە بولۇشى ھەرگىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى، سوغۇق ۋە ئىسسىق ھاۋا

* ئوسمان ئىسمايىل تارىم: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور. 830046

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېقىمى، ھەرقايسى پەسىللەر ئېلىپ كەلگەن كائىناتتىكى زور ئۆزگىرىشلەر، چاقماق، گۈلدۈرماما، بوران - يامغۇر، قار، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ۋە يەر تەۋرەش ھادىسىلىرى ئۆز ۋاقتى ئۇچۇن ئاجايىپ سىرلىق تېپىشماقلار بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى گاڭگىرىتىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا جېنى ۋە روھىي بار نەرسە دەپ تونۇغان. يەنە كېلىپ ئىپتىدائىي ئىنسانلار بەزى تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكى ئالدىدا بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغاچقا، ئۇلارنى ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان ۋە بىر خىل سىرلىق ئىلاھىي كۈچ - قۇدرەت بۇ خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، باشقۇرۇپ تۇرىدۇ دەپ قارىغان. مانا بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قارىشى. بۇ خىل دۇنيا قاراش بارلىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئىنسانلاشتۇرۇپ ۋە ئاجايىپ - غارايىپلاشتۇرۇپ (ئىلاھلاشتۇرۇپ) ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قارىشى ئىپتىدائىي دىنىنى پەيدا قىلغان. چۈنكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئانىمىزملىق كۆزقاراش بويىچە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۇنى كونترول قىلىش ۋە بويسۇندۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئويلىغان. شۇنداق قىلىپ خىلمۇخىل مەۋجۇداتلارغا يېلىنىپ ۋە ئىلتىجا قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا تەسىر كۆرسىتىشنى مەخسەت قىلغان ئەپسۇن، تىلاۋەت، پېرىخونلۇق، سېھىرگەرلىك، قۇربانلىق، پەرھىز، پال قاتارلىقلار مەيدانغا كەلگەن. مانا بۇلار ھازىرقى زامان كىشىلىرى تەرىپىدىن ئىپتىدائىي دىن دەپ ئاتالدى.

ئىپتىدائىي دۇنيا قاراش يەنە ئەپسانىلەرنى پەيدا قىلغان. چۈنكى ئىپتىدائىي دۇنيا قاراش ئەپسانىلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىندى، گەۋدىلەندى ۋە كونكرېتلاشتى. ئەپسانە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى بولغان ئانىمىزمنى كونكرېت، جانلىق ۋە ئوبرازلىق شەرھلەپ بەردى. شۇڭا ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي پەلسەپىنىڭ مۇقەددەس كىتابىغا ئايلىنىپ قالدى.

دېمەك، ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي دۇنيا قاراشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، ماددىلىشىشى، تاشقى كۆرۈنۈشى، ئوبرازلىق شەكلىدۇر. ئۇ يەنە ئىپتىدائىي دىن بىلەن قوشكېزەك ئاچا - سىڭىللاردۇر. چۈنكى ئەپسانە بىلەن ئىپتىدائىي دىنىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئانىمىزمدىن ئىبارەت ئىپتىدائىي پەلسەپىنى مەنبە قىلغان. شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەت بار. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى «تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي دۇنيا ھەر خىل ئىلاھىي روھلارنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ ئىككىسى يەنە پەرقلىنىدۇ. تۈپ پەرقى شۇكى، ئىپتىدائىي دىن تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەرنىڭ روھىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى كونترول قىلىش مەقسىتىدە ھەر خىل ھەرىكەت ۋە پائالىيەت (مۇراسىم) ئېلىپ بارىدۇ. ئەپسانىلەر بولسا تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي دۇنيانى (ئاساسلىقى تەبىئەت دۇنياسىنى) ئانىمىزملىق كۆزقاراش بويىچە شەرھلەيدۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى، سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرىشكە ئۇرۇنىدۇ. شۇڭا بىز ھەرقانداق ئەپسانىدە كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنىڭ سىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: قەدىمكى گىرېكلەرنىڭ ئولىمپېس تېغىدىكى ئون ئىككى ئىلاھ، خەنزۇلارنىڭ پەنگو، نۈيۋا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇماي، ئاسمان تەڭرىسى (كۆك تەڭرى) ۋە يەر - سۇ تەڭرىسى توغرىسىدىكى ئەپسانىلىرىدە ئاسمان، زېمىن، كۈن، ئاي، تۇپراق، سۇ، ئىنسان، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، بوران، شامال، قار، يامغۇردىن تارتىپ كىشىلەر تۇرمۇشىدىكى مال - دۇنيا، ئەقىل - پاراسەت، بەخت - تەلەي، مۇھەببەت ۋە نەپرەت، خۇشاللىق ۋە خاپىلىق، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھادىسىلىرىگىچە ھەممىسى ئىزاھلانغان يەنى بۇ خىل شەيئىلەرنىڭ نەدىن ۋە قانداق قىلىپ پەيدا بولغانلىقى چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن. مانا بۇ ئەپسانىلەرنىڭ تۈپ مەزمۇنى.

رىۋايەتلەرگە كەلسەك، ئۇ مەلۇم مىللەت ۋە رايون تارىخىنى ماتېرىيال قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقان ئالاھىدە شەخسلەرنى مەدھىيىلەيدۇ. ئەڭ دەسلەپكى رىۋايەتلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى مەيدانغا كەلدى (ئالدى بىلەن چارۋىچىلىق بىلەن يېزا ئىگىلىكى، ئاندىن يېزا ئىگىلىكى بىلەن قول سانائەت ئايرىلىپ چىقتى)، تاۋار ئالماشتۇرۇش كېلىپ چىقتى، ئارتۇقچە مەھسۇلاتلار پەيدا بولدى، خۇسۇسى ئىگىدارچىلىق كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ئارتۇقچە مەھسۇلات ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى تالىشىش مەقسىتىدىكى ئۇرۇش ۋە بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئادەتتىكى ئىشقا

ئايلىنىپ قالدى. ئەمدىلىكتە قەبىلە باشلىقى كىشىلەرنىڭ ھەربىي قوماندانىغا ئايلاندى. ئائىلىق ئورۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا ئاتىلىق ئورۇقداشلىق تۈزۈمى دەسسىتىلدى.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرى مەيدانغا كەلگەن بۇ خىل زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەر كىشىلەرنىڭ تارىختا كۆڭۈل بۆلۈش ئىستىكىنى كۈچەيتىۋەتتى. كىشىلەر ئەمدى ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن كۆرە، زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى، بۇ خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ نېمە ۋە قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزدى. ئەمما، ئۆز ۋاقتىدىكى شارائىت ئاستىدا بۇ خىل تارىخىي ھادىسىلەرنى ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈرۈش ۋە يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي ھالدا ئاغزاكى بايان (ھېكايە) شەكلى ئارقىلىق تارىخنى ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىشى بويىچە قايتا ئىپادە قىلدى ۋە چۈشەندۈردى. دېمەك، بىز ئەپسانىلەرنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىشكە ۋە ئۇنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىشىدىن پەيدا بولغان دېسەك، ئۇ ھالدا رىۋايەتلەر ئىنسانلارنىڭ زور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ۋە ئۇنى ئىپادە قىلىش ئارزۇلىرىدىن پەيدا بولغان. شۇڭا رىۋايەتلەر «تارىخنىڭ كۆلەڭگىسى، ئۆتمۈشنىڭ ساداسى»، بۇرۇن يۈز بەرگەن مەلۇم ئىشلارنىڭ ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى مۇبالىغىلاشقان ئىپادىسىدۇر. مانا بۇ ھال رىۋايەتلەردە گەرچە توقۇلما تەركىبلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يەنىلا رېئال تارىخىي ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىزنىڭ بۇ يەردە رىۋايەتلەر تارىخنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ دېگەنلىكىمىز ھەرگىزمۇ ئەپسانىلەر تارىخنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ دېگەنلىكىمىز ئەمەس. «تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈش» دېگەن ئىبارىنى ئىككى خىل مەنىدە چۈشىنىش مۇمكىن. بىرى، كەڭ مەنىدىكى «تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈش» بولۇپ، بۇ مەنىدىن ئالغاندا، بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى بەلگىلىك دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دائىرىسىدىن ئالساق، ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، قوشاق، ماقال ـ تەمسىل، داستان قاتارلىق ژانىرلارنىڭ ھەممىسى تارىخىيلىققا ئىگە بولىدۇ. ئىككىنچى، تار مەنىدىكى «تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈش» بولۇپ، ئۇ ئەمەلىي تارىخىي پاكىتلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە قارىتىلغان. ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئېپوس، تارىخىي قوشاق ۋە رىۋايەتلەرلا مانا شۇنداق خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. رىۋايەتتىكى باش قەھرىمانلارنىڭ كۆپچىلىكى تارىختا ھەقىقىي يوسۇندا ياشاپ ئۆتكەن رېئال شەخسلەردۇر. رىۋايەتلەر مەلۇم ئەمەلىي ۋەقەلەر بىلەن باغلىنىدۇ ۋە ئۇنى بىۋاسىتە بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا تارىختىكى بەزى ئىشلارنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈش ۋە ئىسپاتلاشلاردا ئۇ بىر خىل ماتېرىيال سۈپىتىدە خىزمەت قىلالايدۇ. مەسىلەن: «بۆكۈخان رىۋايىتى» ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئۆز خانلىقلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. «كۆچ» رىۋايىتى بولسا مىلادى IX ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەر خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن ئىبارەت زور تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. تۇمارىس، شىراق، ئوغۇزخان، سۇتۇق بۇغراخان، مەھمۇد قەشقىرى، ئامانىساخان، ئەلشىر نەۋائى، سادىر پالۋان قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر خاقانلار، قەھرىمانلار، مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقۇچى ئالىملار، سەنئەتكارلار، فېئودالىزم تۈزۈمىگە قارشى ئىسيانكار شەخسلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

رىۋايەتلەر ئىچىدە رېئال تارىخىي شەخس ۋە تارىخىي ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ھېكايىلەردىن باشقا يەنە مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ، مەلۇم جايدىكى قەلئە ـ قورۇلۇشلارنىڭ، تاغ ـ دەريالارنىڭ، جاي ناملىرىنىڭ، ھۈنەر ـ بىلىم ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن ھېكايىلەر بار. مەسىلەن، خەلقىمىز ئىچىدە ئۇيغۇر، قىپچاق، قارلۇق، قاڭقىل قاتارلىق مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەر، كېتىك شەھىرى، قىزىل مىڭ ئۆيى، قىزىل قاغا تۇرمۇنارى قاتارلىق قەلئە ـ قورۇلۇشلار، ئاقسۇ، خوتەن، يەركەنت قاتارلىق جايلار، ئالتۇنقان، زەرەپشان، تارىم قاتارلىق تاغ ـ دەريالار، گىلەمچىلىك، پىلىچىلىك، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق قاتارلىق ھەرخىل ھۈنەر ـ كەسىپلەر توغرىسىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايىلەر تارقالغان. بۇ خىل ھېكايىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرگە ياكى مەلۇم تارىخىي ۋەقەلەرگە باغلىنىدۇ، يەنە بەزىلىرى گەرچە ھېچقانداق تارىخىي پاكىتلارغا باغلانمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۇيغۇرلار ياراتقان مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەچكە ۋە بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزى بىر خىل تارىخىي پاكىت سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، بۇنداق ھېكايىلەرمۇ ئوخشاشلا رىۋايەتنىڭ تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت تۈپ

www.uyghurkitap.com

خاراكتېرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلارغىمۇ ئوخشاشلا رىۋايەت سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

2. ئوبراز جەھەتتە: ئەپسانىلەر مەركەزلىك ھالدا ئىلاھلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدا تەبىئەت ۋە جەمئىيەت كۈچلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلاھىي قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بىز بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان «ئىلاھ» كېيىنكى سۈنئىي دىنلاردىكى مۇقەددەس يەككە ئىلاھ (ئاللاھ، يەھۋە) دىن پەرقلىق بولۇپ، بىر ئاز كەڭرەك مەنىگە ئىگە. ئۇنى ئۇيغۇر تىلىدىكى «روھ»، «ئەرۋاھ»، «مۇئەككەل» دېگەن سۆزلەر بىلەن تەڭداش مەنىدە چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەڭ دەسلەپ تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل نەرسىلەرنىڭ روھى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇقۇم ئىدى. بىز يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئىپتىدائىي ئىنسانلار دەسلەپ ھەممە نەرسىنىڭ روھى بولىدۇ دەپ چۈشەنگەن. كېيىن ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان زور ۋە ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ مەسىلەن، قۇياش، ئاي، تۇپراق، سۇ، تاغ قاتارلىقلارنىڭ «روھى» ئاستا - ئاستا مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈپ، ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن، شۇنداقلا بۇ خىل «روھلار» باشقۇرۇپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ قۇدرەتلىكلىكى ۋە ئىنسانلار ھاياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئاساسەن، ئۇلار قورقۇنچلۇق ۋە ھەيۋەتلىك قىياپەتكە ئىگە قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئادەمدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ، يېڭىلمەس كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئىلاھلارغا ئايلىنىپ كەتكەن. تەبىئەت دۇنياسىدىكى باشقا ئادەتتىكى نەرسىلەر (ئىنسانلار تۇرمۇشىغا بىۋاستە پايدا - زىيان كەلتۈرەلمەيدىغان نەرسىلەر) نىڭ «روھى» بولسا ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمىگەن.

ئەپسانىلەردە بايان قىلىنىدىغىنى شۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ «روھ - ئەرۋاھلىرى» دىن تەرەققىي قىلىپ ۋە بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ (مۇقەددەسلىشىپ) كەلگەن ئىلاھلاردۇر. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھەرخىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئەنە شۇ ئىلاھلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ خىل شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇش ۋە ئۆزگىرىش سەۋەبلىرىنى ئەنە شۇ شەيئىلەرنىڭ «مۇقەددەس روھى»، يەنە «ئىلاھلىرى» غا باغلاپ ئىزاھلىغان. مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى يىزۇ، بەيزۇ، مياۋزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ، خەنزۇلارنىڭ ۋە يۇنان، رىم، مىسىر، ھىندى ئەپسانىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلاھلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەر بولۇپ، ئۇلاردا ئىلاھلار باش قەھرىمان قىلىنغان. يۇنان ئەپسانىلىرىدە گۈلدۈرماما ۋە چاقماق ھادىسىسى زېۋسنىڭ، دېڭىز ۋە دەريالار پوسېيدوننىڭ، قۇياشنىڭ ھەرىكىتى ئاپوللونىڭ، ئوت - يالقۇن ھېفېستاسنىڭ، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراستى ئاتىنانىڭ، سىرلىق مۇھەببەت تۇيغۇسى ئافرودىتىنىڭ، ئۇۋچىلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارتېمىسنىڭ كارامىتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. خەنزۇ ئەپسانىلىرىدىكى پەنگو ئاسمان - زېمىننى ياراتقان، نۈيۋا ئادىمىزاتنى بەرپا قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئىككى ياراتقۇچى كۈچ ئەپسانىلىرىدىكى خىلمۇخىل تەڭرىلەر ۋە ئۆلگىن، ئوماي، ئەسما پەرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ باش قەھرىمانلىرىمۇ ئوخشاشلا ئىلاھلاردۇر.

رىۋايەتلەر بولسا تارىختا ئۆتكەن رېئال مەۋجۇت شەخسلەرنى مەسىلەن، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچىلارنى، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى، مىللىي قەھرىمانلارنى بايان قىلىش ئوبيېكتى قىلىدۇ. گەرچە بۇ خىل قەھرىمانلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتى ئىلاھلاشتۇرۇلۇش ۋە غايىۋىلاشتۇرۇلۇش ئارقىلىق ئادەمدىن ھالقىپ كەتكەن خاراكتېرگە ئىگە قىلىنىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم تارىخىي شەخسلەرنى ئاساس قىلىپ، بەدىئىي يوسۇندا پىششىقلاپ ئىشلەنگەندۇر. شۇڭا ئۇ ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلاردىن پەرقلىق ھالدا ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىگە روشەن ھالدا يېقىن كېلىدۇ. رىۋايەتلەردىكى ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلىرى بارغانسېرى مىللىي ۋە يەرلىك تۈسكە، ئېنىق زامان ۋە ماكانغا ئىگە بولىدۇ.

دېمەك، ئەپسانىلەردە تەبىئەتنىڭ ئەمەلىي كۈچىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىلاھلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى بايان قىلىناتتى. رىۋايەتلەردە بولسا ئادىمىي خاراكتېردىن ھالقىپ كەتكەن قەھرىمانلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدى ۋە ئۇلارغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇلدى. بۇ قەھرىمان پېرسوناژلار بىر تەرەپتىن، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا ئىگە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەتتىكى كىشىلەردىن يۇقىرى بولغان كۈچ - قۇدرەت ۋە ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە. بۇ خىل ئەھۋالمۇ ئۆز ۋاقتىدىكى جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئەپسانىلەر دەۋرىدە (ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا) شەخسنىڭ كۈچى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. رىۋايەت دەۋرىگە (ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىغا) كەلگەندە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەخسنىڭ كۈچ - قۇدرىتى

ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى زور دەرىجىدە جارى قىلىنىپ، ئۇنىڭ رولى بارغانسېرى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. ئەمدىلىكتە كوللېكتىپ ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى شەخسلەرنىڭ كۈچى ئارقىلىق كۆرەلەيدىغان ۋە نامايان قىلالايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئايرىم چىداملىق، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە باتۇر شەخسلەرنىڭ كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قىلغان كۆرەشلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى ۋە بۇ ئارقىلىق باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش مەقسىتىدە پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى مانا شۇ شەخسلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى. شۇنىڭ بىلەن رىۋايەتلەردىكى ئادەتتىن تاشقىرى قەھرىمانلار مەيدانغا كەلدى. دېمەك، ئەپسانىلەر «ئىلاھلار دۇنياسى» بولسا، رىۋايەتلەر «قەھرىمانلار دۇنياسى» دۇر.

3. دەۋر جەھەتتە: ئەپسانىلەر پەقەت ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭلا مەھسۇلى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ باشلانغۇچ تەپەككۇرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭلاشقا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش قابىلىيىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە ۋە دۇنيانى ئىلمىي يوسۇندا بىلىشكە باشلىغاندا ئەپسانىلەر قايتا پەيدا بولالمىغان ۋە ئاستا ـ ئاستا يوقىلىشقا يۈز تۇتقان.

رىۋايەتلەر بولسا فانتازىيىنى بىر خىل بەدىئىي ۋاسىتە سۈپىتىدە قوللانغانلىقتىن ۋە تارىخنى ئاڭلىق، مەقسەتلىك يوسۇندا پىششىقلاپ ئىشلىگەنلىكتىن، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە كىشىلەر دۇنيا قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ داۋاملىق پەيدا بولۇپ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرغان. دەرۋەقە، رىۋايەتلەر ئەپسانىلەرنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن. بولۇپمۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدا مەيدانغا كەلگەن رىۋايەتلەرنىڭ ئەپسانىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ. بىراق بۇ ئىككىسىنىڭ پەيدا بولۇش زۆرۈرىيىتى ئوخشاشمايدۇ. ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى بىلىش ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى — ئانىمىزم. رىۋايەت بولسا كىشىلەرنىڭ زور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ۋە ئۇنى ئىپادە قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان. شۇڭا ئۇنىڭدا گەرچە فانتازىيە بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل فانتازىيە ئەپسانىلەردىكى فانتازىيە بىلەن ئوخشاشمايدۇ، ئۇ فانتازىيە شەكلى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تارىخنى بەدىئىي يوسۇندا پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ. رىۋايەتنىڭ ئىجادچىلىرى ھەقىقىي تارىخىي ۋەقە ۋە ئالاھىدە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىشلىرىدىن بىر قىسمىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ۋەقە ۋە شەخسلەرگە بولغان پوزىتسىيىسى، تونۇشى ۋە تەسەۋۋۇرى ئاساسىدا كۆپتۈرۈپ، قويۇق فانتازىيە تۈسىگە ئىگە بولغان ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىدۇ. دېمەك، ئەپسانىلەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئانىمىزم ۋە توتېمىزم قاتارلىق ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەر ئارقىلىق ئاڭسىز ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شەكلى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەرنىڭ يوقىلىشى بىلەن قايتا پەيدا بولالمىدى. رىۋايەتلەر بولسا فانتازىيىنى ئاڭلىق ھالدا بىر خىل بەدىئىي ۋاسىتە سۈپىتىدە قوللىنىپ، قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى مانا شۇ فانتازىيە بىلەن ئېچىپ بەردى. شۇڭلاشقا رىۋايەتلەر يوقىلىپ كەتمەستىن، ئۇزاق فېئوداللىزم جەمئىيىتىدە داۋاملىق پەيدا بولۇپ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇردى.

يۇقىرىدا بىز ئەپسانىلەردە ئىلاھلار باش قەھرىمان قىلىنىدۇ دېدۇق. بىزنىڭ بۇ ھۆكۈمىمىز ھايۋانلارنى ۋە دەل ـ دەرەخلەرنى باش قەھرىمان قىلىدىغان بىر قىسىم توتېم ھېكايىلىرىغا زىت كەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆرە توتېمى ۋە دەرەخ توتېمى ھەققىدىكى ھېكايىلەر كەڭ تارقالغان. بۇ خىل ھېكايىلەرمۇ ئەپسانىلەرگە كىرىدۇ. چۈنكى بىرىنچىدىن، بۇ خىل ھېكايىلەردە بايان قىلىنىدىغان ھايۋانات ۋە دەل ـ دەرەخ چۆپچەك، رىۋايەت ۋە مەسەللەردىكى ئادەملەشتۈرۈلگەن ھايۋانات ۋە ئادەملەشتۈرۈلگەن دەرەخ بولماستىن، بەلكى ئۇ بىر خىل ئىلاھىي تۈس ئالغان، توتېم ھېسابلانغان ئېتىقاد ئوبيېكتىدۇر. ھايۋانات ۋە دەل ـ دەرەختە ئېتىقاد قىلىش ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولغان تەبىئەتتىن يىغىپ ـ توپلاش باسقۇچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ باسقۇچتا ئىنسانلار پەقەت ئوۋغەنىيمەتلىرىگە ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىگە تايىنىپ ياشىغاچقا، دەل ـ دەرەخ ۋە ھايۋانلار ئىنسانلار ھاياتىنىڭ تۈپ كاپالىتى بولۇپ قالغان. شۇڭا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھايۋانات ۋە دەل ـ دەرەخنى قەدىرلىگەن ۋە ئۇلۇغلىغان، شۇنداقلا بارا ـ بارا ئۇنى ئۆزلىرىگە ھاياتلىق ئاتا قىلغان «توتېم» ھېسابلاپ چوقۇنۇشقا باشلىغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە بۇ خىل نەرسىلەر ئىنسانلاردىنمۇ زور كۈچ ـ قۇدرەتلىك، ھەتتا ئىنسانلارنى ياراتقۇچى ئىلاھ ھېسابلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سىرلىق كارامىتى تەسەۋۋۇر قىلىنىپ، قىزىقارلىق ھېكايىلەر توقۇپ چىقىلغان. دېمەك، بۇ خىلدىكى ھېكايىلەر قارىماققا ئادەتتىكى ھايۋان ۋە دەل ـ دەرەخ توغرىسىدىكى ھېكايىلەردەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ئىلاھلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەردۇر. ئىككىنچىدىن، توتېم ھېكايىلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەزمۇنى — مەلۇم ئىجتىمائىي توپنىڭ يىلتىزىنى تەبىئەتتىكى هايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكنىڭ مۇقەددەس روهىدىن ئىزدەشتىن ئىبارەت. بۇ يەنىلا ئانىمىزملىق كۆزقاراشنىڭ باشقا بىر خىل ئىپادىلىنىشى ۋە كونكرېتلىشىشىدۇر. شۇڭا توتېم هېكايىلىرىنىڭ مەزمۇنى بىز يۇقىرىدا ئېيتقان ئەپسانىلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن (تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي هادىسىلەرنى ئانىمىزملىق كۆزقاراش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش بىلەن) تامامەن بىردەكلىككە ئىگە. شۇڭا بىز توتېم هېكايىلىرىنىمۇ ئەپسانىلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىمىز.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئومۇمەن ئىلاهلار (تەڭرىلەر) نىڭ هەر خىل ئىش - پائالىيەتلىرى هەققىدىكى هېكايىلەر «ئەپسانە» دېيىلىدۇ. باشقا خەلق هېكايىلىرى مەسىلەن، تارىخىي شەخس ۋە تارىخىي ۋەقەلەر هەققىدىكى فانتازىيىلىك هېكايىلەر، مۇهەببەت قىسسىلىرى، ئورۇن - جاي، قەدىمكى يادىكارلىق، يەرلىك مەهسۇلات، هۈنەر - تېخنىكا، مەشهۇر تاغ - دەريا، هايۋانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، مىللەت، ئۇرۇق، هەر خىل ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى هېكايىلەرنىڭ هەممىسى «رىۋايەت» قاتارىغا كىرىدۇ. بىز ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنى ئايرىغاندا مۇشۇ پرىنسىپنى ئاساس قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. ئەڭ مۇهىمى، هېكايىدە ئىلاهلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئاساس قىلىنغانمۇ ياكى ئادەملەرنىڭ ۋە ئادەتتىكى هايۋانلارنىڭ (ئىلاهىي هايۋان ئەمەس) پائالىيەتلىرى ئاساس قىلىنغانمۇ؟ مانا بۇ بىزنىڭ ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنى پەرقلەندۈرۈشتىكى تۈپ ئۆلچىمىمىز. مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئىش قىلغاندىلا، ئاندىن خەلق ئارىسىدىكى خىلمۇخىل ۋە مۇرەككەپ فانتازىيىلىك هېكايىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىققىلى ۋە ئۇنۇملۇك تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ.

ئاخىرىدا ئىزاهلاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىرنەچچە مەسىلە بار:

**1) ئورۇن - جاي توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر بىلەن ئەپسانىلەرنىڭ پەرقى مەسىلىسى.** بىر قىسىم رىۋايەتلەردە مەلۇم ئورۇندىكى تاغ، دەريا، كۆل، دەرەخ، قۇرۇلۇش قاتارلىقلارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇ قارىماققا ئەپسانىلەرنىڭ تەبىئەت هادىسىلىرىنى چۈشەندۈرگىنى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنداق بولسا بۇلارنىڭ ئەپسانىلەردىن پەرقى نېمە؟ بىزچە بۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇنداق پەرق بار: بىرىنچىدىن، ئەپسانىلەر تەبىئەت هادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبىيىنى چۈشەندۈرگەندە ئاساسەن ئۇنى ئىلاهلارغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. رىۋايەتلەردە بولسا گەرچە فانتازىيە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى مەلۇم شەخسلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. (مەسىلەن: كۇچاردىكى مىڭ ئۆيىنى ۋە زەرەپشان دەرياسىنى پەرهاتقا باغلاپ، تارىم دەرياسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى بىر جۈپ قىز - يىگىتكە باغلاپ چۈشەندۈرگەنگە ئوخشاش). ئىككىنچىدىن، ئەپسانىلەرنىڭ ئىزاهلايدىغىنى ئاساسەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان تەبىئەت هادىسىلىرىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئاسمان، زېمىن، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، سۇ، ئۆسۈملۈك ۋە ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى قاتارلىقلار. رىۋايەتلەردە بولسا كۆپىنچە مەلۇم رايوندىكى خاس شەيئىلەر چۈشەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم كونكرېت تاغ، كونكرېت دەريا، كۆل، مەلۇم دەرەخ، مەلۇم قۇرۇلۇش قاتارلىقلار. بۇ ئەپسانىلەرنىڭ پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان ئىپتىدائىي دۇنيا قاراش بىلەن، رىۋايەتلەرنىڭ بولسا مەلۇم مىللەت ۋە رايوننىڭ تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىپتىدائىي ئىنسانلار بىر خىل كۈچلۈك ئېتىقادنىڭ تۈرتكىسىدە ئەپسانىلەرنىڭ ۋەقەلىكىنى راست بولغان دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەنگەن. رىۋايەتلەردە بولسا بىر تەرەپتىن، شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئەمەلىي ۋەقەلەر، رېئال شەخسلەر ۋە كۆز ئالدىمىزدىكى مەۋجۇت شەيئىلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈلۈپ، كۈچلۈك چىنلىققا ئىگە قىلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم ۋەقەلىكلەر ئاڭلىق يوسۇندا ئاشكارا سېزىلىپ تۇرىدىغان فانتازىيىگە ئىگە قىلىنغاچقا، كىشىلەردە ئۇنىڭ چىنلىقىغا نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن، مەخمۇد قەشقىرىنىڭ هاسىسىنى بۇلاققا سانچىپ قويۇشى بىلەن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئۇ دەرەخقە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىگە، «قىزىل قاغاتۇر» رىۋايىتىدىكى ئالمىنىڭ ئىچىدىن يىلان چىقىپ، مەلىكىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىغا ئوخشاش ۋەقەلەرگە سۆزلىگۈچىمۇ، ئاڭلىغۇچىمۇ ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ. ئەمما، مەخمۇد قەشقىرىنىڭ ئەۋلىيا سۈپەت دانىشمەن ئادەملىكى، ئۇنىڭ نورۇز بۇلاق بويىدا تالىپ تەربىيىلىگەنلىكىگە ئوخشاش رېئال ئىشلار، كۇچادا قىزىل قاغاتۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ شەهەردىن يىراققا سېلىنغانلىقىدىن ئىبارەت رېئال پاكىت ئالدىدا ئىشەنمەيمۇ قالمايدۇ.

يۇقىرىقىلار ئەپسانىلەر بىلەن مەلۇم ئورۇندىكى شەيئىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسىي پەرقلىرى. بۇلار ئىچىدە بولۇپمۇ ئالدىنقى ئىككى پەرق ئىنتايىن مۇهىم بولۇپ، ئۇ ئەپسانىلەر بىلەن مۇشۇ خىلدىكى رىۋايەتلەرنى پەرقلەندۈرۈشتە ئاساسىي ئۆلچەم

بولۇپ قالىدۇ.

2) **ھايۋانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى چۈشەندۈرۈلگەن ھېكايىلەرنىڭ ژانىر تەۋەلىكى مەسىلىسى.** بىر قىسىم ھېكايىلەردە ھايۋانلارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى، ھەر خىل خاراكتېرلىرى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ئاجايىپ قىزىقارلىق توقۇلما ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ نەدىن ۋە قانداق پەيدا بولغانلىقى ئىزاھلىنىدۇ. مەسىلەن، «قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقى نېمىشقا ئاچىماق»، «پاشا نېمىشقا غىڭشىيدۇ»، «ئات نېمىشقا ياتمايدۇ»، «قاغا نېمە ئۈچۈن قارا»، «يىلاننىڭ نېمە ئۈچۈن پۇتى يوق»، «خوراز نېمىشقا چىللايدۇ»، «ئىت مۈشۈككە نېمىشقا ئۆچ بولۇپ قالغان» قاتارلىق ھېكايىلەرگە ئوخشاش. بۇنداق ھېكايىلەر نۇرغۇن مىللەتلەر ئارىسىدا تارقالغان. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزىلەر بۇ خىلدىكى ھايۋانات ھېكايىلىرىنى ئەپسانىلەرنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۇنى ئەپسانىلەرنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئەپسانىلەرنىڭ باش قەھرىمانى ئىلاھ (ئىلاھىي ھايۋان) بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئىپتىدائىي دىنىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى. مەزكۇر ھېكايىلەردىكى ھايۋانلار بولسا ئىلاھىي ھايۋان سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ھايۋان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەرخىل ئالاھىدىلىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد بويىچە ئەمەس، بەلكى كۈلكىلىك فانتازىيە ئارقىلىق ئىپادە قىلىپ بېرىلىدۇ. يەنە بەزىلەر بۇ خىل ھېكايىلەرنى ھايۋانات چۆچەكلىرىنىڭ ئىچىگە قوشۇۋېتىدۇ. بىز بۇنداق قىلىشقىمۇ قوشۇلالمايمىز. چۈنكى ھايۋانات چۆچەكلىرى ئاساسەن ھايۋانلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ۋە ھەرخىل خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، يەنى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەرخىل مۇناسىۋەت ۋە زىددىيەتلەر ئادەملەشكەن ھايۋانلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. ئەمما يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ھېكايىلەردە بولسا پەقەت مەلۇم بىر خىل ھايۋاننىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ئىزاھلىنىدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنى ھايۋانات چۆچەكلىرى دەپ قاراش ئوخشاشلا مۇۋاپىق ئەمەس. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۇلارنى رىۋايەتلەرنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈش بىردىنبىر توغرا ئۇسۇلدۇر. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب — ئۇنىڭ ھايۋانلاردا تەبىئىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رېئال خۇسۇسىيەتلەرنى فانتازىيە ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىپادە قىلىپ بەرگەنلىكىدە. مانا بۇ ئالاھىدىلىك رىۋايەت دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان باشقا ھېكايىلەر ئۈچۈنمۇ ئورتاقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇنداق ھېكايىلەرنى «ھايۋانات رىۋايەتلىرى» دەپ ئاتايمىز.

3) **ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ باغلىنىشى مەسىلىسى.** رىۋايەتلەر ئۆزىنىڭ مەيدانغا كېلىش ئېھتىياجى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى جەھەتتىن ئەپسانىلەرگە تۈپتىن ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئەپسانىلەرنىڭ قويۇق تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ خىل تەسىرنى ئىككى نۇقتىدىن كۆرۈش مۇمكىن. بىرىنچىدىن، ئەپسانىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بولغان ئانىمىزم رىۋايەتلەردىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. چۈنكى بىز يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئەپسانىلەرنى پەيدا قىلغان ئانىمىزملىق كۆزقاراش ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاساسىي دۇنيا قارىشى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئاڭ فورمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل كۆزقاراش ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدا مەيدانغا كەلگەن رىۋايەتلەرگىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. ھەتتا ئانىمىزم ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىر، يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيەتلىرىدىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ساقلىنىپ قېلىۋەردى. شۇ سەۋەبتىن، بىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەپسانىلەردىن باشقا رىۋايەت، چۆچەك ۋە ئېپوس قاتارلىقلاردىمۇ ئانىمىزم ئېلېمېنتلىرىنى روشەن ھېس قىلالايمىز. كىشىلەر رىۋايەتتىكى قەھرىمانلارنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ مەنبىيىنى بايان قىلغاندا ئۆز ئېڭىدا ساقلىنىپ قالغان ئانىمىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلالمىدى. ئىككىنچىدىن، قەدىمكى ئەپسانىلەر تارقىلىش جەريانىدا بىۋاسىتە ھالدا كېيىنكى رىۋايەت، ئېپوس ۋە چۆچەكلەرگە ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ۋەقەلىكىگە ئارىلىشىپ كەتتى. بۇ ھەقتە ۋىلھېلىم كارىل گىرىم مۇنداق دېگەنىدى: «ئەپسانە ئېلېمېنتلىرى خۇددى چېقىلىپ كەتكەن ئۈنچە - مەرۋايىت پارچىلىرىغا ئوخشايدۇ، ئۇلار باراخسان گۈل - گىياھلار بىلەن قاپلانغان زېمىنغا چېچىلىپ كەتكەن، پەقەت روشەن كۆرۈش قۇۋۋىتىگە ئىگە كۆز بولغاندىلا، ئاندىن بۇلارنى سېزەلەيدۇ»① گىرىم بۇ يەردە دەۋاتقان «باراخسان گۈل - گىياھلار بىلەن قاپلانغان زېمىن» پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تۇپرىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەپسانىلەر ئەنە شۇ مەدەنىيەت زېمىنىغا، جۈملىدىن ئېغىز ئەدەبىياتى تۇپرىقىغا چېچىلىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەپسانەشۇناس ئالىملارنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن قەدىمكى ئەپسانىلەرنى رىۋايەت، چۆچەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە ئېپوسلارنىڭ ئىچىدىن ئىزدەپ تاپتى ۋە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بىز ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلىنى ھەرگىز خاتا دېيەلمەيمىز. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ بۇ خىل ھادىسە ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «بوكوخان رىۋايىتى» دە ئۇيغۇرلارنىڭ دەرەخ توتېم ئەپسانىسى خېلىلا مۇكەممەل ساقلانغان. «كۆچ رىۋايىتى» دە «قۇتتاغ» (تاغ تەڭرىسى) نىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرگەن ئاپەتلىرىنى ۋە «كۆچ - كۆچ» دەپ سادا چىقىرىۋاتقان يەر تەڭرىسىنىڭ سىماسىنى كۆرەلەيمىز. «ئوغۇزخان» ئېپوسىدا بولسا ئەپسانىۋى ئېلېمېنت تېخىمۇ قويۇق. ئۇنىڭدا توتېم ئەپسانىلىرىدىكى بۆرە قايتا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئوغۇزخاننىڭ غەلىبىلىك يۈرۈشلىرىگە باشپاناھ بولىدۇ. ئېپوستىكى ئاسماندىن چۈشكەن نۇردىن پەيدا بولغان ۋە دەرەخ كاۋىكىدىن چىققان قىزلارمۇ بىزگە دەرەخ ئەپسانىسىنى ئەسلىتىدۇ. ئېپوستا يەنە كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆك، تاغ، دېڭىزغا چوقۇنۇشتەك ئىپتىدائىي ئانىمىزملىق كۆزقاراشلارمۇ ئىنتايىن روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يېقىنقى بەزى ئىزدىنىشلەر ئۇيغۇرلارنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىمۇ خېلى كۆپ ئەپسانىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە②.

دېمەك، ئەپسانىلەر پۈتكۈل ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۆپرىقى سۈپىتىدە كېيىنكى ژانىرلارغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. بىز رىۋايەتلەرنى تەتقىق قىلغاندا بۇ نۇقتىنى ھەرگىز نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز، ئۇنىڭ قويۇق ئەپسانىۋى ئېلېمېنتلارغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەك. ئەمما ئەپسانىلەرنىڭ رىۋايەتكە كۆرسەتكەن بۇ خىل تەسىرى بىزنىڭ ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ چەك - چېگراسىنى ئايرىتىشىمىزغا زور توسالغۇ بولالمايدۇ. بىز بۇ ئىككى خىل ژانىرنىڭ پەرقىنى ئېنىقلاشتا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆلچەم قىلساقلا، ئۇلارنى ئوڭۇشلۇق ئايرىپ چىقالايمىز. بىز بىر پارچە ئاغزاكى ھېكايىغا مۇئامىلە قىلغاندا ئۇنىڭدىكى قىسمەنلىكنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئومۇمىي ئالاھىدىلىك جەھەتتىن بۇ ھېكايىنىڭ قايسى ژانىرغا تەۋە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇنىڭ ژانىر تەۋەلىكىنى ئېنىقلاپ، مەزمۇن قاتلىمىغا ئىچكىرىلەپ كىرەلەيمىز.

## ئىزاھلار:

① 见[美]Thompson《世界民间故事分类学》中文版第 441 页,上海文艺出版社,1991 年版。

② « 中国阿尔泰语系诸民族神话故事 » ناملىق كىتابتا، ئەسئەت سۇلايمان ئۇيغۇرلارنىڭ «ئېيىق ئوغلى ئەلى قۇربان» ۋە «چىن تۆمۈر باتۇر» ناملىق چۆچەكلىرىدىكى بىر قىسىم ئېپوسلارغا ئەپسانە قاتارىدا مۇئامىلە قىلغان. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 - يىلى 2 - ئاي نەشرى.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. «ئابدۇكېرىم راخمان: «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل 9 - ئاي نەشرى.
2. 刘守华《民间童话与神话、传说》,见《中国民间文学论文选》(下),上海文艺出版社,1980 年 5 月版。
3. [英]Veronica Ions《神话的历史》中文版,希望出版社,2004 年 3 月版。
4. [英]Max Miiller《比较神话学》中文版,上海文艺出版社,1989 年版
5. [日]柳田国南(ياناگىدا)《传说论》中文版,中国民间文艺出版社,1985 年 12 月版。
6. ئوسمان ئىسمايىل: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە» ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 4 - سانى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇشۈكۈر مۇللەك يۈرچى

2005 - يىلى 12 - ئاي　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　26 - يىللىق 4 - سان
第 26 卷第 4 期　新疆大学学报(哲学社会科学维文版)　2005 年 12 月

# پېداگوگ يازغۇچىنىڭ مەنىۋى داۋانلىرى

تۇرسۇن قۇربان تۇركەش*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، پېشقەدەم مائارىپچى، يازغۇچى ۋە شائىر ئابدۇللا تالىپنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى رېئاللىقنى تەتقىق قىلغان ھالدا مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىككى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئىلمىي ئاساستا يەكۈنلەنگەن.

**摘要**:本文以老一辈教育家、作家和诗人阿布都拉·塔里甫的成长过程和文学创作成就为出发点,科学地总结了他在两个时代的文学创作中取得的经验。

**Abstract**: From the growing process of senior educatonist, author, and poet Abdulla Mutallip and the achievements on the literary production, this article scientifically concludes the experiences gained from the two different era's literary production.

داڭلىق يازغۇچى، ئاتاغلىق شائىر ۋە يېتىلگەن مائارىپچى ئابدۇللا تالىپ 1924 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تاغبۇلاق ناھىيىسى — كەلپىندە دۇنياغا كەلگەن. ئەدىب بالىلىقىنىڭ چۆچەك - قوشاق ئېيتىلىپ تۇرىدىغان قويۇق ئەدەبىي مۇھىتتا ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ شەرق كلاسسىكلىرى، جۈملىدىن كۆپلىگەن ئۇيغۇر يازغۇچى - شائىرلىرىغا ئوخشاش ئەلىشىر نەۋائى، ھاپىز شىرازى ۋە شەيخ سەئدى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. چۈنكى كەلگۈسى ئەدىبنىڭ مۇدەررىس بوۋىسى كەلپىننىڭ يۇرچى يېزىسىدا تۇنجى قۇرۇلغان «ئۇسۇلى قەدىم» مەكتىپىنىڭ بەرپاچىسى بولۇپ، ئۆلىما بوۋاينىڭ ئۆيىدە خېلى كۆپ ئەرەبچە، پارسچە ۋە تۈركچە كىتابلار ساقلانغان ئىدى.

ئابدۇللا تالىپ 1939 - يىلى كەلپىندە تۇنجى ئېچىلغان «ئۇسۇلى جەدىت» باشلانغۇچ مەكتىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، شۇ يىلى ناھىيىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان قىزلار مەكتىپىنىڭ ئۆسمۈر ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالدى ۋە يۇرت ئىچىدە «كۈرمۇس ئەپەندى» (ئەقىللىق ئەپەندى) دېگەن نام بىلەن داڭ چىقاردى.

ئابدۇللا تالىپ كىچىكىدىن باشلاپ مەرىپەت شەيداسى ئىدى. ئۇ توختىماي ئۆرلەپ ئوقۇشنى كېلەچەك ئارمانلىرىنى ئورۇنداشنىڭ ئۇل تېشى، دەپ بىلەتتى. بىراق 40 - يىللاردىكى شىنجاڭ جاھانگىرلار رىقابەتسورلۇقىدىكى كۈرەش سەھنىسى بولۇپ، بۇ ئېزىز يۇرتتا ئەڭ گۈزەل ئىنسانىي ئارزۇلارمۇ نابۇت بولۇپ بارماقتا ئىدى. توغرا كېلىپ قېلىش ياكى ئەجدادىنىڭ ئۈمىد - تىلەكلىرىنى ئەۋلاد ئۆز يەلكىسىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغاندەك تەقدىر 1943 - يىلى يازدا ئابدۇللا تالىپنى ئاتاغلىق مائارىپچى ۋە ۋەتەنپەرۋەر يازغۇچى ئابدۇللا روزى بىلەن ئۇچراشتۇردى. ئەسلىدە ئابدۇللا روزى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كەلپىنگە كەلگەنىدى. ئېيتىلىشچە، ئابدۇللا تالىپ كۆتكەن پۇرسەتنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئوقۇش ئارزۇسى ھەققىدە بىر پارچە شېئىرىي ئىلتىماس يازغان. ئابدۇللا روزى ئىلتىماس ئاخىرىدىكى:

ئىسمىم - فامىلەم ئابدۇللا تالىپ،

* تۇرسۇن قۇربان تۇركەش: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى. 830046

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىلتىماس يازدىم قەلەمنى ئالىپ.
ئىستىكىم ئوقۇش، يوقىرى ئۆرلەش،
ئوقۇمىغان خار، ئوقۇغان غالىپ.

دېگەن مىسرالارنى كۆرۈپ، ياش ئابدۇللانىڭ ئەدەبىي تالانتىدىن سۆيۈنگەن ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغانلىقىنى نەق مەيداندا ئۇقتۇرغان. بۇ قوشاق ئابدۇللا تالىپ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ۋە ھاياتىنىڭ بۇرۇلۇش دەۋرىنى كۆرسەتكەن. ئەدىبنىڭ ئاقسۇغا كېلىشى بالا بۈركۈتنىڭ ئۇۋىدىن كەڭ ئاسمانغا ئۆرلىگىنىدەك ئىلگىرىلەش جەريانى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقان «قاراڭغۇ ئۆيدە كۆزى تېڭىلىپ، زېرىكىشلىك ۋە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس بىر خىل رىتىمدە چۆگىلەيدىغان جۇۋاز كالىسى»غا سىمۋول قىلىنغان، غەپلەت باسقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى چۈشىنىش، نەرە تارتقان دولان دەرياسىنىڭ قايناملىرىغا بىر ئوچۇم سۇ بولۇپ قوشۇلۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. دېمەك، ئەدىبنىڭ ئاقسۇغا كەلگەن يىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭىچە مائارىپ ۋە ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ تەكلىماكان بويلىرىدا ئىككىنچى قېتىم گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، بۇنداق گۈللىنىش شىنجاڭدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى بىلەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئالامەت قىلغان.

ئاقسۇدا ئەدىبنىڭ ياش قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئامىل ئىككى بولۇپ، بۇنىڭ بىرى، مەشھۇر مائارىپچى ئابدۇللا روزىنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەرسلىكى» بولسا، يەنە بىرسى، «ئاقسۇ گېزىتى»نىڭ «جەنۇب شامىلى» بېتى ۋە ئۇنى تەسىس قىلغان ل. مۇتەللىپ يادرولۇقىدىكى نىمشېھىت، بىلال ئەزىزى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ جەڭگىۋار ئىجادىيەتلىرى ئىدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئاۋۋالقى تەسىر ئابدۇللا تالىپنىڭ مىڭلىغان ناتىۋانلارنىڭ قاراڭغۇ دىللىرىغا ئىلىم مەشئىلىنى ياندۇرغان 65 يىللىق مائارىپچىلىق ھاياتىغا تۈرتكە بولسا، كېيىنكىسى ئۇنى ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى سەمەرىلىك مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ساھىبىي بولۇشتەك چوڭ شۆھرەتكە سازاۋەر قىلدى. ئەينى چاغدىكى ئاقسۇ شىنجاڭدىكى گومىنداڭنىڭ تېررورلۇق سىياسەت يۈرگۈزىدىغان قورغىنى بولۇشقا قارىماي، بۇ يەردە ل. مۇتەللىپ قاتارلىقلارنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى مىللىي تىياتىر مەدەنىيىتى شەكىللەنگەنىدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە «تاھىر - زۆھرە»دەك كلاسسىك ئوپېرالار، «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ»، «ئۆگەي ئانا» قاتارلىق زامانىۋى درامىلار ئوينىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىلدى. دېمەك، ئابدۇللا روزى ۋە ل. مۇتەللىپنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەم ئۇلاردىن بىۋاسىتە تەربىيە ئالغان ياش شائىر ئۇلارنىڭ ئورۇنداپ بولالمىغان ئىشلىرىنىڭ داۋام قىلغۇچىسى سۈپىتىدە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت - مائارىپى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئاسمىنىدا پارلىغان بۇ بىر توپ غۇژمەك يۇلتۇز ئۆچۈرۈۋېتىلگەن قانلىق «18 - سىنتەبىر ۋەقەسى»نىڭ ئالدى - كەينىدە «شامالغا خىتاب»، «ئوق ئاتار يۇردۇم» ۋە «ياشا، ئادالەت!» قاتارلىق سىياسىي لىرىكىلارنى؛ «سۆيگىنىم ئەلا»، «ئەركىن جانان» قاتارلىق درامىلارنى يېزىپ چۈشكۈن ھاياتنى ئاۋۇندۇردى. بۇ يىللاردا ئۇ سەھنە ئەسىرى يېزىپ ۋە سەھنىلەشتۈرۈپ، ئۆزى رول ئالغان ئارتىس ھەم دراماتورگ سۈپىتىدە تونۇلدى. ئومۇمەن، ئابدۇللا تالىپ ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئەقىدە ۋە كەلگۈسى يېزىقچىلىق پىلانى ئۈچۈن ئاساس سېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

ئابدۇللا روزى قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوتتۇرپاندىكى ئانىسى بۇۋى ئايشەمخان ئوغلىنىڭ دەرت - پىراقىدا تولا يىغلاپ كېسەلچان ۋە باش پاناھسىز بولۇپ قالغان. 1945 - يىلىنىڭ 11 - ئېيىدا ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ كونا شەھەرگە يۆتكىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئابدۇللا تالىپ باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئوت يۈرەك ئوقۇغۇچىلار بۇۋى ئايشەمخان ئانىنى كونا شەھەرگە يۆتكەپ كېلىپ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالغان. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەر خىل جىنايى بەتنامىلار بىلەن بىگۇناھ ئاممىنى تۇتتۇۋاتقان، سولاۋاتقان، ئۆلتۈرۈۋاتقان؛ ھەممە يەرنى ئەنسىز تېررورلۇق قاپلىغان ئاشۇ مۇدھىش دەۋردە بىر ئىنقىلابچىنىڭ ئانىسىغا ھامىي بولۇش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس! مانا بۇ جانلىق، ئۆلگىلىك ۋە رېئال ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر. يەنە شۇ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئايشەمخان ئانا ياش شائىرنى ئۆيىگە چاقىرىپ: «بالام ئابدۇللا، ئوغلۇم ئابدۇللانىڭ ئورنىغا مۇشۇ مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ قېلىپسىز، ئوغلۇمدىن تەۋەررۇك بۇ مۇئەللىملىك شەپكىسىنى كىيىپ ئۇنىڭ ئىزچىسى بولسىڭىز كۆڭلۈم ئارام تاپاتتى» دېگىنىچە مەرھۇمنىڭ مىراسى — مۇئەللىملىك شەپكىسىنى ئابدۇللا تالىپقا كىيگۈزۈپ قويىدۇ. شۇ زاماندىن دەۋرىمىزگىچە ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى تۈرلۈك شەكىللەردە ئۆزگەردى، بىراق 60 يىلدىن بۇيان ئابدۇللا تالىپ ئۇستازىنى ئەسلەش ۋە ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان ئەقىدە

نۇقتىسىدىن ئاشۇ «مۇئەللىملىك شەپكىسى»نى ئالماشتۇرغىنى يوق. بۇ نۇقتىدىن ئابدۇللا تالىپنى ئەنئەنچى، ئۆز ئەقىدىسىگە سادىق ماتارىپچى دېمەي تۇرالمايمىز.

تارىخنىڭ چاقى چۆرگىلەپ 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايغا كەلگەندە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ ئازادلىق تېگى ئاتتى. شۇ چاغدا خوجانىياز ھاجىنىڭ باجىسى قۇربان مەرگەننىڭ ئوغلى، تاشكەنچى ھەمدۇللا قۇربان ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىر پولكىنى باشلاپ ئاقسۇغا ئورۇنلاشتى. يازغۇچى شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن 1950 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئېچىلغان ئازادلىق ئارمىيە ۋە يەرلىك كادىرلارنىڭ تىل ۋە تەرجىمانلىق كۇرسىغا مۇئەللىم بولۇپ يۆتكەلدىم. كېيىن ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ دېلوسىنى ئېنىقلاش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، نۇرغۇن ھۆججەتلىك خاتىرىلەرنى يېزىپ ئۆلچەش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم ... «قاينام ئۇركىشى» سەرلەۋھىلىك بىر تارىخىي رومان يېزىش خىيالىمنىڭ بارلىقىنى ھەمدۇللا قۇربانغا ئۇچۇق دېگەنىدىم. ئۇ بۇ چاغدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى ئىدى. قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ قىممەتلىك پۇرسەت داۋامىدا مېنى ئەڭ مول يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگەن خادىم ئوبۇلھەسەن بەگ بولدى. ئۇ گومىنداڭ باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ كاتىپى ۋە تىلماچى ئىدى».

ئېيتىش كېرەككى، ئابدۇللا تالىپ زامان ھادىسىلىرىنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان كىشى ئەمەس. ئۇ دەۋران ئىشىدا ھەم رولچى ھەم كۆزەتكۈچى بولدى. ئەمما ئىلىمگە ئاشنالىق ۋە ئادالەتكە تەشنالىقتىن تايمىدى. يامان شارائىتتىن زارلىنىپ بەل قويىۋەتمەي، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلدى، يول تاپالىدى. شۇنداق قىلىپ «قاينام ئۇركىشى»گە 30 يىل «قورساق كۆتۈرگەن» يازغۇچى 80 ـ يىللاردىلا ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك «تەۋەللۇت» قىلالىدى.

80 ـ يىلى ئەدىب 56 ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئىككىنچى باسقۇچقا قەدەم قويدى. كۈتۈلگەن كۈنلەر يەنە بىر قېتىم يېتىپ كەلدى. كىشىلىك ھەققىدە تەپەككۇر كۆزىگە ۋە مول پەلسەپىۋى بىلىمگە ئىگە بولدى. بۇ باسقۇچتا ئۇ ئاۋۋالقى ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بوشلۇق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان چوڭ تېما ۋە ژانىرلار بويىچە ئىجادىيەتكە كىرىشتى. يازغۇچى «قاينام ئۇركىشى» نىڭ يېزىلىش ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە رومانىنىڭ «كىرىش سۆزى»دە «ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قەلبىمدە يالقۇنلۇق بىر مۇھەببەت جۇش ئۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى» دەپ يازسا، «يىللار ۋە ئەقىدە»نىڭ 46 ـ بېتىدە «لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرە مۇنارى 1966 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن پاجىئە سادىر بولغانىدى. يەر يۈزىدە ھەرقانداق شۇملۇقنىڭ نادانلىقتىن كېلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە، ئاخىرى ‹قاينام ئۇركىشى› سەرلەۋھىلىك چوڭ ھەجىملىك تارىخىي رومانىنى ئېلان قىلىپ مەنىۋى مۇنار تىكلىدىم» دەپ كۆرسەتتى. 82 ـ يىلى يازغۇچى ئابدۇللا تالىپنىڭ تۇنجى «چەكلەنگەن رايونلار»غا كىرىپ، چوڭ ھەجىملىك تارىخىي بىئوگرافىيە ژانىرى بويىچە ئەسەر يېزىشى، يەنە كېلىپ 30 يىل ئاۋۋالقى تەييارلىقى بويىچە ل. مۇتەللىپنى يادرو قىلغان يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى بىر قانلىق پاجىئەنى كۆتۈرۈپ چىقىشى ل. مۇتەللىپكە ۋە ھەقىقىي بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئىنتىزار خەلقىمىزدە باھار شادلىقى پەيدا قىلدى. كەڭ كىتابخانلار «قاينام ئۇركىشى»نى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، قولاقتىن ـ قولاققا تارقاتتى. ھەتتا شۇ يىلى باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ رومانىنى تالىشىپ سېتىۋېلىشتى.

ئابدۇللا تالىپ ئادەتتە نەزىرى ئۆتكۈر، خېلى پاراكەندە مۇھىتتىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر بىلەن بولغان ئۇتتۇق «سىيۇژىت»لىرىنى ئۆز لىنىيىسى بويىچە داۋاملاشتۇرالايدىغان، ۋەقەشۇناس، شۆھرەت ۋە ئۇلۇغلۇقتىن بىتاما، ئاممىباب، ئاددىي ئىنسان. لېكىن بەزىدە ئۇنى دەۋرلەر پاسىلى «داڭلىقلىق كۇرسى»غا ئولتۇرغۇزۇپ قويغانمۇ قانداق، دەپ ئويلاپ قالىدۇ كىشى. نېمىلا دېمەيلى، ئابدۇللا تالىپ ئىسلاھات دەۋرى ئەدەبىياتىمىزنى بىراقلا ھەقىقىي بەدىئىي ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن باشلاپ بەرگەن ئەدىب. لىللا ئېيتساق، شۇكەمگىچە ھېچكىم لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، ئابدۇللا داۋۇت، سېيىت ئابباس، مەۋلانجان تۇردى، ئابدۇللا روزى، بىلال ئەزىزى قاتارلىق بىر توپ ۋەتەنپەرۋەر ئوغلانلارنى تارىخىي روماندا تەسۋىرلىگەن ئەمەس. يەنە كېلىپ 23 ياشلىق بىر ئۇلۇغ شائىرنىڭ يەر تەۋرىگەندەك قىسقا ھاياتىنى چوڭ ھەجىملىك تەرجىمىھال رومان قىلىپ يازمىغان. بۇلاردىن ئابدۇللا روزى (1945 — 1919) شۇ زاماندىلا «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەرسلىكى»نى تۈزگەن، ئابدۇللا داۋۇت (1945 — 1918) بىلەن مەۋلانجان تۇردى (1945 —1919) ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملىغان. ئۇلارنى ئەدەبىيات زېمىنىدا تەسۋىرلەپ، ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈش؛ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ يېقىنقى زامان ماتارىپىمىزغا قوشقان تۆھپىسى ۋە ماتارىپ ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رومان يېزىلىپ يەنە بىر ل. مۇتەللىپنىڭ ئۆمرىگە تەئەللۇقلۇق بولۇپ، شائىر... تەگلەشكەن بوگۇنكى كۈنلەردىمۇ ئۇنۇملۇك قولغا ئېلىنغىنى يوق. ئەسەر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، تۇرسۇن ئەرشىدىن قاتارلىق ل. مۇتەللىپشۇناسلار بارلىققا كەلگەن ۋە توم ـ توم رومانلار يېزىلىپ شائىر ھاياتىنىڭ مول مەزمۇنلۇق، مۇرەككەپ تەرەپلىرى تېخىمۇ يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن (شائىرنىڭ قازاقىستان ئۇيغۇر رايونىدا تۇغۇلۇپ، 1929 — 1932 ـ يىلىغىچە يەتتە سۇدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلىقى ۋە 90 ـ يىللاردا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانىدىن 1956 ـ يىلى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇنىڭغا يازغان «شەرەپ گۇۋاھنامىسى» مەلۇم بولدى) بولسىمۇ، لېكىن «قاينام ئۇركىشى» رومانى يازغۇچى ئېيتقاندەك، «شائىرنىڭ مەنىۋى مۇنارى» سۈپىتىدە زامانىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە يەنىلا چوڭ تەسىرگە ئىگە بولۇپ تۇرماقتا. مەزكۇر رومان 1984 ـ يىلى «موسكۋا كىتاب كۆرگەزمىسى»گە قويۇلۇپ قىزغىن ئالقىشلانغان، مۇشۇ يىللاردا تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە نەشرگە تەييارلىنىپ، بۇ ھەقتە ئىلمىي دېسسېرتاتسىيىلەر تەييارلانغانلىقى مەلۇم.

ئابدۇللا تالىپ بالىلىقىدا ل. مۇتەللىپ ۋە ئابدۇللا روزىلارنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا غايىلىك ئۆسكەن. ئەپسۇس، بۇ غايە ـ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەدىبكە ئۆمۈر قۇياشىنىڭ چۈش پەسلىگە توغرا كەلدى. شۇنداق بولغاچقا، يازغۇچى زور ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، 1985 ـ يىلى «چالا تەگكەن ئوق» رومانىنى ئېلان قىلدى. ئەسەر يەنىلا ئۇ چوقۇنىدىغان ل. مۇتەللىپ بىلەن سۆيۈملۈك ئۇستازى ئابدۇللا روزىنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ مائارىپ ئىدىيىسىگە سىمۋول قىلىنغان بەدىئىي ئوبراز — «ئىرپان»نىڭ پائالىيىتى ۋە ھەمدوستلۇقىدىن باشلاندى. روماندا شىڭ شىسەينىڭ «ئىلغارلىق چۈمپەردىسى»نى يىرتىپ تاشلاپ، «ئالتۇن كولاش» باھانىسى بىلەن جەنۇبلۇق 30 مىڭ ياشنى شىمالىي ۋە شەرقىي شىنجاڭ چۆللىرىدە ئېچىنىشلىق نابۇت قىلغانلىقى يىپ ئۇچى، ماۋزېمىن قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنى دەھشەتلىك ئۆلتۈرگەنلىكى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان. ئەمما ئەسەر ۋەقەلىكى شىڭ شىسەي توقۇپ چىققان 1942 ـ يىلىدىكى «قانلىق 12 ـ ئاپرېل ۋەقەسى»نى تۇتقا قىلىپ، نادانلىقنىڭ دورىسى — ھاراقكەشلىك ۋە ئىنتىپاقسىزلىق سەۋەبىدىن، جاسۇس زامانقۇلغا ئوقنىڭ چالا تېگىپ قېلىشى بىلەن مىڭلىغان بىگۇناھ ياشلارنىڭ تۈرمىلەردە فاشىستلارچە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، شەخسەن چەت سازلىقتا بىرىبىرىم مىتىر ئارىلىقتىن دۈشمەننىڭ ئەجەللىك يېرىگە ئاتالماي تېرىسى تەتۈر سويۇلۇپ، تۇك ھەرىسى بىلەن توغرىۋېتىلگەن ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوفىتسېرى كەنجى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن. روماندا يەنە ئادالەتپەرۋەر ئىرپان، مۆرىۋەتلىك قەھرىمان قۇربانجان، نەسەبنامىشۇناس يۇسۇپجان جەۋلانى، تۆھمەت قۇربانى خاسىيەت، پىداكار مۇبارەك قاتارلىق ئازادلىق كۈچلىرىنىڭ گومىنداڭ ۋە ئۇنىڭ يان تاياقلىرىدىن ناسىر، ئىسرائىل، ۋاھاپ، ھاكى ھەم بىرنەچچە پاھىشە قاتارلىق سېتىلمىلارغا قارشى كۈرىشى كونكرېت تەسۋىرلەنگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، دۈشمەن پالتىسىغا ساپ بولغان بۇ مەلئۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى يوقۇرىقى قەھرىمانلارنىڭ سەپداش ھەم ساۋاقداشلىرى ئىدى. بۇلاردىن ئاپتور تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن پېرسوناژ — خائىن زامانقۇل (زامانىنىڭ قۇلى) بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبرازى كىتابخانلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ.

زامانقۇلنىڭ ئەزەن چاقىرىپ قويۇلغان ئىسمى ئاللاقۇل (ئاللاقۇشمۇ دېيىلىدۇ)، شۆتاڭدا ئوقىغان چاغدىكى ئىسمى ئاخۇشۇ، بۇ ئىگىسىنى ئالدىغان ئالقۇش 30 ـ يىللاردىكى قۇمۇل، تۇرپان قوزغىلاڭلىرىنىڭ تەسىرىنى تازىلاشتا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنگەن، «پۇلى جىق، مەرت» بولغانلىقى ئۈچۈن قىمارۋازلار ئارىسىدا ئابلابەگ دېيىلگەن. «ئالتۇنچى» يىگىتلەرنى قەشقەردىن يالاپ كەلگۈچە شەنگەن دەپ ئاتىلىپ، ئۇلانبايدا ئۇلارنى خوجايىنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۇزۇن ۋاقىت يوقالغاندىن كېيىن، 1944 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە بىرلا يۇملاپ ئۈرۈمچىدىكى دۆڭكۆۋرۈكتە «ئەخمىدى» دېگەن نام بىلەن پەيدا بولىدۇ. دېمەك، زامانقۇل رېئال پروتوتىپلىق جاسۇس بولۇپ، ئوخشىمىغان ماكان، زامان ۋە جەمئىيەت قاتلىمىدا ھەر خىل كىيىنىپ، يوقىرىقىدەك ئىسىملار بىلەن ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى — پۇل، ھوقۇق ۋە خوتۇنپەرەسلىك ئۈچۈن يۇرت ۋە يۇرتداشلىرىنى سېتىش؛ ھالقىلىق ۋاقىتلاردا مەردلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئىشەنچكە ئېرىشىۋالغاندىن كېيىن، كېچىدە بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، كۈندۈزى شەپقەتچىسى بولۇۋېلىشتىن ئىبارەت.

يازغۇچى روماندا ئۇنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«زامانقۇل بۇگۇن قويۇق قارا چېچى ئۈستىگە بادام دوپپا كىيىۋالغان، بوينىغا چىپار گالستۇك تاقاپ، ئۈچىسىغا تېخى يېڭىلا تىكتۈرۈلگەن خورمارەڭ كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن سۆلەتتى بىلەن باشقىلاردىن

ئېنىق پەرقلىنىپ تۇراتتى ... بولۇپمۇ هاراق سورۇنلىرىدا ئارىلاپ شېئىرىيەت بابىدىن سۆز ئاچاتتى. هەتتا «خەلقىم ئۈچۈن جېنىمنى قۇربان قىلىشقىمۇ تەييارمەن، دەيتتى». قاراڭ كىتابخان، ئۇنىڭ مەككارلىقىغا! تېپىك ئۇيغۇرچە كىيىنىشلىرىگە قاراپ كىممۇ ئۇنىڭدىن گۇمانلانسۇن؟! تىرىكى مىڭنى، ئۆلۈكىمۇ مىڭنى ئۆلتۈرگەن بۇ دەۋران قارانىيەتچىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى مۇنداق يېزىلغان: «ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا ماتەم ئوركېستىرىدىكىلەرنى قوشۇپ هېسابلىغاندا 5000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. . . ‹مەرھۇم›، — جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئەڭ سادىق پەرزەنتى بولۇپ، تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ ... ياتقان يېرى چوقۇم جەننەتتە بولىدۇ، دېيىلدى. ئۇنىڭغا مەخسۇس سېمونت قەبرە قاتۇرۇلدى. تېخى بىر تىياتىر ئۆمىكى ئۇنى قەھرىمان دەپ سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. ھەممىدىن كۈلكىلىكى، زامانقۇلدەك مەلئۇننى تۇغقان ئايالمۇ ‹قەھرىمان ئانا›، دېيىلىپ كۈمۈش مېدال بىلەن مۇكاپاتلاندى. . . 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ يازلىق كۇلۇبى ئالدىغا مەرھۇم ئاخۇشۇنىڭ روھىغا مەۋلۇت ئوقۇش مۇراسىمى دېگەن چوڭ خەتلىك لوزۇنكا ئېسىلدى ...»

گەرچە زامانقۇل تارىخىمىزدا ئۆتكەن رېئال خائىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئاپتور ئۇنى قانداق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇلغان مەشھۇر تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرەلىدى؟! ئاشۇ قاراڭغۇ يىللاردا خاراكتېر ۋە روھىيىتىمىزدە تارىختىن كېلىۋاتقان زامانقۇلچە مەرەزلىكنىڭ يىلتىزى بارمۇ - يوق؟ بۇ كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان بىر مەسىلە. مەسىلەن، ئىلى تارىخىدا ئەمىر ئابدۇرۇسۇلنى ئۆلتۈرگەن ئەھمەدخان خوجا، مۇئەززەمخاننى ئۆلتۈرگەن مەھمۇد پوچى، خوتەندە نىياز هېكىم بەگ، قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللىنى قەتلى قىلغان هېلىم مەزىن (ئەمەت مەدەكمۇ دېيىلىدۇ)، تۇرپاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى روزى موللا، ئاقسۇدا ل. مۇتەللىپ باشلىق بىر توپ ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ تراگېدىيىسىگە سەۋەب بولغۇچى هېكىم نۇر، 30 - يىللاردىكى «قان ئىچەر ئۈچ هاجى» — قادىرهاجى، سېيىت هاجى، هاشىم هاجى (خوجانىياز هاجىنى بۇ جاللات بوغۇپ ئۆلتۈرگەن) قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى.

دېمەك، زامانقۇل ئوبرازى يۇقىرى بەدىئىي تالانت بويىچە يارىتىلغان سەنئەت بۇيۇممۇ ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يارىتىلغان شۇنچە كۆپ ئوبراز ۋە تىپلار ئارىسىدا خۇددى قوي پادىسىدىكى مېكىنجىندەك پەرقلىنىپ، يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭغا مىڭلىغان ياشنىڭ هايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئوقنىڭ چالا تېگىپ قالغانلىقىلا ئەمەس، مۇهىمى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىكى روهىي كېسەللىكىمىزنىڭ ئالاهىدە تىپى بولغانلىقىدا. زامانقۇلنى ماهىيەت جەهەتتىن دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى چىڭگىز ئايتماتوۋنىڭ قەلىمىدىكى ماڭقۇرت ئوبرازى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن.

قەدىمكى زاماندىكى رورەن تاجاۋۇزچىلىرى ئۆز ئۇسۇلى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بېسىۋېلىنغان مىللەت ياشلىرىنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا هازىر سويۇلغان تۆگە تېرىسىنى كەپلەپ كىيگۈزگەن. چۆل ئاپتىپىدا قۇرىغان تۆگە تېرىسى بىر تەرەپتىن، باش ۋە مېڭىنى ئامبۇردەك قىسسا، يەنە بىر تەرەپتىن، چاچ مېڭىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئۆسكەن. نەتىجىدە، ئۆز ئىگىسىنىلا تونۇپ، شۇنىڭلا گېپىنى ئاڭلايدىغان ئادىمىي ئىتلار پەيدا بولغان. بۇلار «ماڭقۇرت» دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ ياڭ زېڭشىن ئېيتقان ۋە يۈرگۈزگەن «مائارىپى يوق مىللەت دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان قازاننىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ. جاهان مۇشۇ دەپ يۈرۈۋېرىدۇ، نادان خەلقنى باشقۇرماق ئوڭاي، ئۇلارنى قويغا ئوخشاش خالىغان تەرەپكە هەيدەپ كەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇلارغا مائارىپنى بەرمەيمەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان هەرقانداق ئىقتىدارلىق ۋە ئەقىللىق كىشىنى دەرهال نەزەربەند قىلىمەن، بىر باهانە تېپىپ يوق قىلىمەن» (ئابدۇراخمان ئەبەي: «ئەخمەتجان قاسىمى هەققىدە هېكايىلەر»، 2 - قىسىم) دېگەن ئىستىبدات سىياسەت بىلەن نېمە پەرقى! شىڭ شىسەينىڭ زامانقۇلنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، 30 مىڭ ياشنى چۆللەردە قۇرت - قوڭغۇزلارغا يەم قىلىپ بېرىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ماڭقۇرتلاشقان جەمئىيەت بەرپا قىلغانلىق بولماي نېمە؟ بىر خەلق، بىر جەمئىيەت ئەخلاقىي ۋە روهىنىڭ بارومېتىرى بولغان 30 مىڭ ياشتىن مەهرۇم بولسا، ئۇنداقلارنى تۇغۇپ - تەربىيىلەش ئۈچۈن يەنە 30 يىل ۋاقىت كېتىدۇ، ئەلۋەتتە. «ئەسىردىن هالقىغان بىر كۈن» رومانىدا تەسۋىرلىنىشىچە، ئەقىل - هوشىنى يوقىتىپ، تامامەن ماشىنا ئادەم هالىتىگە كەلتۈرۈلگەن ماڭقۇرتلار ئۆزىنىڭ كىم ۋە ئەل - يۇرتىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئانىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ماڭقۇرت قەدىمىي ۋە زامانىۋى ئاڭنىڭ يۈكسەك بىرلىكىدە يارىتىلغان دۇنياۋى تىپ بولۇپ، ئەپسانىۋىلىق بىلەن سەنئەتچانلىق ئۇنىڭ توپ ئالاهىدىلىكى، زامانقۇل بولسا ئەل - يۇرتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆز خەلقىنى قىرغىن قىلىدۇ ۋە «ئاڭلىق» يوسۇندا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يوقىتىدۇ. زامانقۇلنى تۇغقان ماڭقۇرت ئانىغا «قەھرىمانلىق مېدالىئون»ى بېرىلىپ، ئۇيغۇر ماڭقۇرت ئاياللىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ زامانقۇل «ئوغلان»لارنى تۇغۇپ بېرىشى ئۈچۈن ئىلھام بېرىلىپ، باكتېرىيە تارقىتىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن زامانقۇل تارىخىي ئوبيېكتىپلىقى بولغان، بىز داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك يۇقىرى ئېستېتىك مەنپەئەتدارلىققا ئىگە رېئال ماڭقۇرتتۇر. XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە نەزەر خوجا، ئابدۇقادىر داموللا ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق ئاقىللار زامانقۇلچىلىقتىن ئىبارەت ئىچكى زوراۋانلىقنىڭ خەلقىمىزگە كەلتۈرگەن زىيىنىنىڭ تارىختىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن يوقىتىشلىرىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى نەزەرىيە جەھەتتىن خۇلاسىلاپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدا ئابدۇللا تالىپ زامانقۇل ئوبرازىنى يارىتىپ رومان ژانىرىدا ئىبرەتلىك ئەكس ئەتتۈردى. «چالا تەگكەن ئوق» رومانى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئەسەر ئىسمى مىللىي نومۇسىمىزنى ئىپادىلەيدىغان تەمسىللىك تەپەككۇر جەۋھىرىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا ئوتلۇق ئىقتىباسلار يېزىلدى.

قىسقىسى، يۇقىرىقى «ئۆزگەرگەن كىشىلەر — ئۆزگەرگەن ۋەزىيەت ۋە ئۆزگەرگەن تەربىيىنىڭ مەھسۇلى» (ماركس) بولۇپ، يازغۇچى «چالا تەگكەن ئوق» رومانى ئارقىلىق بىزگە: «بىزنى ھەرقانداق نەرسە ئۆز نۇقسانلىرىمىزدەك كىشەنلىيەلىگەن ئەمەس» (بالزاك) دېگەن پولاتتەك پاكىتنى يەنە بىر قېتىم ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمۈر قۇشى ئۈچىنچى ھايات قەرنەسىگە كىرگەن ئەدىب تېخىمۇ جىددىي ۋە ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن تارىخىي تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلدى. زور جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، 1986 - يىلى نامايەندىلىك ئىلمىي ئەسىرى «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېرىكلار»نى نەشر قىلدۇردى. يازغۇچى «قاينام ئۆركىشى»نىڭ «داۋانلار ئاشقاندا» بابىدا ئوت يۈرەك شائىرنىڭ شۇ ناملىق رومانىدىن مۇھىم ئۇچۇر يەتكۈزسە، 1997 - يىلى «لالە - قۇربان» تارىخىي قىسسىسىنى يېزىپ، 42 يىلدىن كېيىن ل. مۇتەللىپنىڭ ئورۇنلاشقا ئۈلگىرەلمىگەن مۇھىم ئىجادىيەت ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ نۇقتىدىن ئەدىبنى تارىخنى ئۇلاشنىڭ، ئەۋلاد ئىجادقا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان ئەقىدىلىك تۆھپىكار، دەپ باھالىساق ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئىنسانىيەت 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا كىرگەندە ئىككى ئەسىرنىڭ شاھىدى بولغان ئەدىب نېمىگىدۇر ئۈلگۈرەلمەيۋاتقاندەك كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ، 2002 - يىلى 30 - يىللاردىكى قەيسەر ئاتلىق سەرۋاز — ئابدۇنىياز كامالنى يازدى. گەرچە ئاپتور «ئېگەرلىك ئات» پوۋېستىدا ئابدۇنىياز كامالنىڭ «جەنۇب ئىسيانى»نى ئاشۇ دەۋردىكى خوجا نىياز ھاجى ۋە مەھمۇد مۇھىتلارنىڭ چوڭ كۈرەش سەھنىسىدىن ئايرىپ تەسۋىرلەپ، ئابدۇنىياز كامالنى مۇرەسسەسىز مىللىي قەھرىمان قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولسىمۇ، لېكىن ھەممە يەرنى دۈشمەن قاپلىغان ئاشۇ زاماندا ئىتتىپاقسىزلىق، زامان ۋە مۇھىت تۈپەيلى، ئابدۇنىياز كامال تەقدىرىنىڭ ئۇنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن كېلىپ چىققان تراگېدىيىنىڭ سىرتىدا قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت پوۋېستىنىڭ تۈگەنچىسىدە ئاپتور قەلىمىنى مۇڭلۇتۇپ، كىتابخانلارنى ھەسرەتتە قويغىنى ئەنئەنىمىز بويىچە بىر مەلئۇننىڭ ئاخبارات بېرىشى بىلەن ئاق ئورۇس بومباردىمانىدا چاقماقتەك سەركەردىنىڭ ئەجەلدىن بۇرۇن كېتىشى بولدى، خالاس!

ئابدۇنىياز كامال قۇربان بولۇشتىن نەچچە كۈن ئاۋۋال مۇشاۋىرى ئابدۇقادىر ھاجى ياقۇپتىن ئازادلىق ئۈچۈن بولغان كۈرەشلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن. بۈگۈن بىزگە قەھرىمانىنىڭ تىلەكلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرىشكە مۇيەسسەر بولغانلىقىدىن چەكسىز بەخىرلەنگەن يازغۇچى ئەسەرنىڭ 198 - بېتىدە مۇنداق يازىدۇ: «يۇرتىمىزنىڭ تارىخىي تەزكىرىلىرىدە ئۇنىڭدەك قەيسەر شەخس كەم ئۇچرايدۇ ۋە ئۇ كەبى ئەجدادلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق ئەۋلادلارمۇ ئاز ئۇچرايدۇ».

يازغۇچى يەنە 2004 - يىلى «يىللار ۋە ئەقىدە» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭدا ئۆمۈر تارىخىنى ئەسلىدى، ئەسەرلەر كاتولىكىنى بەردى ۋە 4185 بەتلىك «قەدەم — ئىزلار خاتىرىسى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسىرىدىن ئۇچۇر بېرىپ، ئۆمۈرلۈك ئىجادىيەت دەپتىرىنى ۋاقىتىنچە ياپقاندەك بولدى. ئەمما 2005 - يىلى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يازغۇچى تەرەپبال بۇ دۇنيادىن كەتكەندە، ئاۋام ئابدۇللا تالىپنىڭ ئۈچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بېغىشلانغان تارىخىي رومان — «ئىپپەت ئىسيانى»نى يېزىشنى پىلانلىغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن تىلغا ئېلىشتى.

ئېيتىش زۆرۈركى، «بىر بالىنىڭ تۇغۇلۇشى تەڭرىنىڭ بىر مىللەت ۋە بىر گۈزەل ۋەتەندىن ئۈمىد ئۈزمىگەنلىكىنىڭ بەلگىسى، باللار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ۋەتەن ھەم مىللەتنىڭ ئاتا - ئانىلار قولىدىكى ئامانىتى» (سىبتىننا خانىم) . بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاتا - ئانا ۋە ئۇستازنىڭ مائارىپ ۋە تەربىيىدىكى رولى مىسلىسىز.

گەرچە ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى شۇنچە جىق يىرىك ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى بولىسىمۇ، لېكىن يازغۇچى ـ شائىرلىق ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەۋەس ـ ئىشتىياق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆمرىدە ئۆز ئۆزىدىن مەمنۇن بولىدىغان سۆيگەن كەسپى — ئوقۇتقۇچىلىقتۇر. ئەدىبنىڭ 65 يىللىق مائارىپشۇناسلىق ھاياتىدا ئۇنىڭ ئۇچۇن يالتىراق شۆھرەت ۋە جاھانسازلىق بىلەن ئۆتىدىغان يۆتكىلىش پۇرسەتلىرى كۆپ بولغان بولىسىمۇ، لېكىن ئۇ «بور توزانلىق قارا دوسكا»نى باشتىن ـ ئاخىر تەرك ئەتمىگەن. بۇ ئۇنىڭ كۆڭلى خوشال بولىدىغان ئاسان يولنى تاللىۋالغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى نادان خەلقنى ئاقارتىشتا مائارىپ ۋە تەربىيىنىڭ رولى مۇتلەق، دېگەن ئەقىدىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ نۇقتىدىن «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئۇچىرىكلار» پېشقەدەم ئۇستازنىڭ كۆپ يىللىق ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى مائارىپشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى. ئەسەر يۇقىرى ئىلمىي قىممىتى بىلەن ئابدۇللا تالىپ مىراسلىرى ئىچىدىلا ئەمەس، ئومۇمەن ئۇيغۇر مائارىپ تارىخشۇناسلىقى بويىچە يىگانە ھېسابلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ ئەسەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئارقىلىق كۆرسىتىش مۇمكىن.

بىرىنچى، ئاپتور خەلقئارا مائارىپشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئىنسانىيەت مائارىپىنىڭ دەسلەپتىن ھازىرغىچە كۆپ مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان مائارىپشۇناسلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرغان. ئادەم پەرزەنتى ئۇچۇن ئاتا ـ ئانىنىڭ بىرىنچى مۇئەللىم، ئائىلىنىڭ تۇنجى مەكتەپ ئىكەنلىكى، گۆدەكلىكتىكى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئىنساننىڭ ئىزگۇ تەبىئەتلىك بولۇپ يېتىلىشىدىكى رولىنى، مۇھىمى بالىنى قورساق يېشىدىن باشلاپ تەربىيىلەشنىڭ لازىملىقىنى كىلەچەكشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئىزاھلىغان.

ئىككىنچى، ئاپتور ئەسەردە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىنى — ئىپتىدائىي مائارىپ باسقۇچى، مەكتەپ مائارىپى باسقۇچى، كلاسسىك مائارىپ باسقۇچى، يېڭى مەكتەپ مائارىپ باسقۇچى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپى باسقۇچىدىن ئىبارەت بەش تەرەققىيات باسقۇچىغا ئايرىغان ھەم كىتابنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇشۇ سىستېما بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ بايان قىلغان.

بىرىنچى باسقۇچتا بالىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا ئائىت باشلانغۇچ بىلىملەرنى، ئائىلە ئىشلىرى ھەم ئوۋچىلىقنى ئۆگىنىدىغانلىقىنى سۆزلىسە، يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ھەقىقىي مەنىدىكى مۇئەللىم ۋە مەكتەپنىڭ بارلىققا كېلىشىنى مەكتەپ مائارىپى باسقۇچىدا ئىزاھلىغان. ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپى باسقۇچىدا توتېملىق چۈشەنچىلەر، شامان، مانى، بۇددا ۋە ئىسلامدىكى بالا تەربىيىسى، بىلىم ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرى ھەققىدە نۇقتىلىق توختالغان. تۇرپان ـ ئىدىقۇتنى ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپىنىڭ ئۆلتېشى، قەشقەر ئىسلامىيەت مائارىپىنى ئوتتۇرا زامان كلاسسىك مائارىپىمىزنىڭ يۇقىرى پەللىسى، دەپ كۆرسەتكەن. بۇ باسقۇچتا ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى ئەقىدىلەر تۈرتكىسىدە بالا تەربىيىلەشنى دىنىي مەجبۇرىيەت، «پەرزەنتىمىزنىڭ جېنى تەڭرىدىن، ئۇستىخىنى بىزدىن، بەختى ـ ئىقبالى ئۇستازدىن» دەپ قارىغان. ئاپتور ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى كەشىپ قىلغان مىخ مەتبە تېخنىكىسىنىڭ XV ئەسىرگىچە دۇنيادا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغانلىقىنى ئىزاھلاش بىلەن 384 توم ئەسەرنى تەرجىمە قىلغان كوماراجىۋا، 100 توم ئەسەر يازغان پىرخۇيلان، «12 ئاھاڭ رىتىم قانۇنى»نى ئىجاد قىلغان سۇجۇپ ۋە رەسساملىقتىكى «ئويما ـ قۇيما» قانۇنىنى كەشىپ قىلغان ۋايجىرا ۋىچىر قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، شۇنداقلا شەرقنىڭ مائارىپ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. يازغۇچى قاراخانىيلار ئۇيغۇر مائارىپىدا فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىلەردىن كېيىن چاغاتاي ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى بولغان مەسئۇدبەگ ۋە بۇ كىشى ئۆز نامىغا بەرپا قىلغان قەشقەردىكى «مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىنى، «مەسئۇدىيە»دە ئوقۇغان يۈزلىگەن ئالىملار قاتارىدا نەۋائىنىڭ ھامىيسى، ئابدۇراخمان جامىنىڭ قېيناتىسى سەئىدىدىن قەشقەرى شۇنداقلا بۈگۈنكى مانجۇ ـ موڭغۇل يېزىقىنىڭ ئىجادچىسى بولغان تاتاتوڭا قاتارلىق مائارىپشۇناس ئالىملارنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرغان. ئابدۇللا تالىپ كىتابىنىڭ 61 ـ بېتىدە مائارىپ تارىخىمىزدىكى مۇنداق بىر پاجىئەنى قىستۇرما قىلغان. «1216 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ بېسىمىدىن غەربكە قاچقان قىتانلارنىڭ سەركەردىسى كۈچلۈك نۇرغۇن لەشكىرى بىلەن قاراخانىيلار زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ، ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. نۇرغۇن ئالىملار دارغا ئېسىلدى. مەكتەپ، مەدرىسلەر كۆيدۈرۈۋېتىلدى. كىتاب ۋە قولىيازمىلارنى يىغىپ گۈلخان ياقتى. داڭلىق ئالىم ۋە مەرىپەتچى ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنى 3000 ئوقۇغۇچىسى بىلەن بىللە ھازىرقى يۇرتقان كەنتىدە تىرىك كۆمۈۋېتىلگەنىدى. خوتەننى ‹شەھىدانە خوتەن›، دەپ ئاتاش ئەنە شۇ قانلىق تارىخنىڭ بىۋاسىتە يادنامىسى». ئاپتور بۇ مىسال ئارقىلىق، بۈگۈنكى مائارىپىمىزنىڭ يىراق مەنبەسىنى قازغۇچى ئاشۇ بەختسىز ئەجدادلىرىمىزنى ئەسلىشىمىزنى تەۋسىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى ئاتۇشنى مەركەز قىلىپ يېڭى مەكتەپ دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامانچە ئاڭ ــ ئىدېئولوگىيىسىنى ئېچىشتا ئاكا ــ ئۇكا مۇسابايوپلارنىڭ تۆھپىسى بىز ئۈچۈن «ئاتوم بومبىسى» ياساپ بەرگەندەك كەشپىيات. بۇ مەزمۇنلاردا ئاپتور تۇرسۇن ئەپەندىگە، بولۇپمۇ بىزدەك قېرىنداشلىرىنىڭ ئويغارلىقى ھەم ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئەلا بىلگەن، بەلكى بۇ يولدا جان پىدا قىلغان ئىككى تەۋەررۈك زات — مۇرات ئەپەندى بىلەن ھەيدەر سايرانىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشىمىزنىڭ لازىملىقىنى ئەسكەرتكەن. مائارىپشۇناس يازغۇچى مائارىپ تارىخىمىزنىڭ 3 ــ ۋە 4 ــ دەۋرى ھەققىدىكى بايانلىرىدىن مۇنداق خۇلاسە قىلىدۇ: مائارىپىمىز — مەدەنىيەت، سەنئەت، پەن ۋە پەلسەپە جەھەتتىكى بارلىق ماددىي، مەنىۋى ھاسىلاتلىرىمىزنىڭ ئانىسى. بىراق ئۇ دىنىي لىباسقا ئورالغان. مەكتەپ ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى بۆشۈكى بولسا، خەلق مەشرەپلىرى بىلەن تۈرلۈك نەۋرۇز پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ ئەمەلىيلەشكەن سورۇنى. بىزنىڭ ئۇستاز ــ ئەللامىلىرىمىز قەيسەر ئىرادىلىك بولۇپ، بىلىم ئۈچۈن تەركىدۇنيا بولۇپ جاھان كەزگەن، كۆپ تىللارنى بىلىدىغان دانىشمەنلەر ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇر «تۇرا قوشىقى» خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ 1 ــ يىللىقلىرىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقىغا كىرگۈزۈلگەندەك، مائارىپىمىزنىڭ يىراق قۇرغۇچىلىرى بولغان يۇقىرىقىدەك بىلىمدانلارنى گېزىت ــ ژۇرناللاردا ئاددىيلا ئىسمىنى ئاتاپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەنمەي، ئۇلارنىڭ ئىش ــ ئىزلىرىنى دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈش، بۇلار ھەققىدە تېماتىكىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئەدەبىي ئەسەر يېزىش قاتارلىق كۆپ خىل ئەھمىيەتلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق خاتىرىلىشىمىز لازىم.

تۆتىنچى، ئاپتور ئەسەردە ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا شەكىللىك سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن باشقىلار بىلەن بولغان پەرقىمىزنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. مىللىي مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، مائارىپ كېلەچەكشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ تەھلىل قىلغان. بۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەزكۇر ئەسەر ئابدۇللا تالىپ مىراسلىرى، ئومۇمەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى قىممەتلىك ئابىدە بولۇشقا مۇناسىپ! يېقىنقى يىللاردا يەنە روسىيە تاتارىستان مائارىپشۇناسلىرى ۋە پېداگوگلىرىنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار»لارغا يۇقىرى باھا بەرگەنلىكى مەلۇم. ئابدۇللا تالىپ بىر ئۆمۈر مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچىلىق سېپىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يازغۇچى. ئۇنىڭ بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ژانىر، تېما، پېرسوناژ ۋە ئۇقۇم دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇيغۇر پەلسەپە ــ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى جەھەتتىكى تەپەككۇر بوشلۇقىنى تولدۇردى ۋە بۇ جەھەتتە ئىزدىنىشكە تېگىشلىك ئاجىز ھالقىلارنى گەۋدىلەندۈردى. يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى ئاللىقاچان 300 مىڭ تىراژلىق نەشرىياتچىلىق ئۆتكىلىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئابدۇللا تالىپ ئۇيغۇرلاردا كىتابخانلىرى ئەڭ كۆپ يازغۇچىلار قاتارىغا ئۆتتى. زامانلار شاھىدى، ئۆتكۈر نەزەرلىك خەلق دانىشمىنى، تارىخشۇناس ۋە جۇغراپىيون، شائىر ۋە يازغۇچى، پېداگوگ مەرھۇم ئابدۇللا تالىپنىڭ نامى، روھى ۋە ئىجادىيەتلىرى ئەل ــ ۋەتەن بىلەن تەڭ ياشىغۇسى!

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. «قاينام ئۆركىشى»، «شىنجاڭ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى»، 1982 ــ يىل نەشرى.
2. «چالا تەگكەن ئوق»، «شىنجاڭ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى»، 1985 ــ يىل نەشرى.
3. «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، 1987 ــ يىل نەشرى.
4. «يىللار ۋە ئەقىدە»، «شىنجاڭ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى»، 2004 ــ يىل نەشرى.
5. «ئېگەرلىك ئات»، «شىنجاڭ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى»، 2002 ــ يىل نەشرى.
6. «لالە ــ قۇربان»، «مىللەتلەر نەشرىياتى»، 1997 ــ يىل نەشرى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇشۈكۈر مۇللەك يۈرچى

2005 - يىلى 12 - ئاي  شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)  26 - يىللىق 4 - سان
第 26 卷第 4 期  新疆大学学报(哲学社会科学维文版)  2005 年 12 月

# ئېلىمىزدە «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى»نى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

ئوسمان مۇھەممەت*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئېلىمىزدە «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى»نىڭ كېلىپ چىقىشى. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئېلىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئالاقىدار زور ئىش ئىكەنلىكى ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：本文简要论述“农业、农民、农村问题”的产生、它的表现、解决这些问题是关系到我国经济、社会、文化发展的大事等。

**Abstract**: The article briefly expounds the production and expression of "Problems of Farming, Farmer and Countryside". It also points out solving these problems is related to the development of our nation's economy, society and culture.

ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكى چوڭ دۆلىتى، يېزىلار ئېلىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، يېزا ئىگىلىكى ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى، دېھقانلار ئېلىمىز ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ئۇلۇغۋار پىلانىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئۇلۇغۋار نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېلىمىزنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى»نى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان گەرچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىقتىسادى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، دېھقانلارنىڭ كىرىمى خېلى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، تۇرمۇشى ياخشىلانغان بولسىمۇ، ئەمما تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئۆسمەي، دېھقانلارنىڭ تۈرلۈك سېلىقلىرى ئېغىرلىشىپ كېتىپ، نەتىجىدە «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى» ئېلىمىز ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلمىسا بولمايدىغان زور مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نەزەرىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، سىياسەت تەتقىقاتچىلىرى، رەھبەرلەر «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى»گە ئائىت مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرى، جۈملىدىن سىياسەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە قىزغىن ھەم ئۈنۈملۈك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ خېلى زور بۆسۈش ھەم ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مۇشۇ جەھەتتىكى ئاكتىپ سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەم يولغا قويۇپ، «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى»نى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەنمۇ مۇشۇ جەھەتتە ئاكتىپ ئىزدىنىپ، مەلۇم تەسىراتلارغا ئېرىشتىم، مۇشۇ ماقالە شۇنىڭ يۈزەكى نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى» ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان، مۇرەككەپ مەسىلە. بۇ ماقالىدە مەن پەقەت «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار

• ئوسمان مۇھەممەت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى. 830046

مەسىلىسى»نى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمەن. «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى» دېھقانلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، يېزىلارنى رايون قىلغان، يېزا ئىگىلىكىنى ۋاستە قىلغان، ئۆزئارا گىرەلىشىپ بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن دېھقانلار، يېزىلار، يېزا ئىگىلىكى مەسىلىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى: يېزا ئىقتىسادىنىڭ كېمىيىپ كېتىشى؛ شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىم پەرقىنىڭ بارغانچە زورىيىپ كېتىشى؛ يېزا بازارلىرىنىڭ يېتىلىشىنىڭ ئىنتايىن ئارقىدا قېلىشى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش سىستېمىسى شەكىللەنمەي، بايلىقلارنى تەخسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغانلىقى؛ يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ كۆپ بولۇشى، ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇشى؛ شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت جەھەتتە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشىنىڭ ئېغىر بولۇشى؛ نەتىجىدە شەھەر، يېزا ئىككى قۇتۇپلۇق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى شەكىللىنىپ، شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ۋە تۈپ مەنپەئەت جەھەتتە زور پەرقىنىڭ پەيدا بولۇشى؛ يېزا مائارىپ سەۋىيىسىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن بولۇشى؛ يېزىلاردا ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلمىغانلىقى؛ كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىي بولۇپ، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشى قاتارلىقلار. دېمەك، «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى» ئېلىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرگە زىچ ئالاقىدار ئىنتايىن مۇھىم ۋە نازۇك مەسىلە، شۇڭا نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر.

پارتىيىمىز 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپە» دەپ كۆرسىتىلدى. تۆۋەندە ئېلىمىزدە «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى»نى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز.

1. ئېلىمىزدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى يېزىلاردا. ئېلىمىزدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئاممىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ ھاللىق جەمئىيەتكە كىرگەندىن كېيىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى 20 نەچچە يىلدا ئېلىمىز ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش بولۇپ قالدى. بۇ ئۇلۇغۋار تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە قىيىن نۇقتىسى يېزىلاردا. بۇنىڭدا مۇنداق بىرقانچە سەۋەب بار: بىرىنچى، ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ تۆۋەن. ئېلىمىزدىكى 1 مىليارد 300 مىليون ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 62% يېزىلاردا، ئۇ ئېلىمىز ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. يېزىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشقا دائىر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇنلىنىش - ئورۇنلانماسلىقى مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ياكى ئورۇنلىيالماسلىقتا ئىنتايىن مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئىككىنچى، نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىكىدىكى زىددىيەتلەر ئىنتايىن گەۋدىلىك، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئىنتايىن قىيىن بولماقتا. دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشۇرۇلماي يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، يېزا بازارلىرىنى ئېچىش، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇ يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى جىددىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش فاڭجېنىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى سىجىل، تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ھالقىلىق مەسىلە. ئۈچىنچى، ئېلىمىز شەھەرلىرى بىلەن يېزىلىرىنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقى بارغانچە زورايماقتا. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ ئېشىشى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ ئېشىشىدىن كۆپ ئارقىدا تۇرماقتا. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، نۆۋەتتە ئېلىمىز يېزىلىرىدا يەنە 30 مىليون ئۆپچۆرىسىدە نامرات ئاھالە بار، ئۇلار ئاساسلىقى ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىمدىكى كونا ئازات رايونلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى، چېگرا رايونلار، نامرات رايونلارغا مەركەزلەشكەن. ئېلىمىزدە شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىش، دېھقانلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش يەنى «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى»نى ھەل قىلىش جىددىي ۋە تەخىرسىز ئىش. دېڭ شياۋپىڭ بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ: «دېھقانلار ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈلمەيدى-

كەن، پۈتۈن مەملىكەتنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزگىلى بولمايدۇ» دېگەن بولسا، جاڭ زېمىن: «يېزىلارنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى بولمىسا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى بولمايدۇ؛ دېھقانلار ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈلمىسە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھاللىق سەۋىيىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس؛ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشمىسا دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ تەكىتلىدى. خۇجىنتاۋ بۇ ئىدىيىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ: «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش خەلق ئىگىلىكىنى سىجىل، تېز سۈرئەتتە، ماس ھالدا ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ، دۆلەتنى ئۇزاق مۇددەت ئەمىن تاپقۇزۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى» دەپ كۆرسەتتى.

2. يېزىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتە ئەڭ ئاساسلىقى، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تايىنىلىدۇ. بۇ نۆۋەتتە يېزىلاردا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى 20 يىلدىن ئارتۇق تىرىشچانلىق ئارقىلىق، ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئۇدا بىرنەچچە بالداق ئۆرلىدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتىكى ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆكسۈپ قېلىشتىن تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭپۇڭ بولۇش، يىلمۇيىل ئېشىپ بېرىشقا قاراپ ئۆزگەردى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ـ تەلەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتى ئاساسلىقى، بايلىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراشتىن بايلىق بىلەن بازارنىڭ قوش قاتلاملىق چەكلىمىسىگە ئۇچراشقا ئۆزگىرىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى «سېتىش تەس بولۇش» ، «باھاسى چۈشۈپ كېتىش» ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش تەس بولۇش مەسىلىلىرى كېلىپ چىقتى. بۇ مەسىلىلەر ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، بۇ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتقانلىقىنىڭ ئىنكاسى. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى. شۇنداقلا «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى»نى ھەل قىلىشنىڭمۇ مۇھىم مەزمۇنى. يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، دېقانلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تايىنىلىدۇ. يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقى ۋە دېھقانلار شاد ـ خورام تۇرمۇش كەچۈرۈش قاتارلىقلارمۇ ئاخىرقى ھېسابتا دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ يېڭى تەلىپىگە ئاساسەن، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

3. يېزىلارنىڭ ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە شەھەر ـ يېزىلارنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت توغرا فاڭجېننى يولغا قويۇش كېرەك. يېزىلاردا ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشنى تېزلىتىشتە شەھەر، يېزىلارنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش شەرت. 16 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلۇق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتىكى ئومۇمىي تەلەپ بويىچە يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا چوقۇم شەھەرلەر، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى بىر تۇتاش پىلانلاش ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئوي ـ پىكىر ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىدە نوقۇل يېزا ئىگىلىكىنى تەكىتلەش، يېزىلاردا نوقۇل يېزىلارنى تەكىتلەشتەك چەكلىمىنى بۇزۇپ تاشلاپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيىتىنى كۆزلەش نۇقتىسىدا تۇرۇپ يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ھەل قىلىدۇ. مۇشۇنداق تەسەۋۋۇر بويىچە يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىنى، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئالدىن ئويلاش، پۇقرالارنىڭ كىرىم تەقسىمات قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش، يېزا

ئىگىلىكىنى قوللاش ۋە قوغداشنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇللۇق ئورنىنى مۇستەھكەملەش، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ ماس قەدەمدە راۋاجلىنىشىنى ئالغا سىلجىتىش، شەھەرلەر يېزىلارنى يېتەكلەش، يېزىلارنىڭ شەھەر - بازارلىشىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش، يېزىلاردىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا ساھەلەرگە ۋە شەھەر، بازارلارغا يۆتكىلىشكە رىغبەتلەندۈرۈش، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى مۇۋاپىق ۋە تەرتىپلىك يۆرۈشۈشكە يېتەكلەش؛ شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ ۋە سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىش؛ مەسئۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى ئۇزاققىچە مۇقىملاشتۇرۇش، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزىلارنىڭ تىجارەت تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىدە كەسىپلەشتۈرۈپ تىجارەت قىلىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، شىركەتلەر بىلەن دېھقان ئائىلىلىرىنى بىرىكتۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ بازارغا كىرىشتىكى تەشكىللىنىش دەرىجىسى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنۇۋېرسال ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش، يېزىلارنى بازار ۋە شەھەرلەر بىلەن باغلاش؛ باج ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش لازىم. يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ ۋە گۈللەندۈرۈپ، ئومۇمييۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتا تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، 100 مىليونلىغان دېھقانغا تايىنىشقا، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا، دېھقانلارنىڭ پۇت - قولىنى بوشۇتۇپ، ئۇلارنىڭ بازارنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى يېزا خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى بىر ئاساسىي تەجرىبىسى، شۇنداقلا «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى»نى ھەل قىلىشتىكى بىر مۇھىم يېتەكچى فاڭجېنى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى» ئېلىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىغا ئالاقىدار زور مەسىلە. شۇنداقلا ئۇزاق مۇددەتلىك مۇرەككەپ ۋە مۇشكۈل ۋەزىپە. شۇڭا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى»نى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، ئومۇمييۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەممەيلەننىڭ گۈزەل ئارزۇسى بولۇپ قالدى.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىنى ئۆگىنىشكە ئائىت 100 مەسىلىدىن كونسۇلتاتسىيە»، خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىل 11 - ئاي نەشرى.

2. «ئومۇمييۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇق»، قىزىل بايراق نەشرىياتى، 2002 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

3. لىن جۇنرۇ: «سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت ھەققىدە»، قىزىل بايراق نەشرىياتى، 2005 - يىل 3 - ئاي نەشرى.

4. «10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئائىت سوئال - جاۋابلار»، ج. ك. پ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى نەشرىياتى، 2005 - يىل 3 - ئاي نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

# ئۇچۇر تورىنى ئىلمىي باشقۇرۇش — ئالىي مەكتەپلەر سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى

مۇرات ئەزىزى*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، نۆۋەتتە مەكتىپىمىزنىڭ ئىنتېرنېت تورى تۈزۈلۈشىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىدە دۇچ كەلگەن يېڭى رىقابەت ۋە خىرىس ئۈستىدە ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، ئىنتېرنېت تورى قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشى، سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىدە ئىنتېرنېت تورىدىن ئىبارەت بۇ ئۈنۈملۈك ۋاستىنىڭ رولىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا چۈشىنىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلمىي پايدىلىنىپ، يېڭى دەۋرىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى شەرھلەنگەن.

**摘要**：本文全面分析随着互联网建设的出现我校政治思想教育工作遇到的新的竞争如挑战，阐明互联网发展的趋势、在政治思想工作中全面正确理解互联网的作用,科学地利用互联网,把新时期高校的政治思想教育工作全面地提升到一个新的高峰的必要性。

**Abstract**: This paper comprehensively analyzes the new competition and challenges in our school's politics and ideological education work, which occurred just following the web construction. It also illustrates the trend of web development, and the role of overall understanding of web side in our political and ideological work. Besides, it scientifically utilizes web side, and puts forward the necessity of political and ideological education work incurrent colleges to reach their advanced level.

21 - ئەسىر يۈكسەك دەرىجىدە ئۇچۇرلاشقان يېڭى دەۋر. ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ پۈتكۈل يەر شارى مىقياسىدا ئومۇميۈزلۈك كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قېتىملىق زور ئىنقىلاب مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتمەكتە. ئۇچۇر تېخنىكىسىنى مەركەز قىلغان تورلىشىش جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بارغانسېرى چوڭقۇر سىڭىپ كىرمەكتە. 2000 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مەركىزىي پارتىيە كومىتېتىدىكى رەھبەرىي يولداشلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى يىغىنىدا زامانىمىزدىكى ئىنتېرنېت تورىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە كۆرسىتىدىغان چوڭقۇر تەسىرى ۋە ئالاھىدە رولىنى ئەتراپلىق شەرھلىدى. 2001 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات خىزمىتى باشلىقلار يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە: «ئىنتېرنېت تورىنىڭ تەشۋىقات رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ئاساسىي

• مۇرات ئەزىزى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى. 830046

يۈزلىنىشنى پاتال راۋاجلاندۇرۇش، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان زىياندىن ساقلىنىش، خاسلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتلىنىش، تورنىڭ تەسىرچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ئۇنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ــ ئىدىيىۋى خىزمىتىنىڭ يېڭى بازىسىغا ئايلاندۇرۇش، ئۇنى ئىچكى ــ تاشقى تەشۋىقاتىمىزنىڭ يېڭى يولىغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. روشەنكى، ئىنتېرنېت توردىن پايدىلىنىپ سىياسىي ــ ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىش كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تونۇشى بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپلەر سىياسىي ــ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىدە كۆپچىلىكنىڭ ئىنتېرنېت تورنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا نىسبەتەن چۈشىنىشى ھېلىھەم يېتەرسىز. شۇڭلاشقا بارلىق مەكتەپلەرنىڭ، جۈملىدىن مەكتىپىمىزنىڭ سىياسىي ــ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى تور پونكىتىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىش، شۇنداقلا تور پونكىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سىياسىي ــ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك، تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇش مەكتىپىمىز سىياسىي ــ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمەتچىلىرى ئالدىغا قويۇلغان يېڭى بىر تېما بولۇپ قالدى.

## 1. مەكتەپ سىياسىي ــ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى تور پونكتى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ئالىي مەكتەپ سىياسىي ــ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنىڭ جەريانى مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇچۇرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى، تاللىنىشى ۋە تارقىلىشى، تېخىمۇ توغرا، مول، ئەھمىيەتلىك ئۇچۇرلارنىڭ ستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيە ھەرىكىتى، قىممەت قارىشى، دۇنيا قارىشىغا كۈچلۈك تەسىر قىلىش جەريانى. ئۇچۇر تورىغا يۈزلىنىش دېگىنىمىز، ئۇچۇر تورى — كومپيۇتېر ئۇچۇر ئامبىرى ۋە كۆندىلىك ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنى بىر گەۋدە قىلغان ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ئالاقە سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەربىر كىشىنىڭ ھەرقانداق ئورۇننىڭ تۈرلۈك يازمىلىرى، ئاۋاز، سۈرەت شەكىللىرىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەرقانداق بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ھەم ھەرقانداق ئادەمگە دەل يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا ئۇچۇر تورىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم ئۇنىڭ ماتارىپ ساھەسىدە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشى مۇقەررەركى، نۆۋەتتىكى ئالىي مەكتەپ سىياسىي ــ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشقا بەزى ئەۋزەللىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك شەرھلەش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، مەكتەپ ئۇچۇر ــ ئالاقە تورى سىياسىي ــ ئىدىيىۋى تەربىيە ئۇچۇرىنىڭ كەڭ تارقىلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئۇچۇر تورىنىڭ كۆپيېيىشچانلىقى، ھەممىباپلىقى، تارقىلىشچانلىقى ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ئىجتىمائىيلاشقان سىياسىي تەربىيە ھالىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئالاقىدار مۇتەخەسسىلەرنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئېلېكترلەشكەن ماتارىپ ئۇچۇرلىرىنى تورلاشتۇرۇپ، ئۇنى دەرسخانىلارغا ئومۇميۈزلۈك يۈزلەندۈرگىلى بولىدۇ. كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بىر ئادەمنىڭ كەسپىي لېكسىيىسىدىن پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنى يىراق مۇساپىلىق ئوقۇتۇشنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ۋاسىتە ماتارىپ ئۈنۈمىنى ئىلمىي، توغرا ۋە ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. مەكتەپ ئالاقە تورى ئالىي مەكتەپ سىياسىي ــ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە «كۆپ ۋاسىتىلىك ئوقۇتۇش» نىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، سىياسىي ــ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنىڭ ھەربىر نازۇك ھالقىلىرىنى ھەربىر ستۇدېنتنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەبىئىي يوسۇندا سىڭىپ كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، «كۆپ ۋاسىتىلىك ئوقۇتۇش» شەكلىدىكى تېخنىكىلىق ئۇچۇر، سۈرەت ۋە ئاۋازدىن ئىبارەت ئۈچ خىل يېڭى ئامىلنىڭ تەربىيە مۇھىتىدىكى رولىنىڭ ئورنىنى ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى تەربىيە خىزمىتىنىڭ تەكرارلىق ۋە قاتمال ھالىتى ئەسلا ئالالمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، مەكتەپ ئالاقە تورى سىياسىي ــ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشنىڭ پائالىيەت ماكانىنى كېڭەيتىدۇ. ئۇچۇر ئالاقە تورى ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئالماشتۇرۇش شەكلىنى ئاساس قىلغان يىراق مۇساپىلىق ماتارىپ ۋاسىتىسى سىياسىي ــ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى تېخىمۇ كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يېكىنمىلىك ھالىتىنى تەدرىجىي يوقىتىپ، باشقا ــ باشقا ئورۇنلاردىكى ستۇدېنتلارنى سىياسىي ــ ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ نىشانلىق ئۈنۈمىدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلىدۇ. يەنە ئۇچۇر تورى ئائىلە ۋە مەكتەپ تەربىيىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرىدۇ. ئۇچۇر تورى ئارقىلىق ئائىلە

باشلىقلىرى خالىغان ۋاقىتتا پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپتىكى سىياسىي - ئىدىيىۋى ھالىتى، ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ. مەكتەپمۇ خالىغان ۋاقىتتا ستۇدېنتلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، مەكتەپ بىلەن ئائىلە بىردەك ماسلىشىپ، ستۇدېنتلارغا قارىتا سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئورتاق ئېلىپ بارالايدۇ. بۇ خىل ھالەت ئەسلىدىكى قاتمال تەربىيە شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئېچىۋېتىلگەن، ئىجابىي تەربىيە مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئۆستۈرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، مەكتەپ ئالاقە تورى تەربىيىلىگۈچىلەرنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى تورلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش ئەمەلىيەتتە ھەرقايسى ئوقۇتۇش مەقسىتىنىڭ كونكرېت تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يېڭى قاراش ۋە ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەربىيىلەنگۈچىلەرگە بىۋاسىتە يۈزلەندۈرىدۇ. تەربىيىلەنگۈچىلەرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش ئەمەلىيىتىدە پەيدا بولغان ۋە يولۇققان يېڭى تەلەپ، يېڭى مەسىلىلەر ھەققىدە بىۋاسىتە مەسلىھەت ئېلىپ، ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق يېڭى بىلىمگە دەل، توغرا ئېرىشەلەيدۇ. دېمەك، تەربىيىلىگۈچى بىلەن تەربىيىلەنگۈچى باراۋەر ئالماشتۇرۇش ھالىتىنى تەبىئىي شەكىللەندۈرۈپ، تەربىيىلىگۈچىلەرنى تېخىمۇ يۈكسەك ئورۇنغا، تەربىيىلەنگۈچىلەرنى تېخىمۇ قىزغىن ئۆگىنىشكە يۈزلەندۈرۈپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رىقابەت دولقۇنىدا تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشتىكى ئاكتىپچانلىقى، سۇبيېكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى ھەقىقىي قوزغىيالايدۇ. بۇ ھالەت سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇچۇر تورى — سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت ئۈچۈن ئېيتقاندا «قوش بىسلىق پىچاق»، يەنى ئۇ بىر تەرەپتىن، پاسسىپ تەسىرمۇ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۇچۇر تورى ستۇدېنتلارنىڭ ماركسىزملىق قەتئىي سىياسىي مەيدان تۇرغۇزۇشىدا بەزى بىر يامان تەسىرلەرنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. توردىكى ئۇچۇر مىقدارىنىڭ كۆپلىكى، تارقىلىشىنىڭ تېزلىكى، مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە ئۇنىۋېرساللىقى، يوشۇرۇن تەسىر كۈچىنىڭ زورلۇقى ئىلگىرىكى ھەرقانداق ئالاقە ۋاسىتىسىنىڭ جەلپكارلىقىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. شۇڭا نۆۋەتتە غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر تورنىڭ بۇ خىل ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ياش ستۇدېنتلارغا روھىيەت ھۇجۇمى قوزغىشى مۇمكىن. يېقىنقى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «فالۇن گۇمپىسى» تازا ئەۋجىگە چىققان 98 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 99 - يىلىنىڭ باشلىرىدىلى خۇڭجى باشچىلىقىدىكى «فالۇن گۇمپىسى» مەستانىلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مىڭلىغان تور پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، نۇرغۇنلىغان قۇتراتقۇلۇق خاراكتېرىدىكى ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتلارنى كەڭ تۈردە تارقىتىپ ئاممىنى قايمۇقتۇردى. نەتىجىدە، تيەن ئەنمېندىكى قارشىلىشىش ھەرىكەتلىرى سادىر بولدى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم تور پونكىتلىرى ئېلىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ھەم ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى كەمسىتىدىغان ۋە ئۇلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىرقاتار بىمەنە ئۇچۇرلارنى تارقىتىپ، بەزى بىر نورمالسىز كەيپىيات پەيدا قىلدى. روشەنكى، تور قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، دۇنيا قارىشى تېخى مۇستەھكەملەنمىگەن، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تېخى تۇرغۇزۇلمىغان تەجرىبىسىز ياش ستۇدېنتلار توغرا يېتەكلەنمىسە ۋە ئۇلارغا پرىنسىپال تەربىيە ئېلىپ بېرىش كەم بولسا، ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنتايىن قىيىن. زامانىمىز ستۇدېنتلىرىنىڭ كومپيۇتېر سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى، ئۇلار توردىكى تۈرلۈك ئۇچۇرلاردىن بىمالال پايدىلىنالايدۇ. ناۋادا ئۇلاردا تۈرلۈك يېڭى روھىيەت ۋىرۇسلىرىغا قارىتا قارشىلىق كۆرسىتەلەيدىغان «ئىممۇنىتېت كۈچى» بولمىسا ئاسانلا سېرىق مەزمۇندىكى، خاتا مەزمۇندىكى «مىكروبلار»نىڭ چىرىتىشىگە ئۇچراپ، پسىخىكىلىق ۋە ئىدېئولوگىيىلىك زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. ئۇچۇر تورىنىڭ يەرشارىلىشىشى تۈرلۈك ساغلام بولمىغان ئۇچۇرلارنىڭ بىمالال سىڭىپ كىرىشىنى تېزلىتىپ بارىدۇ. تورلاشقان دۆلەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئەخلاقىي قاراشلىرى ستۇدېنتلىرىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدا كەسكىن توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلىپ، تۈرلۈك ئىدىيىۋى داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلىدۇ. تورنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى — ئورتاق بەھرىلىنىش، ئىمزاسىز بولۇش، ئەركىن، ئېچىۋېتىلگەن بولۇش. ئەمما نۆۋەتتە ئېلىمىز توردىن يۇقىرى مۇلازىمەت سەۋىيىسىدە پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، چوقۇم تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ. نەتىجىدە، تۈرلۈك ناتوغرا، ساغلام بولمىغان مەزمۇنلار زور مىقداردا ئېقىپ كىرىدۇ. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ قانۇن - تۈزۈمى، ئىدىيە - ئەخلاق ئۆلچىمى ئوخشىمىغاچقا، بەزى ئەللەردە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى قىمار ئويناش، شەھۋانىيلىق ۋە ئوخشاش جىنسلىقلار

مۇھەببەتكە ئوخشاش چۈشكۈن تۇرمۇش ئۇسۇللىرى قانۇنلۇق ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا ستۇدېنتلىرىمىزدا بىرقەدەر يۇقىرى ھەق ـ ناھەق، توغرا ـ خاتانى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى بولمايدىكەن، ئۇچۇر توردىكى يۇقىرىقىدەك تۈرلۈك ھۇجۇملارنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ قېلىپ، تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن.

قىسقىسى، توردىكى ئالاقە ئوبيېكتلىرى ئادەم. ئۇلار زامانىۋى ھاسىلات ھېسابلانغان كومپيۇتېرنىڭ ياردىمى بىلەن تېز، توغرا ئۇسۇلدا ئالاقىلىشىدۇ. ئالىي مەكتەپ مەزگىلى ياشلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان ھالقىلىق مەزگىل. مەكتەپ ھاياتىنىڭ تەلىپى ئۇلارنى ئىزچىل ئالاقە تورىغا سۆرەپ كىرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىنتېرنېت تورىنىڭ پاسسىپ تەسىرىدىن قورقۇپ ئۇنى ئومۇملاشتۇرمىساق يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئەۋزەل تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ راۋاجلاندۇرۇشىمىز، ئۇنىڭدا سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەت ئېلىپ بېرىپ، پاسسىپ تەسىرىنى تۈگىتىپ، ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

## 2. تور مەدەنىيىتىنىڭ ۋاستىچىلىك خاراكتېرىنى تولۇق تونۇش

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ھامان بىر ۋاستىلىك شەكىل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىنى مەكتەپ مەدەنىيەت پائالىيىتى بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشى ھەرگىزمۇ بىر ئۈنۈملۈك ۋاستىنىڭ ياردىمىسىز ئىشقا ئاشمايدۇ. شۇڭا سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ۋاستىلىك خاراكتېرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تولۇق ئىگىلەش بىلەن بىللە يەنە پۈتكۈل يەر شارىنىڭ تورلىشىش، ئۇچۇرلىشىش ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ئوخشىمىغان يېڭى مەزمۇنلىرىغا ئاساسەن سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ يېڭى مەزمۇنلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش — زامانىمىز ئۇچۇر ئىنقىلابى ئوتتۇرىغا قويغان رېئال، يېڭى مەسىلە. قارىشىمچە، ئۇچۇر تورى سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيە ئۇچۇرلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدىغان ئۈنۈملۈك ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ مەشغۇلات سىستېمىسىنى، ئوبيېكت بىلەن سۇبيېكتنىڭ ماھىيەتلىك باغلىنىشىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشقا ئېشىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىلغا ئايلاندى. ئۇچۇر تورى تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى تارقىتىشنىڭ بىر ۋاستىسى. كەڭ ستۇدېنتلارغا سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيە مەزمۇنلىرىنى يەتكۈزۈش، تورداشلار ئارا تېخىمۇ كەڭ تۈردە مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنى ئىدىيە جەھەتتىن ساغلام، يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تەربىيىلەش دەل ئۇچۇر تورىنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىچىلىك رولى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىش تەلىپىگە ئەگىشىپ، ئۇچۇر تورى زامانىمىزدىكى ئەڭ تېز ئۇچۇر تارقىتىش ۋاستىسىغا ئايلىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ يەرشارىلىشىش قەدىمىنىڭ تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشىگە كۈچلۈك ماددىي ئاساس سېلىپ بەردى. روشەنكى، ئۇچۇر تورى ئۇچۇر دەۋرىنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى سۈپىتىدە ئالىي مەكتەپ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيە ساھەسىنىڭ يېڭى راۋاجىدا ئىستراتېگىيىلىك رول ئوينايدۇ.

ئۇچۇر توردىن پايدىلىنىپ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇنداق ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىكى بار. بىرى، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ئەڭ كەڭ دائىرىدە تېخىمۇ زور مىقداردا كېڭىيىپ بېرىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇچۇر تورىنىڭ تارقىلىش يوللىرى كۆپ، دائىرىسى كەڭ، مەكتەپنىڭ ھەربىر بۇلۇڭلىرىغىچە يېتىپ بېرىپ، ھەربىر ئوقۇغۇچىغىچە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىجتىمائىي مۇھىت ئامىلى مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى ھەربىر ستۇدېنتنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئاساسەن ئۇچۇر ۋاستىسىنىڭ رولىدىن ئايرىلالمايدۇ. يەنە بىرى، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ رېئال ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. زامانىمىز دۇنياسىدا ئۇچۇر تورى بىلەن مەكتەپ ھاياتى پائالىيىتى ئىنتايىن زور دەرىجىدە بىرلىشىپ كەتتى. ئۆزگىچە ئاپىرىدە بولغان مەكتەپ ئۇچۇر تورى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە مەكتەپ تۇرمۇشىنى دەل ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك مەكتەپ ئۇچۇر تورىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈنەرلىك گەۋدىلەندۈرىدۇ. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، پەقەت ئۇچۇر تورىنىڭ تەرەققىياتىلا يەر شارىنى گويا «بىر كەنت»كە ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ ھال بىزنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇچۇر توردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئالىي مەكتەپ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىسىنى دەل، توغرا، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ ئەلا ئىجتىمائىي مۇھىتى. مەكتەپ ئۇچۇر تورىنىڭ يۇقىرىقى بىرقاتار ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى بازار ئىگىلىكى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى ۋاستىچىلىك رولىنى تېخىمۇ روشەن نامايان قىلدى. دېمەك، بىز تېخىمۇ زور كۈچ

بىلەن ئۇچۇر تورىدىن ئىبارەت بۇ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە ئەمەلىيىتىدىكى ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

## 3. مەكتىپىمىز تور قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئۈستىدىكى مۇلاھىزە

ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالىي مەكتەپ سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىسىگە ئېلىپ كىرىلىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر زامانىۋى ئېقىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالىي مەكتەپلەر زامانىۋى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن مەكتەپ تورى ھەرقايسى جايلاردىكى مەكتەپلەردە خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ يۇقىرى پەن - تېخنىكا ۋاستىسى ئارقىلىق يېڭىچە تەربىيە بازىسى قۇرۇشىنىڭ ئىجتىمائىي ماددىي ئاساسىنى ياراتتى. ئەمما تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلى، مەكتىپىمىزنىڭ تور قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تولىمۇ ئاستا بولىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە تېخى بۇ خىزمەت يەنىلا تەييارلىق باسقۇچىدا تۇرماقتا. ھازىرغىچە دەۋر تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان، مەكتەپنىڭ ئۆزگىچە ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئالىي مەكتەپ تور سىستېمىسى تېخى بەرپا قىلىنمىدى، بۇ نۆۋەتتىكى سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىدىكى ئاجىزلىق ۋە كۆرۈنەرلىك مەسىلە. مەكتىپىمىزدە سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىدە ئاجىز ھالقىلارنىڭ كۆرۈلۈشىدىكى گەۋدىلىك مەسىلە زادى نېمە؟ مېنىڭچە، يىغىنچاقلىغاندا مۇنداق ئىككى تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ. بىرى، مەكتىپىمىزنىڭ بەزى بۆلۈم، تارماق، كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ ئۇچۇر تورىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىدىكى ئۈنۈملۈك ۋاسىتىلىقىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ رولىنى تولۇق چۈشىنىشى يەنىلا يېتەرسىز. يېڭى ئۇچۇر دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي يۈزلىنىشنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى يۈزلىنىشىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى چۈشىنىشى يېتەرسىز. مەكتىپىمىزنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە ئەمەلىيىتىدە يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش يېتەرسىز. ئەكسىچە، تەربىيە مۇھىتى تار، ئۇسۇل، مېتود ۋە قاتلام باسقۇچلىرى قالاق. شۇڭا مەكتىپىمىزنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىسىدە نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر ساقلانماقتا. يەنە بىرى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئۇچۇر تور قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشقا بولغان پوزىتسىيىسى تازا ئاكتىپ ئەمەس. تۈزۈملەشكەن، سىستېمىلاشقان كەسپىي خىزمەت ئورگىنى ۋە خادىملىرى تېخى بەرپا قىلىنغىنى يوق. شۇڭا ئىنسانىيەت، جۈملىدىن ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ئۇچۇر تورىنى ئاللىبۇرۇن يۈرۈشلەشتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىزمەتنىڭ بىزدە شەپىسى بار، ئەمەلىيىتى يوق. بۇ خىل ئەھۋالدا مېنىڭچە، ئالدىنقىلار ئاساس سېلىش، كېيىنكىلەر راۋاجلاندۇرۇش پوزىتسىيىسى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىستىلىنى ياخشىلاپ، تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دادىل ئىش كۆرگەندىلا، ئۇچۇرلاشقان دەۋردىكى مەكتىپىمىزنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىسىنى يېڭى بىر پەللىگە ئۆرلەتكىلى بولىدۇ.

مەكتىپىمىز رايونىمىزدىكى باشقۇرۇش كۆلىمى ئەڭ چوڭ، مىللىي ئالاھىدىلىك گەۋدىلىك بولغان بىر ئالىي بىلىم يۇرتى. شۇنداقلا ئۇ سەرخىللاشقان ئىلمىي تەتقىقات ئەمەلىي كۈچىگە ئىگە. مەملىكەت ئىچىدە خېلى كۈچلۈك ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەيدىغان مۇھىم ئىلمىي تەتقىقات بازىسى. 211 قۇرۇلۇشىغا تۇر تۇرغۇزغان 100 ئالىي مەكتەپنىڭ بىرى. بۇنداق بىر ئىلمىي ئورۇننى ياخشى باشقۇرۇش كۆپلىگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە مەكتىپىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېڭى بىر ئەۋلاد يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى.

مەكتەپ تور قۇرۇلۇشىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئاۋۋال، بىز ئالدى بىلەن مەكتىپىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى ياخشى چۈشىنىپ، تورلىشىشتىن ئىبارەت يېڭى مۇھىتقا يۈزلىنىشىمىز لازىم. سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىچىلىرىمىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزىنىڭ ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، قاراشنى يېڭىلاپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ يېڭى زېمىنىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىشى كېرەك.

مائارىپ مىنىستىرلىكى 2000 - يىلى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چىقارغان «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىسىنى تورلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار»نىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، مەكتەپ تور قۇرۇلۇشىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىشىمىز، مەكتەپ مەدەنىيەت مۇھىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سىياسىي -

ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىشىمىز لازىم. ئۇچۇر دەۋرى بىزدىن كونىچە تەربىيە ئۇسۇلىدىن دەرھال قۇتۇلۇشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا. ئىدىيىۋىلىككە، سىياسىيلىققا، ئىلمىيلىككە، جەلپكارلىققا ئىگە يۇقىرى سەۋىيىلىك سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە مۇھىتىنى بەرپا قىلساق، ئاندىن ھەر مىللەت ستۇدېنتلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيە مۇھىتىغا ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەلەپ، ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمىز.

نۆۋەتتە مەكتىپىمىزدىكى سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە چوقۇم ئىلمىي، جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز لازىم. ئۇچۇر تورىنىڭ ستۇدېنتلارنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە جىددىي قاراپ، يۇقىرى سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭى بىلەن يېڭى رىقابەتكە يۈزلىنىپ، ئاكتىپ ئاتاكىغا ئۆتۈپ، تورلىشىشنىڭ ئىجابىي رولىنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىز، سەلبىي تەسىرىنى توسۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن ماسلىشىپ، بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ، تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە ياقتىن قول سېلىش لازىم.

بىرىنچى، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت قوشۇنىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئالىي مەكتەپ سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىچىلىرى تور تېخنىكىسىنى پۇختا ئىگىلىشى، مەشغۇلاتقا ماھىر بولۇشى كېرەك. يېڭى دەۋردىكى سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ھۆددىسىدىن بىمالال چىقالىغۇدەك سىياسىي ئاڭ، نەزەرىيىۋى بىلىم، كەسپىي سەۋىيىگە ئىگە بولۇشى لازىم. بولۇپمۇ ئىنتېرنېت توردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، بىمالال مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدىغان كەسپىي ماھارەتنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈشى لازىم.

ئىككىنچى، ساغلام، ئىجابىي مەدەنىيەت ئىدىيىسى تور بازىسىنى ئىگىلىشى كېرەك. بىز چوقۇم ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلەپ، تور مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار جەۋھەرلىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزگىچىلىككە ئىگە يېڭى تور مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى دادىل قۇرۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ جەلپكارلىقىنى نامايان قىلىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، توردىكى ئەخلاق تەربىيىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە ئۆتتۇرا ئۇتتۇرا... 

تۆتىنچى، تور قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. مەكتەپ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇناسىۋەتلىك يېڭى بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەكتەپ تور قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈنۈملۈك، ساغلام يۈرۈشلەشتۈرۈلۈشىنى كۈچەيتىپ، ستۇدېنتلارنىڭ توردىن پايدىلىنىش جەريانىدىكى سىياسىي بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇشىغا يېقىندىن ياردەم بېرىشىمىز لازىم.

بەشىنچى، تور باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، مۇنتىزىملاشتۇرۇپ، تور پونكىتىنى مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش، پەن - تەتقىقات ھەم سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە ئەمەلىيىتىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى ئادەم، ئىلغار ئىش - پائالىيەتلەرنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىدىغان سورۇنغا، ھەقىقىي ئىزباسار تەربىيىلەشنىڭ تايانچ بازىسىغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. جياڭ ياۋ سەن: «سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە ئاساسلىرى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 2001 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

2. جياڭ بوتوڭ: «تورنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ۋە ئەخلاق ئارقىلىق باشقۇرۇش»، نۇر گېزىتىنىڭ 2001 - يىل 23 - مايدىكى سانى.

3. جياڭ شياۋشۇ: «ئىنتېرنېتنىڭ ئەنئەنىۋى ئالىي مائارىپ فورمىسىغا بولغان خىرىسى»، جۇڭگو ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى.

4. «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي خىزمەتنى ياخشىلاش ھەققىدىكى قارارى».

5. دوڭ خاۋجۇن: «تور مەدەنىيىتىنىڭ ئالىي مەكتەپ سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە ئېلىپ كەلگەن ئاگاھى ۋە خىرىسى»، جەمئىيەتشۇناسلىق ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 9 - سانى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

# كارخانىغا مۇناسىۋەتلىك مەنپەئەت سۇبيېكتلىرى ئۈستىدە تەھلىل

ئابلاجان ئابدۇنىياز*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، كارخانىغا مۇناسىۋەتلىك مەنپەئەت سۇبيېكتلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى ئايرىۋېتىلگەن ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمىدە كارخانىدا بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق - مەنپەئەتى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**:本文通过对与企业相关的利益主体的利益的分析,分析所有权和经营权相分离的现代企业制度下他们在企业中应享受的权益。

**Abstract**: On the basis of the analysis of the relevant interests of enterprises, the article analyses the interests they should get under the modern enterprise system — the separation between ownership and management.

كارخانا — كىشىلەر بازار پائالىيىتى ئارقىلىق مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن قۇرغان بىر خىل ئىقتىسادىي تەشكىلات. نۇرغۇن سۇبيېكتلار كارخانا بىلەن قانۇنىي مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، كارخانىدا مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەنپەئەت سۇبيېكتلىرى مەبلەغ سالغۇچىلار، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ۋە كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئىبارەت. كارخانىنىڭ سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەنپەئەت سۇبيېكتلىرى بولسا سودا مۇناسىۋىتىدىكى كىشىلەر، ئادەتتىكى ئىجتىمائىي سۇبيېكتلار ۋە دۆلەتتىن ئىبارەت. كارخانا ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى مەقسەت قىلغان، پايدا تېپىش خاراكتېرىدىكى بازار سۇبيېكتى بولغاچقا، كارخانىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قىسمىدىكى مۇناسىۋەت كۆپىنچە ئالاقىدار تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا كارخانا قانۇنىنىڭ ھەل قىلىدىغىنىمۇ بايلىق يارىتىش، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە پايدىنى تەقسىم قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا شەكىللەنگەن ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. تۆۋەندە كارخانىغا مۇناسىۋەتلىك مەنپەئەت سۇبيېكتلىرىنىڭ كارخانىدىكى مەنپەئەتى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزىلىدۇ.

## 1. مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ كارخانىدىكى مەنپەئەتى

مەبلەغ سالغۇچىلار كارخانىدىكى ئەڭ مۇھىم مەنپەئەت سۇبيېكتىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى كارخانىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، ئۇلار كارخانىنى قۇرغۇچىلاردۇر. كارخانىنىڭ پايدا تېپىش خاراكتېرى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پايدىغا ئېرىشىش مەقسىتىدىن كەلگەن. مەبلەغ سالغۇچىلار كارخانىغا تۆھپە قوشىدىغان بولغاچقا، كارخانىدا مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن كارخانىنىڭ مال - مۈلكى شەكىللىنىدۇ. كارخانىنىڭ مال - مۈلكى بىلەن مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ

• ئابلاجان ئابدۇنىياز: مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى. 830012

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەخسى مال ـ مۈلكى ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ كارخانىنىڭ مۇستەقىللىق سالاھىيىتىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بۇ خىل ئايرىۋېتىش كارخانىلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان، قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتلەرنىڭ بىرى.

ھازىرقى زامان شىركەت تۈزۈمىدە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن كارخانىنىڭ قانۇنىي ئىگە تىپىدىكى مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئايرىۋېتىش بەلگىلەنگەن. كارخانىلارنىڭ مال ـ مۈلكى پايچىلارنىڭ مەبلەغ سېلىشىدىن كېلىدۇ، مەبلەغ سالغۇچىلار ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى كارخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىش بىلەنلا مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالىدۇ ياكى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، شىركەتتە پايچىلار شىركەتكە مەبلەغ قىلىپ سالغان مال ـ مۈلۈككە قارىتا ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، پاي ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ. پايچىلارنىڭ ئۆزىدە ئۇ مال ـ مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. پايچىلار مەبلەغ قىلىپ سالغان مال ـ مۈلۈك شىركەتنىڭ ئىگىدارلىقىغا تەۋە بولغاچقا، پايچىلاردا مال ـ مۈلكنى قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقىمۇ بولمايدۇ. شىركەت بولسا مەبلەغ سالغۇچىلار سالغان مەبلەغدىن شەكىللەنگەن بارلىق مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولىدۇ ھەم ئۇ مال ـ مۈلۈككە قارىتا تولۇق، مۇكەممەل بولغان بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، قانۇن بويىچە ھەق تەلەپ ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ھەق تەلەپ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. شىركەتنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى شىركەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەبلىغى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مەبلەغ شىركەتنىڭ بازار پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە سىرتقا قارىتا جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشتىكى ماددىي ئاساسى بولىدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلار كارخانىغا سالغان مەبلىغى بەدىلىگە تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقى، نازارەت قىلىش ھوقۇقى، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنى تاللاش ھوقۇقى ۋە پايدا ئېلىش ھوقۇقى قاتارلىق مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

مەبلەغ سالغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى كارخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، بۇ خىل ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ پايدىنى مەقسەت قىلىشىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدا ماھىيەت جەھەتتە ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە قولايلىق بولۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. دېمەك، مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن ئۇلار بارلىققا كەلتۈرگەن كارخانا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىككى مۇستەقىل بازار سۇبيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئۇلارنىڭ ھوقۇق مەجبۇرىيىتى قانۇن بويىچە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئەمما مەبلەغ سالغۇچىلاردىن ئىبارەت ئەسلىدىكى ئىگىدارلىق ھوقۇق سۇبيېكتىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدا كارخانىنىڭ قانۇنىي ئىگە تىپىدىكى مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ۋاستە قىلىنىشى كېرەك. گەرچە بۇ خىل ھوقۇق ئىقتىدارىنىڭ ئايرىلىشى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئەتىگە ئەگىشىپ يۈتكىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ خەۋپ ـ خەتىرى كۆپىيىپ بارىدۇ. بۇنداق خەۋپ ـ خەتەردىن قۇتۇلۇش كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈزۈلمىگە باغلىق. ئايرىلىپ چىققان قانۇنىي ئىگىنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى بىر خىل يىغىلىش خاراكتېرىدىكى ھوقۇق بولۇپ، شىركەت قۇرۇلۇپ، شىركەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاخىرلىشىشتىن ئىلگىرى ھەرقانداق ئورگان ۋە شەخسنىڭ شىركەتنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىتىشىغا بولمايدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك تۈپەيلىدىن كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرى بىۋاستە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە سۇبيېكتلارغا ئايلىنىپ، كارخانا ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارغا قارىتا مال ـ مۈلۈكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى بىۋاستە ئۈستىگە ئالىدۇ. ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ساداقىتىنى بىلدۈرۈشى ناتايىن، شۇڭا مەبلەغ سالغۇچىلار ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارغا قارىتا ئۈنۈملۈك كونترول قىلىشنى يولغا قويۇشى كېرەك. بۇ خىل كونترول قىلىش تاللاش، نازارەت قىلىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ كىرىمىنى بەلگىلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى ئۇنىڭ بازاردىن مەنپەئەتلىنىشىدىكى ھالقا. ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى مەقسەت، كارخانىنىڭ مال ـ مۈلۈكنى كۆپەيتىش ھەمدە پايدىغا ئېرىشىش، بۇ ئارقىلىق مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئىقتىسادى مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەمما بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مەبلەغ سالغۇچىلار ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى نەزەرىيە جەھەتتە كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈك ئارقىلىق بازاردا مەنپەئەتكە

ئېرىشىش ھوقۇقىدىن ئىبارەت. كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قانۇنىي ھوقۇقىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئەمەس، بەلكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ بازاردىن مەنپەئەتلىنىشكە ئىنتىلىشىدىن ئىبارەت كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ تۈرتكىسىدىن بولىدۇ. تەرەققىيات دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان بازار ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەتكە ئىنتىلىش شەكلىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىلگىرى ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلەردە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلار ئىگىلىك باشقۇرۇش سۇبيېكتى بولۇپ، ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نوقۇل ھەم ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى، مۇرەككەپ بازار شارائىتىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى قىيىنغا چۈشتى. ئىگىلىك باشقۇرۇش بىر خىل مەخسۇس پەنگە، ئىگىلىك باشقۇرۇش سەنئىتى بىر خىل ئىقتىدارغا، كەسپىي ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار بولسا جەمئىيەتتىكى ئومۇملاشقان بىر خىل قاتلامغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە بىردەكلىك بۇزۇلۇپ، ئىگىدارلىق ھوقۇقى خاھىشى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى خاھىشى ئىككى خىل مۇستەقىل بازار خاھىشىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوخشاش بولمىغان بازار خۇسۇسىيىتى شەكىللىنىپ، پەقەت ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندىلا قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنى مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈپ، ئىگىدارلىق ھوقۇقى دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى، ئىگىدارلىق ھوقۇقى بولسا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش نەتىجىسىدىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى يەكۈنلەندى. بۇ ۋاقىتتا ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ زىددىيىتى ئۆتكۈرلىشىپ، بۇ ئىككى خىل ھوقۇقنىڭ ئايرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىككى خىل ھوقۇقنىڭ ئايرىلىشىغا ئەگىشىپ، قانداق قىلغاندا ھەم ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە قولايلىق ياراتقىلى، ھەم ئىگىدارلىق ھوقۇقى مەنپەئىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە كېلىپ چىقتى، ھەم بۇ مەسىلە ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى مەسىلىسىنىڭ تۈگۈنىگە ئايلاندى.

ھازىر بارلىققا كەلگەن چەكلىك پاي مەسئۇلىيەتچانلىق شىركىتى كارخانا كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقان بولۇپ، ئاكسىيە بازىرىدا پاي چېكى تارقىتىپ مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق، كارخانا مەبلىغىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت شەكىلنى پۈتۈن جەمئىيەتكە كېڭەيتتى. شىركەتنىڭ پاي چېكىنى ھەرقانداق ئادەمگە سېتىشقا بولىدۇ، مەبلەغ سېلىشنى خالايدىغان ھەرقانداق ئادەم شىركەتكە مەبلەغ سالسا ۋە پايدىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ. شىركەت پاي چېكى تارقىتىش ئارقىلىق قىسقا مۇددەت ئىچىدە كۆپ مىقداردا مەبلەغ توپلاپ شىركەتنى ئۈنۈملۈك كېڭەيتىدۇ. بۇنداق شىركەتلەردە پايچىلارنىڭ ئەمىلى ئورنىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك پايچىلار ئاجىز لارغا ئايلانماقتا. ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە قوغداش ئىنتايىن مۇھىم، شۇڭا چوڭ پايچىلارنى چەكلەش، بولۇپمۇ ئانا شىركەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىدىكى بالا شىركەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا بولغان كونترول قىلىشنى چەكلەش ئۈچۈن، پاي چېكىنى تىزگىنلىگۈچى پايچىلارنىڭ تىزگىنلىۋېلىشى تۈپەيلىدىن، كونترول قىلىنغۇچى شىركەت زىيان تارتقان ۋە ۋەيران بولغان ئەھۋالدا چەكلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ئىبارەت چەكلىمىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پاي چېكىنى تىزگىنلىگۈچى پايچىلارنىڭ تولەم جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تەكىتلەنمەكتە.

## 2. ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ كارخانىدىكى مەنپەئىتى

ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ئادەتتە كەسپىي بىلىمگە ۋە مەخسۇس ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەردۇر، ئۇلار كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. كارخانا نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. مۇستەقىل مەبلەغ سالغان كارخانىلار، شىركەتلەشكەن كارخانىلاردىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ئادەتتە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئۆزىدۇر. ئەمما كارخانىلار كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تېخنىكا، باشقۇرۇش جەريانىنىڭ مۇرەككەپلىشىشى، كەسپلىشىشكە ئەگىشىپ، ئىگىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلۇپ،

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتتىكى كەسپىي ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتلىمىنىڭ شەكىللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، شىركەتتىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش مەخسۇس كەسىپكە ئايلاندى. چەكلىك پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى ۋەكىللىكىدىكى زامانىۋى شىركەت تەشكىلىدە «كىم پۇل چىقارسا شۇ باشقۇرىدۇ» دېگەن نەزەرىيىنىڭ ئورنىنى «كىم پۇل چىقارسا شۇ پايدىغا ئېرىشىدۇ» دېگەن نەزەرىيە ئىگىلىدى، «پايچىلار يىغىنىنى مەركەز قىلىش» قارىشى «مۇدىرىيەتنى مەركەز قىلىش» قارىشىغا ئورۇن بەردى. پايچىكلار ۋە پايچىلار يىغىنىنىڭ ھوقۇقى چەكلىمىگە ئۇچراپ، مۇدىر ۋە مۇدىرىيەتنىڭ ھوقۇقى كېڭەيدى. بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، پەقەت ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزگەندىلا، ئاندىن ئېرىشىدىغان مەنپەئەتنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، كارخانا پايدا ئېلىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، مەبلەغ سالغۇچىلارمۇ مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتى ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتىنىڭ مۇھىملىقى تۈپەيلىدىن، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى ئاساسلىق ھوقۇققا ئايلانغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ كىرىم ۋە ۋەزىپە ھەم مەنىۋى جەھەتتىكى ئۆزىنى كۆچەيتىش مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچلۈك بولۇش تەلىپى سەۋەب بولغان. ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ شەخسى مەقسىتىنى كارخانا ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەنپەئەت تەلىپىگە قانداق ماسلاشتۇرۇشتا تاشقى ئامىل يەنى مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە كارخانىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ نازارەت قىلىشى، دىرېكتورلار بازىرى ۋە باشقا بازارلارنىڭ رىقابەت كۈچىنىڭ چەكلىمىسىگە تايىنىش كېرەك. شىركەت تۈزۈمىدە قانۇن مۇدىرلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئېنىقلاتقان بولۇپ، مۇدىرلارنىڭ شىركەتكە سادىق بولۇش مەجبۇرىيىتىدىن باشقا يەنە شىلا كەتنى ئوبدان باشقۇرۇش مەجبۇرىيىتى بارلىقى بەلگىلەنگەن، پايچىلارنىڭ دەۋا ھوقۇقى مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن بولۇپ، پايچىلار مۇدىرلارنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. پايچىلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقى يۈرگۈزۈشكە قارىتا نازارەتچىلىك كۈچەيتىلگەن بولۇپ، نازارەت تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتى ماھىيەت جەھەتتە پايچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ۋاستە، مەبلەغ سالغۇچىلار گەرچە پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ پاي ئۆسۈمى ۋە پايدىغا ئېرىشىدىغان بولسىمۇ، لېكىن مەبلەغ سالغۇچىلار نازارەت قىلىشنى يۈرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق، مۇدىرىيەت ھوقۇقىنىڭ كېڭىيىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ شەخسى مەنپەئىتى ۋە شەخسى مەقسىتىنىڭ مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە كارخانىنىڭ مەنپەئىتى ھەم ئىرادىسىگە خەۋپ يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## 3. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىدىكى مەنپەئىتى

ئىشچى - خىزمەتچىلەر كارخانىدىكى ئەمگەكچىلەردۇر، ئۇلار قىممەت يارىتىدۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كارخانىغا تۆھپە قوشۇدىغان بولغاچقا، كارخانىدا مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىدىن ئالىدىغان ئىش ھەققى كىرىمى شۇ ئىشچى - خىزمەتچى ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك. ئۇ مىكرو جەھەتتە شەخسلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەنپەئىتى ھېسابلانسا، ماكرو جەھەتتە جەمئىيەتنىڭ ئىناق ۋە مۇقىم بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك.

كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى ئادىللىقنىڭ ئاساسى — ئاساسىي قانۇندىكى كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپى، ھەق تەلەپ قانۇندىكى ئادىل بولۇش پرىنسىپى ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش پرىنسىپىدىن ئىبارەت. كارخانىدا نوقۇل ھالدا سىياسىي نۇقتىدىن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق مەجبۇرىيىتىنى چۈشەندۈرۈش كۇپايە قىلمايدۇ. ئەنئەنىۋى نەزەرىيىلەردە ئىشچى - خىزمەتچىلەر دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرى دەپ قارىلاتتى، شۇڭا كارخانا (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار) نىڭ خوجايىنلىرىدا مەنتىقە جەھەتتە نۇرغۇن مەسىلىلەر كۆرۈلگەن. ئالدى بىلەن ئومۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايرىماي، سىياسىي تۈرمۇشتىكى ئۇقۇمنى كارخانا تەشكىلىگە ئېلىپ كىرگەن. ئۇنىڭدىن قالسا «خوجايىن»لار دېگەن سۆز «چاكار»لار دېگەن سۆزگە قارىتا ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، ئىشلىتىلگەن سۆز - ئىبارىلەر مەزمۇن جەھەتتە ھازىرقى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈمىدىكى پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۇرمۇشىدىكى قانۇنىي ئورنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالمىغان. تېخىمۇ ئېغىر بولغان مەسىلە

شۇكى، كارخانا سىياسىي تەشكىلات ئەمەس، بەلكى پايدا ئېلىش خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىقى ۋە باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت، بۇ خىل مۇناسىۋەتتە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كارخانىدىكى بىر خىل مەنپەئەت سۇبيېكتى بولۇش سۈپىتى بىلەن كارخانىنىڭ يۈرۈشىشى جەريانىدا بويسۇنغۇچى ئورۇندا، ئاجىز ئورۇندا تۇرىدۇ، پەقەت ئۇلارنىڭ ئورنىنى توغرا بېكىتكەندىلا، ئاندىن ئۈنۈملۈك بولغان قانۇن - تۈزۈمنى ئورنىتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق ئايرىمىسى سىستېمىسىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇيرۇققا بويسۇنىدىغان ئاجىز ئورۇندا تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ كارخانا تۈزۈمىدە ئۇلارغا بېرىلگەن ھوقۇق چەكلىك، ئىشچى - خىزمەتچىلەردە قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ئۆزى قوغداش ۋاسىتىسى كەمچىل بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى ئوڭايلا دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرايدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نورغۇن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئاساسىي مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بولغاچقا، قانۇندا مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك بەلگىلىمىلەر چىقىرىلىشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، قانۇن چىقىرىش جەھەتتە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىدىكى ئاجىزلار ئىكەنلىكىنى بېكىتىش، بۇ ئاساستا ھەقىقىي ئۈنۈملۈك بولغان قانۇن - تۈزۈم ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي كاپالىتىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسىنى كېڭەيتىپ، پاراۋانلىق فوندى ۋە سۇغۇرتا تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەسىلىدىن باشلاپ، ئۇنى كارخانىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيىتىگە ئۆزگەرتىش، كارخانا ھۆكۈمەت تەلەپ قىلغان سۇغۇرتا ئاپاراتى ۋە ھۆكۈمەت تەسىس قىلغان پاراۋانلىق فوندى تەشكىلاتىغا بىۋاسىتە خىراجەت تاپشۇرۇشى كېرەك. بۇ ئىجتىمائىيلىشىش بەزى كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىقىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىق ئەھۋالى ھەم كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى خەۋپ - خەتىرى تۈپەيلىدىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كېلىدىغان سەلبىي تەسىرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## 4. ئىجتىمائىي سۇبيېكتلارنىڭ كارخانىدىكى مەنپەئىتى

كارخانا بىلەن باشقا ئىجتىمائىي سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدا توختامنى ۋاسىتە قىلغان ئىقتىسادىي ئالاقە مەۋجۇت، بۇ خىل مۇناسىۋەت كارخانىنىڭ تاشقى قىسمىدىكى مۇناسىۋەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتە ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئاساسلىق ئامىللار — ئۈنۈم، بىخەتەرلىك ۋە ئىجتىمائىي ئادىللىق. توختامدا ئەركىن بولۇش ئەڭ ئاساسلىق تەلەپ، ئەركىن توختاملىشىش ئارقىلىق كارخانا بىلەن بازارنىڭ باغلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى، مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتنىڭ ئۆزئارا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. كارخانىنىڭ جامائەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى كارخانا قۇرۇلۇشى بىلەنلا باشلىنىدۇ⇔ مەسىلەن، تەمىنلىگەن مەھسۇلات ۋە مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى، دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە قارىتا ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇن، ئاممىۋى تەرتىپ، ياخشى ئادەتلەرگە رىئايە قىلىش مەسئۇلىيىتى، ئىستېمالچىلارنىڭ زىيىنى ۋە مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلارغا قارىتا تۆلەم مەسئۇلىيىتى قاتارلىقلار ھازىر دەرىجىدىن تاشقىرى كارخانىلار كۈچلۈك بولغان جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش كۈچىگە ئىگە ھوقۇق مەركىزى بولۇپ شەكىللەندى. ئىستېمالچىلار ۋە ئوتتۇرا - كىچىك كارخانىلار ئاجىزلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئادىل رىقابەتلىشىش شارائىتىدىن بەھرىمەن بولۇشى قىيىنلاشماقتا. چوڭ كارخانىلارنىڭ مونوپول قىلىشى ۋە ناتوغرا رىقابەت قىلمىشى بازار تۈزۈلمىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى چەكلىمىگە ئۇچرىماقتا. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بازاردىكى ئاجىز سۇبيېكتلارنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى كارخانا ئەركىنلىكى پرىنسىپىنى ئۆزگەرتىش، دۆلەتنىڭ توختامغا بولغان بەزى ئارىلىشىشى ۋە چەكلىمىسىنى بېكىتىپ، ئۆلچەملىك توختام تۈزۈشكە بولغان نازارەت قىلىش، ئاممىۋى مۇلازىمەت كەسپىدە توختام تۈزۈپ، مەجبۇرىيەتنى بېكىتىشنى كۈچەيتىش، توشۇش توختىمى قاتارلىق توختاملارغا قارىتا سۇغۇرتىنى مەجبۇر تەسىس

قىلىش، قانۇنغا ۋە ئاممىۋى تەرتىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئادەتلەرگە خىلاپ توختاملارنى ئىناۋەتسىز دەپ جاكارلاش كېرەك.

## 5. ھۆكۈمەتنىڭ كارخانىدىكى مەنپەئىتى

كارخانىلار ئۆزلىرىنىڭ پايدا تېپىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بەزىدە باشقىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتى ۋە ئىجتىمائىي ئاممىۋى مەنپەئەتنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدۇ. يەنى بەزى كارخانىلار قۇرۇلغاندا ياكى قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ھەر خىل قانۇنغا خىلاپ پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بۇ خىل ئەھۋالنى كارخانىلارنىڭ ئاڭلىقلىقىغا تايىنىپ پۈتۈنلەي ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، پەقەت ھۆكۈمەت ئىجتىمائىي مەنپەئەتكە ۋەكىللىك قىلىش سالاھىيىتى بىلەن ئارىلىشىپ، قانۇن چىقىرىشتا ئالدىنى ئېلىش مېخانىزمىنى ئالدىن تەسىس قىلىپ، كارخانىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىغا قارىتا جاۋابكارلىقنى بېكىتىپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشىنى چەكلەيدۇ. كارخانا پايدا تېپىشنى مەقسەت قىلىدۇ، ھۆكۈمەت بولسا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىجتىمائىي ئاممىۋى مەنپەئەتنى قوغدايدۇ، بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان كۈچ بىر خىل تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ. دۆلەتنىڭ كارخانىلارنى باشقۇرۇشتىكى مەقسىتى مۇنداق: (1) ئىجتىمائىي تەرتىپنى، جۈملىدىن ئىقتىسادىي تەرتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە باشقا جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنى دۆلەتنىڭ كارخانىلارغا بولغان ئىجتىمائىي باشقۇرۇشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. (2) دۆلەت باج يىغىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق كارخانىلاردا مالىيە خاراكتېرلىك تەقسىمات ۋە قايتا تەقسىماتنى يولغا قويۇپ، مالىيە خاراكتېرلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويىدۇ. (3) ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە ئايلىنىشنىڭ ماسلىشىشىنىڭ مۇقىم ۋە ساغلام بولۇشى، تەرەققىياتنى ياخشى يولغا سېلىش، كارخانىلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىسادىي تەڭشەش خاراكتېرلىك باشقۇرۇش دۆلەتنىڭ قولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. كارخانىنىڭ تۈپ مەقسىتى — پايدا ئېلىش. بۇ خىل مەقسەت تۈپەيلىدىن كىشىلەر بازار پائالىيىتىدە كارخانىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي مەۋجۇدلۇق ۋە قانۇن - تۈزۈم فورمىسىنى ياراتقان. كارخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۆزلۈكسىز بازار سودىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆلىمىنى كېڭەيتىدۇ. كارخانىنىڭ پايدا ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەقسىتى دەرۋەقە ئۇنىڭ ناتوغرا رىقابەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ، مانا بۇ دەل ئۇنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتى ياكى بەدىلى. كارخانىنى بۇ سەۋەبتىن ئىنكار قىلىشقا ياكى ھەددىدىن تاشقىرى چەكلەشكە بولمايدۇ. كارخانىلارنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى قوغداش، كارخانىغا ئائىت قانۇن چىقىرىش ئاۋۋال ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى. مەجبۇرىيەت نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇق نۇقتىسىدا تۇرۇپ تونۇغاندىلا، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ئاندىن بازاردا بۇ ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزەلەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئەركىن ھالدا تولۇق ئىپادىلەپ، سىرتتىن كېلىدىغان ناتوغرا ئارىلىشىش ۋە ناتوغرا رىقابەتكە تاقابىل تۇرالايدۇ. بۇ جەھەتتە قانۇن كارخانىلارغا ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەت بېرىشى كېرەك. كارخانىلار ناتوغرا ئارىلىشىشقا يولۇققاندا ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنى قۇتقۇزالايدىغان بولۇشى كېرەك.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىركەت قانۇنى».
2. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كارخانا قانۇنى».


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

2005 - يىلى 12 - ئاي　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　26 - يىللىق 4 - سان
第 26 卷第 4 期　新疆大学学报(哲学社会科学维文版)　2005 年 12 月

# ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسىدە پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش مەسىلىسى ھەققىدە

زۇبەيدە كېرەم*، ئابدۇرېشىت ئابدۇراخمان**

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسى بىلەن پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى، پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار مۇھاكىمە قىلىنغان.

**摘要：** 本文探讨思想道德教育与心理健康教育的关系,重视加强和落实心理健康教育的重点。

**Abstract:** The article probes into not only the relationship between education on thoughts and morals and education on psychological condition, but also the focal points to attach importance to strengthening and carrying out education on psychological condition.

ئىدىيە - ئەخلاقنىڭ يادروسى بولغان دۇنيا قاراش بىلەن كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى پسىخىك ساغلاملىقنىڭ يېتەكچىسى؛ ئىدىيىنىڭ ئىپتىدائىي قاتلىمى بولغان ئېھتىياج، مۇددىئا، قىزىقىش پسىخىك ساغلاملىقنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى؛ پسىخىك ساغلاملىق ئىدىيىۋى ئەخلاقنىڭ ئاساسى ھەم ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىدىغان كۆۋرۈك. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىجتىمائىي قاتلام ئىچىدىكى بىر قەدەر ئالاھىدە كوللېكتىپ بولغاچقا، مەكتەپلەر ئۇلارنىڭ ئەخلاق، تەن، بىلىم - قابىلىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىللە ئەڭ مۇھىمى، پسىخىك ساپاسىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىكىدە پىشىپ يېتىلىش بىلەن ساددىلىق ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ناھايىتى جۇشقۇن بولۇش بىلەن ئوڭاي ئېزىپ كېتىدىغان بولۇش تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار ھەربىر ئىشنى ئاشۇرۇۋېتىدىغان بولۇش ھەم غايىلىك بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش ياكى بولماسلىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇ تەرەپ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، جەمئىيەتكە يەنى دۆلىتىمىزنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش سۈپىتىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. زىددىيەتكە تولغان بولۇش ئالىي مەكتەپ كوللېكتىپىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسىدىكى توقۇنۇشلارنى تۈگىتىپ، ئىجتىمائىي ماسلىشىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىدىكى مۇھىم نۇقتا.

رايونىمىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ئۆزۈندىن بۇيان ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى ئىدىيە - ئەخلاق مەسىلىلىرى مەۋجۇت. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلمىسى يىلدىن - يىلغا ئاجىزلاش، ئىدىيىسى قاتمال بولۇش، توغرا تۇرمۇش قارىشى

* زۇبەيدە كېرەم: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى مائارىپ شۆبە ئىنستىتۇتى پسىخولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى. 830043
** ئابدۇرېشىت ئابدۇراخمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى. 830046

كەمچىل بولۇش، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى تۆۋەن بولۇش، پسىخىكىلىق نورمالسىزلىق ئەھۋالى ئېغىر بولۇشتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇلار ئالىي مەكتەپلەردە بۇ جەھەتتىكى خىزمەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكا جەھەتتىكى ۋە ئىجتىمائىيلىشىش تەرەققىياتىغا ماس كەلمەسلىك ھەم ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ خىزمەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇماسلىق ۋە كۆڭۈل بۆلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان. رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە شىنجاڭلىق «ماجاجۇ»①لەرنىڭ مەيدانغا چىقىدىغىنىدىن سىگنال بەرمەكتە.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى ئۈچ قاتلاملىق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، سىياسىي قاتلىمى. بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ توغرا - خاتانى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ۋە سىياسىي ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى، ئەخلاق - قانۇن قاتلىمى. ئۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ۋەتەننى سۆيۈش، كوللېكتىپنى سۆيۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىشنى ئاساس قىلغان قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىدىيىۋى تەربىيە قاتلىمى. بۇ ئاساسلىقى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، ئۆگىنىش، ئالاقە ۋە خىزمەت ئىزدەش جەريانىدىكى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشتۇر. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ھەربىر قاتلاملىق خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئويناش بىلەن بىرگە ئۈچىنچى قاتلامدىكى خىزمەتنىڭ باشتىن - ئاخىرىغا سىڭىپ كىرىپ، مەسىلە ھەل قىلىشنى ئەمەلىي ئۇسۇل بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. پسىخىكىلىق ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى، مەزمۇنى، يولى، پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلى ئەشۇنىڭغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى شەكىللەندۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇغۇچىلارنى ساغلام پسىخىكىغا ۋە يۇقىرى پسىخىك ساپاغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بەلگىلىك پسىخىكىلىق گىگىنا بىلىملىرىنى بىلدۈرۈش؛ ئۇلاردا توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش تەربىيىسىنى پسىخىكىلىق بىلىملەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش؛ شۇ ئارقىلىق ئۇلارغا ئىلمىي جىنسىيەت بىلىملىرىنى بىلدۈرۈش، ئۇلاردا توغرا تۇرمۇش، مۇھەببەت ۋە ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلەش ئېڭىنى كۈچەيتىش، توغرا تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش؛ ئۈمىدسىزلىق ۋە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئۇلارغا پاسسىپ كەيپىيات ھالىتىنى يېڭىشنى ئۆگىتىش، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش؛ ئۆزىگە ماس بولغان كۈرەش قىلىش نىشانىنى بېكىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ساغلام پسىخىك ھالىتى ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسىگىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. پسىخىك ساغلاملىقنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش، ئۆز - ئۆزىنى تەڭشەش، ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى ئىنتايىن مۇھىم.

شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى پسىخىك ساغلاملىق تەتقىقات گۇرۇپپىسى 2002 - يىلى شۇ مەكتەپتىكى 387 نەپەر (ئوغۇللار 145، قىزلار 242 نەپەر) مىللىي ئوقۇغۇچى ئۈستىدە SCL — 90 كلىنىكىلىق پسىخىكىلىق سىناق سوئالى ۋە ئېيزېنكسوننىڭ (EPQ ئىندىۋىدۇئال ساغلاملىقنى سىناش سوئالى سىناق سوئالى) ئارقىلىق پسىخىك ساغلاملىققا ئائىت تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىدىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان.② ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى بىر قىسىم مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاسسىپ كەيپىياتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىنىمىزدا 2% ئوقۇغۇچىنىڭ ئىلمىي پسىخىكىلىق تەڭشەش ۋە بوشىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغانلىقىنى، 19% ئوقۇغۇچىنىڭ تورغا چىقىدىغانلىقىنى، 26% ئوقۇغۇچىنىڭ دوستلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىپ دەردىنى تۆكۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغانلىقىنى، 17% ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇخلايدىغانلىقىنى، 11% ئوقۇغۇچى ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىغا بارىدىغانلىقىنى، قالغانلىرىنىڭ ھەر خىل ئۇسۇل قوللىنىدىغانلىقىنى، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش نومۇرى توشقۇزۇش ئۈچۈنلا پسىخولوگىيە دەرسىنى تاللىغانلىقىنى ئىگىلىدۇق.

دېمەك، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېڭىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى ئىنتايىن چوڭ.

ئۇنداقتا ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى بىلەن پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى بىلەن پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتى بىر ـ بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش مۇناسىۋىتىدە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتى ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىگە تەۋە خىزمەتتۇر. بۇ خىزمەتنىڭ ئۈنۈملۈك، توغرا ئېلىپ بېرىلىشى ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈملۈك بولۇشىدىكى مۇھىم ۋاسىتە. ئۇ ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنى نۇرغۇن نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى موللاشتۇرىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم ئوقۇغۇچىدا چۈشكۈنلىشىش، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىش، مەكتەپ تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلماسلىقتەك ئەھۋاللار كۆرۈلگەندە بۇ مەسىلىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ پسىخىكىلىق سەۋەبىنى تېپىپ، پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش شەكلى ئارقىلىق ھەل قىلغاندا بىۋاسىتە جازالاپ، قورقۇتۇپ بىر تەرەپ قىلغاندىن ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، زۆرۈر تېپىلغاندا مۇۋاپىق جازالاش شەكلىنىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتى ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىدىكى بىر ۋاسىتە، بىراق بىردىنبىر ۋاسىتە ئەمەس. ئەمما بۇ ئىككى خىزمەت بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇش بىلەن بىرگە بىر ـ بىرىدىن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ:

1. قىممەت يۆنىلىشى جەھەتتە

قىممەت يۆنىلىشى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى ئاساس قىلىدۇ، پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتى ئادەمنىڭ تەبىئىيلىكى بىلەن ئىجتىمائىيلىقىنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىنى ئاساس قىلىدۇ. داڭلىق پسىخولوگ ۋە روھىي كېسەل دوختۇرى فروئىد ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئادەمنىڭ تەبىئىيلىكى (本我) (شەخس تۇغۇلغاندىلا بار بولغان ئىپتىدائىي مەنبە)، ئۆزلۈكى (自我) (شەخس تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا تەبىئىيلىكتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ تەرەققىي قىلغان قىسمى) ۋە ئۆزىدىن ھالقىغان قىسمى (超我) (شەخس ياشاش جەريانىدا ئىجتىمائىي ئەخلاقىي مەدەنىيەت قائىدىلىرىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا شەكىللەنگەن قاتلام) دەپ ئۈچ قاتلامغا بۆلىدۇ. ئۇ بۇ ئۈچ قاتلام تەڭ تەرەققىي قىلغاندا ئادەمنىڭ پسىخىكىسى ساغلام بولىدۇ، تەڭپۇڭسىزلاشقاندا پسىخىك جەھەتتە نورمالسىزلىق ئىپادىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ نەزەرىيە بويىچە ئېيتقاندا، پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتىدە ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ تەڭپۇڭلۇق نۇقتىسى ئاساس قىلىنسا، سىياسىي ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىدە شەخسنىڭ ئۆزىدىن ھالقىغان قىسمىنى كۈچەيتىش ئاساس قىلىنىدۇ.

2. خىزمەت قىلىش ئاساسى جەھەتتە

ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي قارىشى، پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ، ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى قېلىپلاشقان خىزمەت بولۇپ، تەلەپكە يەتكەنلەرنى ئاشكارا تەقدىرلەپ رىغبەتلەندۈرىدۇ، تەلەپكە يەتمىگەنلەرنى ئاشكارا تەنقىدلەپ جازالايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تەربىيىلەنگۈچىلەر پاسسىپ ھالدا قىممەت سىستېمىسى ۋە قىلمىش ئۆلچىمىگە ماسلىشىشى كېرەك. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتى بولسا پسىخىك ساغلاملىق ئۆلچىمى ۋە خىزمەت پرىنسىپىغا ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنى ئاكتىپ ھالدا ئۆزگەرتىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ساغلام پسىخىك دۇنياسىنى بەرپا قىلىشى جەھەتتە ياردەم قىلىدۇ.

3. خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتە

ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى تەربىيە بېرىش، قايىل قىلىش، ئەمەلىي مەشىق قىلدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. ئۇ ئاشكارا بولۇش، كوللېكتىپ خىزمەت ئىشلەش قاتارلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە مەجبۇرلاش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، تەربىيىچىلەر ئاكتىپ ئورۇندا تۇرىدۇ. پسىخىكىلىق ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتى بولسا بوشىتىش، بېشارەت بېرىش، رول ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئايرىم ياكى كوللېكتىپ، مەخپىي ۋە ئاشكارا شەكىللەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ. كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلار ئاكتىپ ئورۇندا تۇرىدۇ.

4. ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيىتى جەھەتتە

ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتى ئەلۋەتتە پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتىگە نىسبەتەن كۈچلۈك بولىدۇ. ئادەتتە پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتىدە، بولۇپمۇ پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىشتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلىرى قانۇنغا خىلاپ بولمىسىلا، مەسلىھەت بەرگۈچى خادىم ئۇلار ئۈستىدە توغرا ياكى خاتا دەپ ھۆكۈم قىلسا بولمايدۇ، بىراق ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىدە چوقۇم توغرا ـ خاتالىقىغا ۋاقتىدا ھۆكۈم قىلىشى ھەم ئۇنى ئۆزگەرتىشى كېرەك.

5. خىزمەت پرىنسىپى جەھەتتە

ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى خىزمەتچىلەردىن كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە سەزگۈر بولۇشنى، مەسىلە بايقىغان ھامان مۇناسىۋەتلىك

www.uyghurkitap.com

كىشىلەرگە دوكلات قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتىدە، بولۇپمۇ پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىشتە مەخپىيەتلىك ساقلاش كەسىپ ئەخلاقى تەۋەسىدە بولۇپ، شەخسنىڭ شەخسىي سىرىنى ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ.

دېمەك، بۇ ئىككى خىزمەت بىر ـ بىرى بىلەن باغلىنىشلىق ۋە پەرقلىق. ناھايىتى روشەنكى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىكىسىدىكى نورمالسىزلىقلار ئۇلارنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى سەۋىيىسىگىمۇ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا بولغان ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ رولىنى كۈچەيتىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

1. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش سەۋىيىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئامال بار ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلەشتۈرۈلۈشى، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پسىخىك ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك.

2. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى كۈچەيتىش؛ مەخسۇس پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا ۋە تېببىي كەسىپلەرنى پۈتتۈرگەن، تولۇق كۇرستىن يۇقىرى سەۋىيىدىكى خادىملارنى تاللاپ ئىشلىتىش؛ ئۇلارنى مەخسۇس پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ۋە پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالغاندىن كېيىن، بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندۇرۇش كېرەك.

3. مەكتەپلەر پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتىنى مەكتەپنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، سىستېمىلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى لازىم.

4. پسىخىكىلىق يېتەكلەشنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە ئىدىيە ـ ئەخلاق خىزمىتىگىچە ئېلىپ كىرىپ، ئۇلاردا توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە ئۇلارنىڭ قوش تىل ئۆگىنىشكە ۋە ھازىرقى دەۋر ئېھتىياجىغا ماسلىشىش جەھەتتىكى توسقۇنلۇقلارنى ئۆگىتىشكە ھەقىقىي ياردەم قىلىش لازىم.

5. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىگە مەسئۇل خادىملار (مۇئاسىۋەتلىك رەھبەرلەر، سىياسىي يېتەكچىلەر، سىنىپ مەسئۇللىرى) ئىدىيە ـ ئەخلاق بىلىملىرى بىلەن تولۇق قوراللىنىشتىن سىرت، پسىخىك ساغلاملىق بىلىملىرى بىلەنمۇ تولۇق ئۇچرىشىشى كېرەك. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ ئىدىيە ـ ئەخلاق خىزمىتىدىكى باشقا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر بىلەن تولۇق تونۇشۇشى كېرەك.

6. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتىدىكى پەرق ۋە ئۇنىڭغا ئاساسەن قانداق تەدبىرلەرنى بېكىتىشنىمۇ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

قىسقىسى، ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلارنى ئۆزگەرتىپ، پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتىنى ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلاپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئارا تولۇقلاش ۋە ئۆز ئىچىگە ئېلىش رولىنى، شۇنىڭدەك بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئالاھىدە ۋە مۇستەقىل تەرەپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، دەۋر ھالقىغان يارامىلىق بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك.

**ئىزاھلار:**

① يۈنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا پسىخىكىسى نورمالسىز بولۇش سەۋەبىدىن ئۈچ ياتاقدىشىنى ئۆلتۈرگەن ئوقۇغۇچى.
② «شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2002 ـ يىللىق 3 ـ سانى. «ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىكىلىق ساغلاملىقى توغرىسىدا تەتقىقات» تېمىسىدىكى ماقالە.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. ماجيەنچىڭ: «پسىخىك مەسلىھەت ۋە ئىدىيە ـ ئەخلاق»، «ئىدىيە ـ ئەخلاق تەتقىقاتى ژۇرنىلى» نىڭ 1997 ـ يىللىق 4 ـ سانى.
2. جياڭخۇڭرۇ: «پسىخىك ساغلاملىق ۋە ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى ئەمەلىيىتى»، «جياڭسۇ نېفىت ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى» نىڭ 2002 ـ يىللىق 12 ـ سانى.
3. ۋاڭشۇمى: «سىياسىي ئىدىيە پسىخولوگىيىسى»، لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

# شىنجاڭدىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ شەرقىي ۋە دېڭىز بويى رايونلىرىغا ئېقىپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا

ساۋۇت ئاۋۇت*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، شىنجاڭدىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ شەرقىي ۋە دېڭىز بويى رايونلىرىغا ئېقىپ كېتىش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنىڭ يولى مۇھاكىمە قىلىنغان.

**摘要**：本文分析新疆的专业人才向东部及沿海地区流失的情况及其原因并讨论了改变这种状况的途径。

**Abstract**: The article analyses the situations and reasons why professional talents in Xinjiang go to the eastern or coastal areas, and discusses the ways to change the situation.

شىنجاڭدا ئىختىساسلىقلارنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشى بىر قىسىم ئورگان ۋە سىستېمىلاردا ئېغىر بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلىشىگە تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا بىر قىسىم خادىملار ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ باشقا جايلارغا يۆتكىلىپ كېتىشىدىكى سەۋەبنى تېپىپ چىقىپ، بۇ ھەقتە ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەن بۇ ماقالىمدە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ كىرىم پەرقى سەۋەبىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ يۆتكىلىپ كېتىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىمەن ۋە بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا دائىر قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## 1. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى

ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئىختىساسلىقلار خىزمىتى تەرتىپلىك ئېلىنىپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ تەربىيىلىنىشى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى ھەم ئىختىساسلىقلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى، كىرىمى ياخشى بولغان رايونلارغا ئېقىپ كېتىش مەسىلىسىمۇ پەيدا بولدى. بىراق ئېقىمغا مۇۋاپىق بولمايۋاتقىنى شۇكى، چەت، ياقا، نامرات چېگرا رايونلاردا قېلىۋاتقانلىرى يەنىلا ياش قۇرامى جەھەتتىن چوڭ، تېنى ئاجىز، سالامەتلىكى ياخشى بولمىغان ئاز ساندىكى ئىختىساسلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭمۇ ئىدىيىسى تۇراقلىق ئەمەس، سۈپەت ۋە سان جەھەتتىن ئېغىر سىناققا دۇچ كەلمەكتە.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىدىكى ھالىتى تۆۋەندىكى تۆت تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ.

(1) ھۆكۈمەت راسخوتى ياكى شەخسىي راسخوت بىلەن چەت ئەلگە ئوقۇشقا، بىلىم ئاشۇرۇشقا، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا چىقىۋاتقانلارنىڭ (ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى» دىن) ۋاقتى توشقاندىن كېيىن قايتىپ كەلمەسلىك ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر.

(2) دۆلەت ئىچىدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە، تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ياكى ئىقتىسادىي تەرەققىي تاپقان رايونلارغا ئوقۇشقا، بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغانلارنىڭ ۋاقتى توشقاندىن كېيىن قايتىپ كەلمەسلىك

• ساۋۇت ئاۋۇت: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى. 430052

www.uyghurkitap.com

ئەھۋالى بار.

(3) ھەر يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدۇ. بىراق ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قېيتقالىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت.

شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، باشلانغۇچتىن تاكى ئالىي مەكتەپكە چىققىچە شىنجاڭدا ئوقۇغان، ئاتا ـ ئانىسى شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان، ياش ۋە ئوتتۇرا ياش پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى نېمە ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلمەيدۇ ياكى شىنجاڭدىن ئايرىلىدۇ؟ XX ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىدىكى ياشلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىش قىزغىنلىقى نېمە دېگەن چوڭ ئىدى، ھازىر نېمىشقا مۇنداق بولۇپ قالدى؟

بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ.

1. شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، قاتناش دېگەندەك قۇلايلىق ئەمەس، ئۇچۇر راۋان ئەمەس. شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىدىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە ۋە رايونلارنىڭ ئارىلىقى بەكمۇ يىراق. شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار ئەسلىدىلا كەمچىل رايون. ئۆزىمىزدە بار ئىختىساسلىقلار بىر مەزگىل ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، جاپاغا چىداپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن روھىي جەھەتتىن جۇشقۇن ئەمەس. تەرەققىي قىلغان رايون ۋە ئۆلكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا شىنجاڭدىكى ئىختىساسلىقلاردا روھىي جەھەتتىكى پەرق چوڭ بولۇپ، راسخوتنىڭ كەم بولۇشى ئىختىساسلىقلارنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب.

ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىنجاڭدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 20 نەچچە ئالىي مەكتەپتىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاجراتقان خىراجەتنى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىكلىرى، كومىتېتلىرى 85 نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىغا ئاجرىتىلغان راسخوت بىلەن سېلىشتۇرۇپ رەتكە تۇرغۇزغاندا 70 ـ ئورۇندا بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپ ئارقىدا تۇرماقتا، ھەتتا ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭمۇ ئارقىدا تۇرماقتا.

2. كىرىم پەرقى چوڭ. ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات خادىملىرى تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ شىنجاڭدىن ئايرىلىپ، دېڭىز بويلىرىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلارغا يۆتكەلمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى — ئاساسلىقى كىرىم پەرقى مەسىلىسىدۇر. بۇ كىرىم پەرقىنىڭ قانچىلىكلىكىنى تۈرلۈك ماتېرىياللاردىن ۋە ئەمەلىيەتتىن كۆرۈۋېلىۋاتىمىز. بۇنىڭغا مىسال كۆرسىتىمىسەكمۇ ھەممىمىزگە ئايدىڭ.

3. خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتى نىسبەتەن ناچار بولۇپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمىدى.

ھازىر ياش ۋە ئوتتۇرا ياش تايانچ پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتىنى ياخشىلاشتا قىيىنچىلىق كۆپ. يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجراتقان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئولتۇراق تۇرمۇش شارائىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلدى. لېكىن شارائىت تۈپتىن ياخشىلانمىدى.

قىسمەن ياش، يارامىلىق تېخنىكا خادىملىرىمىز ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمىز يەنىلا تازىلىق مۇئەسسەلىرى مۇكەممەل بولمىغان، ئاساسىي تۇرمۇش تەلىپىنى قانائەتلەندۇرۇپ بېرەلمەيدىغان ئاددىي، كونا بىنالاردا ئولتۇرۇپ خىزمەت ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقتا. مۇشۇ ھال ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئىختىساسلىقلار مۇقىم تۇراقلاشماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

4. ئايانكى، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مۇنداق شەرتلەر ھازىرلىنىشى كېرەك: سىرتقى مۇھىت، ئىچكى ئامىل، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىۋاتقان بىرقاتار يېڭى مەھسۇلاتلار، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈش، ئىختىساسلىقلارنى باشقۇرۇش، ئۇلارنىڭ رولىنى قانداق قىلىپ ياخشى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىقلار. بىزدە بۇ بىرقاتار شەرتلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە بولغان تونۇش ياخشى ئەمەس. بۇ مەسىلە شىنجاڭدەك ئارقىدا قالغان رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش، پەن ـ تەتقىقات ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئارقىدا قويماقتا. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر.

## 2. ئىختىساسلىقلارنىڭ ئېقىپ كېتىشنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر

ئىختىساسلىقلار مۇقىم بىر مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، مۇھىت بولسا ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مۇھىم تۇپراق. ھازىر ھەر خىل مۇھىتلارنىڭ ئىچىدە خىزمەت مۇھىتى ئەڭ مۇھىم، ئۇ ئىختىساسلىقلارنىڭ خاتىرجەم ئىشلىشىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. ئىختىساسلىقلارنىڭ ئېقىپ كېتىشنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئىنتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، خىزمەت مۇھىتىنى ياخشىلاش، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەش

زۆرۈر.

1. سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش كېرەك

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىختىساس ئىگىلىرى بولمىسا بولمايدۇ، بىز ئىختىساس ئىگىلىرىدىن ئايرىلالمايمىز، ئىختىساس ئىگىلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنى دادىل ئىشلەتمىسەك بولمايدۇ. ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە مۇھىمى، مەبلەغ سېلىش.

ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشتا ئەڭ ياخشىسى ئۆز رايونىمىزدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تەربىيىلەپ چىقىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە سالىدىغان مەبلەغ ئاساسەن مائارىپ سېستىمىسىغا سېلىنىشى كېرەك. مائارىپ ئاساس. ئاساسىي مائارىپ، كەسپىي مائارىپ ۋە ئالىي مائارىپنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى باشقۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئاجرىتىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش، ئىشلىتىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇش كېرەك.

2. رىغبەتلەندۈرۈش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىپ، نۆۋەتتىكى ھالدا ئىختىساسلىقلارنى يۆلەش لازىم

ئىتالىيىلىك ئىختىسادشۇناس، جەمئىيەتشۇناس بالىستو نوپۇس بىلەن ئىختىساس ئىگىلىرى مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بۇنى باشقىلار «بالىستو قائىدىسى» دەپ ئاتىغان. بۇ قائىدىنىڭ مەزمۇنى، 80% نەتىجە 20% ئادەمنىڭ ئىشلىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ، 80% ئادەم بولسا 20% ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر ئورگان، بىرەر ئىدارىنىڭ خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئىنتايىن ئاز ساندىكى تايانچ كىشىلەرنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تايانچلارنى ياخشى باشقۇرۇش، رىغبەتلەندۈرۈش، تەربىيىلەش، ئاسراش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش لازىم.

3. تەمىنات مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم

مەشھۇر ئىختىسادشۇناس، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى شياۋجۇجى يېقىندا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق سۆزىدە: «ئېتىبار بېرىش»نىلا تەكىتلەپ، «تەمىنات»نى تەكىتلىمەسلىك ئىختىساسلىقلارغا ھەقىقىي ئەھمىيەت بەرگەنلىك بولمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ھازىر بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مائاش ئىختىساسلىقلارنىڭ ئېقىش يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بازار مېخانىزمىغا ئۇيغۇن بولغان مائاش مېخانىزمىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز زۆرۈر. بۇ، ئىختىساسلىقلارنى تۇتۇپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى. بىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىختىساسلىقلار رىقابىتى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. بىز ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىپ، تۇتۇپ قالىمىز دەيدىكەنمىز، مائاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشىمىز زۆرۈر.

4. قانۇن - تۈزۈم تۇرغۇزۇپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ خالىغانچە كېتىشىنى تىزگىنلەش كېرەك

ئەگەر ئىختىساسلىقلار شىنجاڭدىن سىرتقا ئېقىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، رايونىمىزنىڭ تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا بۇ مەسىلىگە قارىتا ئىختىساسلىقلارنى ئىشلىتىش ۋە يۆتكەشكە دائىر كونكرېت، قانۇن - تۈزۈم تۇرغۇزۇپ چىقىش كېرەك.

5. سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش لازىم

ئېلىمىز ھازىر بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش پەيتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. دەۋر ئۆزگىرىۋاتىدۇ، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ تونۇشىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. تونۇش ۋە ئەمەلىيەت جەھەتلەردە بۆرۈلۈش بولۇپ، جەمئىيەتتە بىر بۆلەك زىددىيەتلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ مەسىلىلەر كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. جياڭ زېمىن: «ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى».


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

www.uyghurkitap.com

2005 ـ يىلى 12 ـ ئاي   شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)   26 ـ يىللىق 4 ـ سان
2005 年 12 月   新疆大学学报(哲学社会科学维文版)   第 26 卷第 4 期

# شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەرەققىياتى توغرىسىدا

ئەخمەتجان مۇھەممەت*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرقى ئەھۋالى، ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى ۋە سەۋەبلىرى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، تەرەققىيات يۈزلىنىشى بايان ۋە مۇھاكىمە قىلىنغان.

**摘要**:本文论述和探讨我区旅游事业的过去、现状、发展旅游业的有利方面和原因、存在的问题以及发展趋势。

**Abstract**: The article describes the past and the present situation of tourism field, and the advantages of evolution of tourism. The article also probes into the reasons. the existing problems as well as the development trend of tourism.

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئىقلىمى قۇرغاق، بوستانلىقلارغا قارىغاندا چۆللۈكلەر، قۇملۇقلار، قاقاس تاغلىقلار كۆپرەك. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قەدىمدىن تارتىپ بۇ رايوندىكى مۇنبەت بوستانلىقلاردا ياشاپ كەلگەن. بۇرۇن شىنجاڭنىڭ قاتنىشى قالاق ئىدى، قاتناشتا ئاساسەن ئات ـ ئېشەك ۋە تۆگە كارۋانلىرىغا تايىنىلاتتى، يوللار ئەگرى ـ توقاي، كاتاڭ، بوستانلىق بىلەن بوستانلىقنىڭ ئارىلىقى يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئەل ـ يۇرتلار ئارا بېرىش ـ كېلىش، سودا ـ سېتىق، ئالماشتۇرۇش توختاپ قالمىغان، بولۇپمۇ دۇنياغا داڭلىق «يىپەك يولى» ئارقىلىق كىشىلەر غەربىي ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ـ كېلىپ، باشقا جايلارنىڭ كىشىلىرى شىنجاڭغا كېلىپ سودا ـ سېتىق جانلانغان. گەرچە شۇ دەۋرلەردە كىشىلەر پەقەت سودا ـ سېتىقنى مەقسەت قىلىپ يۇرتىدىن چىققان بولسىمۇ، بۇنى يەنە بىر جەھەتتىن تىپىك ساياھەت ھەرىكىتى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئۆزگە يۇرتنىڭ تاغ ـ دەريالىرىدىن، قايناق بازارلىرىدىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەردە بىرنەچچە ساياھەت كوپېراتىپلىرى (مەسىلەن: 1949 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىيامىن مۇھاجىرلار مۇلازىمەت كوپېراتىپى، 1954 ـ يىلى جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى قاتارلىقلار) قۇرۇلۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى خېلى راۋاجلانغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭغا ئانچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن ئىدى.

پارتىيىمىزنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان مەركەز باشقا كەسىپلەر بىلەن بىرگە ساياھەتچىلىك كەسپىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا داغدام يول ئېچىپ بەردى. 3 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ باھار شامىلى شىنجاڭدەك چەت جاينىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا

* ئەخمەتجان مۇھەممەت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ساياھەت ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى. 830046

جۇڭگو ساياھەت كوپېراتىپى، جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى، جۇڭگو ياشلار ساياھەت كوپېراتىپلىرىنىڭ تارماق شىركەتلىرى شىنجاڭدا ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. 80 ـ يىللاردا شىنجاڭدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بىرقەدەر ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن شەخسلەرنىڭ ساياھەتكە چىقىشى يوق دېيەرلىك ئىدى. تۇغقان يوقلاش شەكلىدىكى ساياھەت ئىشلىرى خېلى سالماقنى ئىگىلەيتتى.

90 ـ يىللاردىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا تەرەققىيات ناھايىتى تېز بولدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

① ئېلىمىزدە ئىقتىسادنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا مەركەز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى بىرنەچچە قېتىم تەڭشىدى ۋە ئۆستۈردى، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرمۇ تۈرلۈك پاراۋانلىق تارقىتىش شەكىللىرى ئارقىلىق، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئاساس سالدى. ② مەركەز دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن باھاسىنى بېكىتىپ بەردى ۋە دېھقانلارغا ماكرو جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، بازار ئېچىشنى يۇقىرى كۆتەرگۈزۈپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى. ③ 1992 ـ يىلدىن كېيىن ئېلىمىزدە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش ئاساسىدا كىشىلەرنىڭ بازار ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، پۇقرالار تۈرلۈك كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ كىرىمىنى ئاشۇردى. ④ ئېلىمىز 1993 ـ يىلدىن باشلاپ قوش يەكشەنبىنى، 1999 ـ يىلدىن باشلاپ ماي ۋە ئۆكتەبىر بايراملىرىدا يەتتە كۈن دەم ئېلىشنى يولغا قويۇپ، كىشىلەرنىڭ يىراق ـ يېقىن جايلارغا چىقىپ ساياھەت قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. ⑤ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەتتىن يەرلىككىچە ھەممىسى ساياھەتچىلىك كەسپىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، بۇ كەسىپكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. مەسىلەن: ئۈرۈمچى شەھىرىنى مىسالغا ئالساق، 2003 ـ يىلى 200 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ئاجرىتىپ، شەھەر ئىچىدىكى ۋە نەنسەن، داۋانچىڭ قاتارلىق جايلاردىكى كۆپ قىسىم ساياھەت ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلدى، تۇرپان ۋىلايىتىمۇ يېقىنقى نەچچە يىلدىن بۇيان سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى ئالدى، كارىز ساياھەت رايونى ۋە باشقا ساياھەت ئورۇنلىرىغا نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ رېمونت قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى. ⑥ يەرلىكتىكى بىر قىسىم كىشىلەرمۇ ئۆز جايىنىڭ گۈزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، يەرلىكنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى. مەسىلەن، تۇرپان دېھقانلىرى ساياھەتچىلەرنى تۆگىگە مىندۈرۈش، ھارۋا ـ مەپىگە چۈشۈرۈش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن؛ قەشقەر، ئاتۇش دېھقانلىرى ئۇيغۇر پاسونىدا نەقىشلەپ ياسالغان ئۆيلىرىدە ئۇيغۇر تائاملىرىنى قىلىپ، ساياھەتچىلەرنى ئۇيغۇرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن، ئۇيغۇر چالغۇ مۇزىكىلىرىدىن ھوزۇرلاندۇرسا؛ مىچۈەن، سانجى قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدىكى دېھقانلار كۆپ قىسىم شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش رىتىمى تېز، شەھەرلەرنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىدىن زېرىكىش قاتارلىق پىسخىكىسىنى ئىگىلەپ، ھويلىلىرىدىكى بۈك ـ باراقسان دەرەخ ئاستى، ئېرىق بويى قاتارلىق جايلارغا دېھقان ئائىلىلىرى باغ سەيلىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ، شەھەردىن چىققان ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىپ، يېڭىچە ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇردى. ⑦ يەرلىك ھۆكۈمەتلەر تۈرلۈك بايرام شەكىللىرى ئارقىلىقمۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ، ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، ھەر يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان «تۇرپان ئۈزۈم بايرىمى»، ئۇنىڭدىن باشقا ئاقسۇنىڭ «كۇسەن بايرىمى» قاتارلىقلار. ⑧ ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلىش، كارخانا ئاساسىي كۈچ چىقىرىش، رايونلار ئارا ھەمكارلىشىش، ئىستراتېگىيىدە بىرلىشىش تىجارەت يېڭى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرماقتا. ⑨ شىنجاڭدىكى ھەر ساھەنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىپ ماسلىشىشى شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىماقتا. مەسىلەن، ساياھەت ئالتۇن ھەپتىلىكلىرىدە ترانسپورت تارماقلىرى يوشۇرۇن زىيارەت قىلىش شەكلى ئارقىلىق، ئۇزۇن يوللۇق ساياھەتكە چىققۇچىلارنىڭ سەپەر جەريانىدىكى ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، يولۇچى توشۇش تارماقلىرى ۋە شوپۇرلارنىڭ مۇلازىمىتىگە نازارەتچىلىك قىلدى؛ قاتناش ساقچىلىرى ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ قاتنىشىنى راۋانلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلدى؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سۈپەت نازارەت تارماقلىرى ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ ئەسلىھەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈپ، ساياھەتچىلەرگە بىخەتەر مۇھىت يارىتىپ بەردى؛ ھەر دەرىجىلىك ساياھەت ئىدارىلىرىنىڭ ئەرزىيەت تارماقلىرى ساياھەتچىلەرنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى دەل ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى؛ سودا سانائەتنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ساياھەتچىلىك تىجارەت كىنىشكىسى بولمىغان، ئىشەنچىسىز ساياھەت ۋاستىچى تارماقلىرى (ساياھەت كوپېراتىپى قاتارلىق) نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ۋەھاكازالار. بۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئويناماقتا. ⑩ جەنۇب ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قاتارلىق ئاۋىئاتسىيە تارماقلىرىنىڭ ئايروپىلان بېلىتىنى ئېتىبار باھادا سېتىشى نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت قىلىش دولقۇنىنى قوزغىسا، تۆمۈر يول تارماقلىرىنىڭ ساياھەتچىلىكنىڭ باش - باش مەزگىلىدە پويىز قېتىم سانىنى كۆپەيتىشى ساياھەتچىلەرنىڭ ئۆلكە، شەھەرلەر ئارا خاتىرجەم ساياھەت قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. قىسقىسى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، ساياھەتچىلىكتىن كىرگەن كىرىم شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىدا خېلى يۇقىرى سالماقنى ئىگىلىمەكتە.

ئاپتونوم رايوندىن يەرلىككىچە، كوللېكتىپتىن شەخسلەرگىچە ساياھەتچىلىك كەسپىگە ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارىغاچقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى مۇقىم، ماس قەدەمدە ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا. مەسىلەن، 2004 - يىلىدىكى «ماي ئالتۇن ساياھەت ھەپتىلىكى»نى مىسالغا ئالساق، شىنجاڭدىن چەت ئەللەرگە چىقىپ ساياھەت قىلغانلار تەخمىنەن 1000 ئادەم، ئىچكى ئۆلكىلەرگە ساياھەتكە بارغانلار تەخمىنەن 4000 ئادەم بولۇپ، ئالدىنقى يىللار بىلەن ئاساسەن تەڭلەشكەن؛ ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر، غۇلجا، كورلا، بوغدا كۆلى ۋە قاناس كۆلى قاتارلىق ساياھەت قىزىق نۇقتىلىرىنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرگەندە بۇ جايلار كۈتۈۋالغان ساياھەتچىلەر 480 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ساياھەت ئورۇنلىرى كۈتۈۋالغان ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 72% نى ئىگىلىگەن، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچى ساياھەت كىرىمى 250 مىليون يۈەن بولغان. بۇنى 2002 - يىلىدىكى «ماي ئالتۇن ساياھەت ھەپتىلىكى» بىلەن سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى دېيىشكە بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ساياھەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ ساياھەت قىلىدىغانلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن يېقىنقى 1 — 2 يىل مابەينىدىكى ساياھەت يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، ساياھەتچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇرۇنقىدەك تارىخىي قۇرۇلۇشلارنى، تاغ - دەريالارنى، ئەنئەنىۋى ساياھەت ئورۇنلىرىنى ساياھەت قىلىشتىن يېڭىچە ساياھەت شەكلىگە يۈزلەنمەكتە يەنى يېزا ساياھىتى، شەھەر ئەتراپى ساياھىتى، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەتكە چىقىش، ئائىلىۋى ساياھەت قاتارلىقلار. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت بازارلىرى كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىپ، ساياھەتچىلىك ئىشلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان، ساياھەتچىلىكتىن كىرگەن كىرىم يىلدىن - يىلغا ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرمۇ خېلى كۆپ. مەسىلەن، ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان يېتەكچىلەر ۋە باشقا خادىملار كەمچىل، ساياھەت رايونلىرىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تىل قىيىنچىلىقى ئېغىر، بىر قىسىم ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى دېگەندەك ياخشى ئەمەس، بىخەتەرلىك جەھەتتە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى يېتەرسىز، ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە («ئالتۇن ساياھەت ھەپتىلىكى»گە ئوخشاش) ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى ئۆرلىتىۋېلىپ ساياھەتچىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىش، بەزى ۋاقىتلاردا ساياھەتچىلەرنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنىڭ ۋاقتىدا ھەل قىلىنماسلىقى، ساياھەت بايلىقلىرىنى قالايمىقان ئېچىش، قالايمىقان پايدىلىنىش، پايدىلىنىشنى بىلىش، ئاسراشنى، قوغداشنى بىلمەسلىك ياكى ئۇنىڭغا سەل قاراش، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆرۈپ، كەلگۈسىنى ئويلىماسلىق، شۇنداقلا ساياھەت كوپېراتىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ناتوغرا رىقابەت قاتارلىقلار. بۇنداق ئەھۋاللارنى تۈپتىن ياخشىلاشقا خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى نۇرغۇنلىغان ئەگرى - توقاي يوللار بىلەن يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنگە كەلدى. ئىشىنىمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى فۇنكسىيىلىك ئورۇنلارنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە ساياھەت ئىشلىرىدىكى يوشۇرۇن بايلىقلارنى قېزىپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، ساياھەتچىلىكتىن ئىبارەت بۇ كەسىپنى شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى ۋە كۆۋرۈك كەسىپ قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرساقلا، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى تېخىمۇ پارلاق ئىستىقبال تاپالايدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 2004 - يىل 8 - ماي سانى (خەنزۇچە).
2. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2004 - يىل 11 - مايدىكى سانى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

# «سالغا تېشى» — روھلار كەچمىشى

ئابدۇسالام شۈكۈرنوھ*

قىسقىچە مەزمۇنى: «سالغا تېشى» XX — ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەسىر ئاخىرىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان مۇنەۋۋەر لىرىك داستان. ماقالىدە، شائىرنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا ئىچكىرىلەش بىلەن بىللە داستاندا يارىتىلغان شېئىرىي تېما، شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي ئىماگ، ئوبراز، سىمۋوللارنىڭ مەنە قاتلاملىرى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن يېشىپ چۈشەندۈرۈلۈپ، داستاننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

摘要：《飞石》是能够代表维吾尔族诗坛 20 世纪末的成就的优秀抒情长诗。本文在进人诗人的想象世界的同时，从文化的角度通过解读长诗的主题、意象、塑造的形象、象征的意义层次，简要论述长诗的成就。

**Abstract**: "Salga Texi" is the outstanding lyric which can represent the Uygur poetic achievements in the late 20th century Thinking in the position of the poet's imagination, the article also illustrates its achievements from the cultural aspect through analysing its theme. image, charecter and symbolic meanings.

«سالغا تېشى»① شائىر بوغدا ئابدۇللا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى نۇرغۇن قېتىملىق ئىچكى سەكرەشلەرنىڭ بىر قېتىملىق سەمەرىسى ھەم شۇنداقلا XX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتىنىڭ يىرىك شەكىلگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان مۇنەۋۋەر لىرىك داستان. تېما نۇقتىسىدىن ئېنىق ئايرىش توغرا كەلسە، ئۇنى ئەنئەنىۋى تېما تۈرلىرى بويىچە ئاددىي ھالدا مەلۇم ئىجتىمائىي ياكى ئەخلاقىي تۇرمۇش تېمىلىرىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشنىڭ شائىرنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىدىكى چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىككە نىسبەتەن ئېيتقاندا تولىمۇ ساددىلىق بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

شېئىر — قەلبنىڭ ساداسى، ئىنسان روھىنىڭ تەبىئەتتىكى ئەركىن پەرۋازىدىن ئىبارەت. لېكىن ئۇ يەنىلا مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ يەردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش دەل شېئىرنىڭ تېمىسى ئۆسۈپ يېتىلگەن تۇپراق، شائىرنىڭ تەپەككۇر خامىنىغا بەرىكەت، تەسەۋۋۇر قۇشىغا قانات ئاتا قىلغان مەنبەدىن ئىبارەت.

«سالغا تېشى»نى شائىرنىڭ بەدىئىي زېمىنىغا ئۇرۇق قىلىپ چاچقان تارىم بويلىرى، تەكلىماكان ۋادىسى ۋە يىپەك يولى، شائىرنىڭ بەدىئىي دۇنياسىغا بىر پۈتۈن ئەتراپلىق، جانلىق تەپەككۇر بېغىشلاش بىلەن بىللە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىغا زامان - ماكان چېگرالىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، ئانا تارىمنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ھايات ناخشىسىنى ئاڭلىيالايدىغان، تەكلىماكان تۇپرىقىغا سىڭىپ كىرىپ «شەھرى كېتىك» رىۋايىتىنى تىڭشىيالايدىغان، يىپەك يولىدا قەدىمكى كارۋانلارنىڭ ئىزىدىن ئەجدادلارنىڭ جاسارىتىنى كۆرەلەيدىغان شېئىرىي ھېسسىياتنى ئاتا قىلغان مەنبە دېيىشكە بولىدۇ.

«سالغا تېشى»دا يارىتىلغان بۇ پوئېتىك مەنبەنىڭ رىشتىسى شېئىردا يارىتىلغان كۆپ قاتلاملىق تېمىلار،

* ئابدۇسالام شۈكۈرنوھ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى، ئاسپىرانت. 830046

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شېئىرىي ئىماگلار، ئوبرازلار، سىمۋوللار ئارقىلىق ئۇنىڭ تارىخىي يىلتىزىغا شۇنچىلىك ئىچكىرىلەپ كىرگەنكى، بىز شائىرنىڭ ئۆركەشلىگەن ھېسسىيات دولقۇنلىرىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى يەنى شائىر ياراتماقچى بولغان تەبىئىي مۇھىتنى تېپىشقا مۇيەسسەر بولىمىز.

«سالغا تېشى» نى پەلسەپىۋى تېمىدىكى شېئىر دېيىشكە بولىدۇ. پەلسەپىۋى شېئىرلارمۇ لىرىكىلىق جەھەتتىن، تۇرمۇشنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشتە باشقا شېئىرلار بىلەن ئوخشاش. بىر پارچە شېئىردا يارىتىلىۋاتقان «شېئىرىي مۇھىت»، «تەبىئىي مۇھىت» ئوبرازلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدىنقىسى شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىغا مەنسۇپ بولسا، كېيىنكىسى ئوبيېكتىپ دۇنياغا موھتاج. «سالغا تېشى» دا يارىتىلغان «شېئىرىي مۇھىت» شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ ئىجادىيەت نىشانى بولغان بولسا، شېئىرغا «تەبىئىي مۇھىت» بولغان يىلتىز پەيلاسوپلارچە پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقان بوغدا ئابدۇللا تەپەككۇر خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى بولغان.

شېئىر ھامان رېئاللىقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان سەنئەت. شېئىردىكى تەسەۋۋۇر ماددىي قانۇنىيەتلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن ھالقىپ ئۆتەلەيدۇ. «شېئىرنىڭ پەۋقۇلئاددە قىممىتىمۇ شائىر ھېسسىياتىنىڭ مۇئەييەن ماددىي تەنچە ئارقىلىق يارىتىلىشى، سۇبيېكتىنىڭ ئوبيېكتقا بولغان پائال ئاسسىمىلياتسىيىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا كۆرۈلىدۇ»②. شائىر «سالغا تېشى» دا «تارىم»، «تەكلىماكان» ۋە يىپەك يولىغا مەنسۇپ بولغان ئۆتمۈش رىۋايەتلىرى، بۈگۈننىڭ زامانىۋى ئەپسانىلىرىنى سۆزلەپلا قويماي، ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت ئۈچۈن مۇقەددەس ھېسابلانغان ساختا بۈرچكارلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، شائىرانە ھېسسىياتنى پەلسەپىۋى ئىدراكلىققا ئىگە قىلىش بىلەن ئوبيېكت ۋە سۇبيېكت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى يەككە ئۆلچەم قىلىشتىن ئىلگىرىلەپ، ئۆز خەلقىنىڭ تارىختىكى ئورنى، مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى، تەقدىرى ۋە كۈرەشلىرىنى كۆپ خىل، قاتلاملىق شېئىرىي ئىماگلار بىلەن ئىپادىلەپ بەردى.

شائىر «سالغا تېشى» دا كۆپ خىل ئىماگلارنى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مىللەت روھىنىڭ گۇۋاھچىلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ شېئىرىي ھېسسىياتىنى ماددىي تۇسكە ئىگە قىلسا، بۇ ئارقىلىق بىر پۈتۈن شېئىرىي ئوبرازلارنى ئادىمىي تۇسكە ئىگە قىلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىدا كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇنتۇلغان مەنە چوڭقۇرلۇقى ۋە ئوبراز قۇرۇلمىلىرى، بەدىئىي ماھارەت ۋە ئىستېتىك غايە ئۈستىدە ئىزدەندى. شۇڭا بىز «سالغا تېشى» نى ئوقۇغان چېغىمىزدا شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھەيرانلىققا چۆمىمىز. شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرى تۇرمۇش چىنلىقىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، روھىيەت قىرغاقلىرىغا تۇتاشقان، شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرى ئاجايىپ، لېكىن غەلىتە ئەمەس

بولۇپ، ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت قانۇنىيەتلىرىنىڭ كونتروللۇقىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ماكان - زامانسىز ئەبەدىيلىككە ئىگە شېئىرىي بوشلۇق يارىتىلغان. مانا بۇ شېئىرنىڭ يېڭىچە شېئىرلارغا خاس بولغان قىممىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى شېئىرىيەتنىڭ شېئىرىي تەپەككۇر ئەندىزىسىدە قايتىدىن بىخ ئۇرۇپ كۆكلەۋاتقان ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىگە تۇتىشىدىغان، پەقەت شېئىرىيەت مىللىتىگىلا خاس بولغان «شېئىرىيەت كارىدورى».

يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى بىر شېئىردا كۆپ خىل ئىماگلارنىڭ يارىتىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. «سالغا تېشى» دا مۇشۇنداق كۆپ خىل ئىماگلار قاتارى كىتابخانلارغا ناھايىتى كەڭ بولغان تەسەۋۋۇر بوشلۇقى قالدۇرىدۇ. بوغدا ئابدۇللا ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننىڭ قىسمەتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن تارىخ ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزگىنىدە ۋە ئۇنى چۈشەنگىنىدە، ئۇلارنى يەككە قاتلاملىق ئوبراز سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويماستىن، بەلكى ماھىرلىق بىلەن «تارىم»، «تەكلىماكان» ۋە «يىپەك يولى» بىلەن سىمۋول قىلىنغان ئۆز خەلقىنىڭ تارىختىكى ئورنى، مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى، تەقدىرى ۋە كۈرەشلىرىنى يۇلغۇن، چۆل، مۇقەددەس دەرەخ، قۇملۇق، توغراق، ئادەم، تۆگە، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار، رىۋايەت ۋە ئەپسانىلارنىڭ ئوخشىمىغان ماسلىق ۋە سېلىشتۇرما ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرۈپ، تەقدىرنىڭ «سالغا تېشى» غا ئوخشاش چۆللۈكنىڭ ئىچكىرىسىگە تاشلانغان، لېكىن ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى ۋە ساداقىتى بىلەن توغراققا ئوخشاش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدىكى مەدەنىيەت تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلارغىمۇ ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن، ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن دۇنياۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى تىكلەپ، كۆپ مەنبەلىك ئۆزگىچە مەدەنىيەتنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغان مىللىتىگە بولغان ھۆرمىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە مىللەتنىڭ روھىي كەچمىشلىرىنىڭ يىلتىزىغا يېتەكچى بولىدۇ.

پۈتۈن داستان يەتتە تەبىئىي بۆلەكتىن تۈزۈلگەن. بىرىنچى بۆلەكتە، يۇلغۇندىن ئىبارەت سىمۋوللۇق ئوبراز بىزنى شائىرنىڭ ئۆزگىچە بولغان بەدىئىي دۇنياسىغا باشلاپ ماڭىدۇ. يۇلغۇننىڭ ناخشىسى ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى بولۇپ، زامان (تارىخ) نىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن، ماكان (چۆللۈك) نىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ئۇنىڭ ئىرادىسى ئالدىدا تىز پۈككەن. ھاياتلىق زەنجىرىدىكى رەھىمسىز شاللاش ۋە تاللاشلارغىچە شائىرنىڭ پەلسەپىۋى دىققىتىدىن چۈشۈپ قالمىغان. يۇلغۇننىڭ ھاياتىي كۈچى خۇددى نىل ۋە دونايغا ئوخشاش ھاياتلىقنىڭ ياشاشتىكى ئىنتىلىش كۈچىگە تەققاسلانغان بولۇپ، نىل، دوناي، پرومىتى، ئۇرۇق قاتارلىقلار بۇ

خىل ھاياتنى كۈچكە ماس سېلىشتۇرمىنى ھاسىل قىلىدۇ. ھەتتا تەبىئەتنىڭ ئەركىسى بولغان دىنوزاۋرمۇ زامان - ماكاننىڭ شاللاشلىرى ئالدىدا ئامالسىز. مانا بۇ خىل ماسلىق قانۇنىيىتىگە ۋە كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولالايدىغان ھاياتلىق كىرىزىسىگە شائىرنىڭ لىرىك تەسەۋۋۇرى خۇددى قىزىل يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجانغا ئوخشاش ئۈلىنىپ كېلىدۇ.

تەقدىرنىڭ سالغا تېشىغا،
ئوخشاپ قالىدۇ چۆل بىلەن ئىنسان.

شائىرنىڭ تەپەككۇرى تەبىئەت ياكى چۆل ھەققىدىكى بايانلارلا ئەمەس، يۇقىرىقى ئىككى مىسرادا شائىرنىڭ سىمۋول دۇنياسى ھاياتلىق ۋە ياشاشنى مەركەز قىلغان پۈتكۈل تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتكە تۇتىشىدۇ. شائىرنىڭ شېئىرىي تەپەككۇرى پۈتكۈل تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كۆپ ئەسىرلىك كۈرەشلىرى جەريانىدا شەكىللەنگەن ھاياتلىق ۋە بەرباتلىقتىن ئىبارەت پەلسەپىۋى دۇنيا قاراشنى مەركەز قىلغان چوڭقۇر قاتلاملىق تەپەككۇر بولۇپ، شېئىرنىڭ تېمىسىنى دۇنياۋى كەڭلىككە، شېئىرىي مەزمۇنلارنى پەلسەپىۋى مەنبەلەرگە تۇتاشتۇرىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەكتە، شائىر تەپەككۇرىنى دۇنياۋى كەڭلىكتىن مىللىيلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. مۇقەددەس دەرەخ، تۇغ - شادا، قۇملۇق، داپ، تاش ئۆڭكۈرلەر، مىڭ ئۆي قاتارلىق شېئىرىي ئىماگلار تەسەۋۋۇرىمىزنى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ مۇھىم مەيدانلىرىنىڭ بىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنىڭ بۆشۈكى بولغان ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت ئىقلىمىغا باشلاپ كىرىدۇ.

مۇقەددەس دەرەخقە چېگىلگەن لاتا،
... ... ... ... ...
قايتار ئادەملەر تۇغ - شادىغا،
... ... ... ... ...

شېئىردىكى مىللىي فولكلورلۇق مەدەنىيەتنىڭ سىمۋوللىرى بولغان ئىماگلاردىن قەدىمكى زامان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئانىمىزم ۋە ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھچىلىقىغا مەنسۇپ بولغان ساددا ماتېرىيالىستىك ھايات ۋە دۇنيا قارىشىنى كۆرەلەيمىز. بۇ خىل دۇنيا قاراشلار ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر روھىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئانىلىق ئورۇقداشلىق دەۋرىدىلا دۇنياغا كەلگەن تەبىئەت روھلىرى، ئىنسان روھلىرى ۋە كېيىنكى قەھرىمانلىق روھلىرىغا سىغىنىش ھەم بىلىش تارىخىدىكى ساددا قاراشلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، پەلسەپىۋى تۆت زات قارىشىنى بەرپا قىلىشىغىچە، شۇنداقلا ئۇلارنى گۈزەل غايىۋى روھ غايىلىرى بىلەن بېزىشكىچە بولغان روھىيەت كەچمىشلىرى تەسەۋۋۇرىمىزغا بۆسۈپ كىرىپ، ئاجايىپ كەڭرى شېئىرىي مۇھىتنى ھاسىل قىلىدۇ.

... ... ... ... ... ...
روھ يۇيۇلۇپ تۇرىدۇ قۇملۇقتا.
... ... ... ... ...
ئاقار قۇملۇق لايلانماي پاكىز.

قاتارلىق شېئىرىي جۈملىلەردىكى قۇملۇق ئىماگى شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ھەم تۇپراقنىڭ، ھەم سۇنىڭ ئوبرازى بولۇپ، يۇيۇلۇش، ئېقىش پېئىللىرى بىلەن ھەرىكەتلىنىۋاتقان شېئىرىي ئىماگ (قۇملۇق) بىر تەرەپتىن، شائىرنىڭ ماددىي قانۇنىيەتلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىغا شائىرانە تەسەۋۋۇر بەخش ئەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، شېئىرىي مۇھىت ئوبيېكتى بولۇۋاتقان چۆللۈك مۇھىتىغا جان ئاتا قىلىدۇ. يەنە كېلىپ تۇپراق، سۇ، ئوت ۋە ھاۋادىن ئىبارەت تۆت زات قارىشىنىڭ شېئىرىدا تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ، شائىر تەپەككۇرىغا پەيلاسوپلارچە چوڭقۇرلۇق بېغىشلايدۇ.

ئۈچىنچى بۆلەكتە، شائىر ئۆز مىللىتىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ ھەقلىق ۋارىسى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ، گۈزەل شېئىرىي ئوبراز ۋە ئىماگلار سىستېمىسىدا بۇنى پۈتۈن ئالەمگە جاكارلايدۇ. مۇقام، قاراقۇرۇم، ئىدىقۇت، خان سارايلىرى، ئىبادەتخانا، ئالتۇن مەبۇد، ئالتۇن چىراغ، ئورخۇن، تارىم، تەڭرىتېغى، بۆشۈك، مەھمۇت، يۈسۈپلەر ۋە بۇلاردا ئىپادىلەنگەن روھ يەنىلا مىللىي - ئېتنىك - فولكلور شەكىللىك مەدەنىيەتتە ئىپادىلەنگەن، ئومۇمىي ئىنسانىيەتكە تەۋە بولغان مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىدىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ ھەرگىزمۇ شېئىر تېمىسىنىڭ تارايغانلىقى ئەمەس، بەلكى داستاننىڭ مىللىيلىككە، شائىر قەلبىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىككە تويۇنغان ھالىتىنى نامايان قىلىدۇ.

داستاننىڭ تۆتىنچى بۆلىكى شائىر تراگېدىيە ئېڭىنىڭ ئېچىلىشى بولۇپ، رىۋايەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان شېئىرىي تراگېدىيە شائىرنىڭ تەپەككۇرىدا قەدىم بىلەن كېيىنكى ئەسىرلەرنى، ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى ئۇلايدىغان ھەم ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساددا ھايات ۋە تەبىئەت قاراشلىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ئوبيېكتىپ ئۆزلۈك قىممىتىنى تونۇيدىغان بىر پەللە سۈپىتىدە نامايان قىلىنغان. ئوبيېكتىپ ئۆزلۈك قىممىتىنى تونۇش باشقىلارنىڭ پاجىئەسىنى كۆرگەندە كۈچىيىدۇ. دېمەك، پاجىئە ۋاستە بولىدۇ. «كېتىك شەھىرىنىڭ قۇمغا غەرق بولۇشى» تەكلىماكان تراگېدىيىسىنىڭ بىر قىسمىلا خالاس. شائىر سەنئەتكار سۈپىتىدە بۇ خىل تراگېدىيىنى ئېستېتىك قۇرۇلمىغا ئىگە قىلىش بىلەن پەلسەپىۋى تەپەككۇرگە تايىنىپ تراگېدىيىنىڭ مەھەللىۋى - مەدەنىيەت ئاساسىغا

www.uyghurkitap.com

ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ.

سۇ ئىلاھى قۇدرەت كۈچىنى،
كۆرسىتىدۇ فىرۇزەسىمان.

داستاننىڭ ئالدىنقى بۆلەكلىرىدە تەكلىماكان ۋە چۆل روھىنى تەسۋىرلىگەندە ئىچكى قۇرۇقلۇقنىڭ قورغاق مۇھىتى بىلەن ئىچكى جىپسىلىقتا ئىگە بولۇپ، شائىرنىڭ شائىرانە تەسەۋۋۇرىغا زادىلا بېقىنمىغان سۇ ئوبرازى بۇ بۆلەكتە رەسمىي ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چۆللۈكتە قەدىمدىن بويان سۇ مەسىلىسى ئەڭ نېگىزلىك مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر داستاندا بۇ مەسىلىنى ئاقما ھېسابات شەكلىدە ياكى لىرىكىدىن ئايرىلغان ئېپىكلىق بايان شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويماي، بەلكى شېئىردا ھېسسىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغان. شېئىردىن كۆرىمىزكى، شائىر داستاندا مۇھىتنىمۇ يازغان، لىرىكىغىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن، بەزىلەر پەلسەپىۋى شېئىرلاردا شېئىرىي شەكىل ئارقىلىق پەلسەپىۋى قاراشلار سۆزلىنىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ خاتا. پەلسەپىۋى شېئىرلارنىڭ ماھىيىتى — كۈچلۈك لىرىكا ئىچىگە چوڭقۇر پەلسەپىۋى ھېكمەتلەر سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. «سالغا تېشى» دەل مانا مۇشۇنداق ئىجادىيەت مۇددىئاسى ئورۇندالغان مۇنەۋۋەر داستان.

قۇم چېچىپ يۈرگەن ياۋايى تۆگە،
تۆگە يەنە بىر سالغا تېشى،
بۇ يەر ئۈچۈن چۈشىشى،
بۇ يەر ئۈچۈن كۆيۈپ - پىششى،
ئۆتتۈرۈش ئەمەس زۇۋانسىزلىقى،
چۆلدە يۈرگىنى ئەمەس غاپىللىقى.

داستاننىڭ بېشىدا چۆل ۋە ئىنسان تەقدىرىنىڭ سالغا تېشىغا سىمۋول قىلىنغان بولسا، داستاننىڭ بەشىنچى بۆلىكىدە تۆگە سـ[illegible]لغا تېشىغا سىمۋول قىلىنىپ، شائىرنىڭ تەقدىر قارىشىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. شائىرنىڭ تەپەككۇرىدىكى تەقدىر قارىشى تاللاشتا ئەمەس، ياشاشتا؛ تىز پۈكۈشتە ئەمەس، باتۇرلۇقتا؛ غاپىللىقتا ئەمەس، ئاڭلىق قوبۇل قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ھايات پەلسەپىسىنى پەقەت چۆل خەلقىنىڭ تەبىئەت بىلەن بىرلەشكەن ئوبراز ئىدىئالى — دەشتتىن تۆرەلگەن تۆگە ئوبرازى ئارقىلىق ئەڭ ياخشى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

رىۋايەتلەر ئارقىلىق يىراق تارىخ ۋە ئۇنى يارانتقۇچىلارنىڭ روھىي كەچمىشلىرىنىڭ سەكرەتمە شەكلىدىكى شېئىرىي بوشلۇقلارغا، تاشقى شەكىل ئالاھىدىلىكىگە قارىغاندا ئىچكى رىتىمدارلىقتا ئىگە قىلىنىشى داستاننىڭ ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىرنىڭ تۆگە ھەققىدىكى رىۋايىتى يەنىلا ئىنسان ۋە ئىنسان روھىغا ئىچكىرىلەش ئۈچۈن.

ئۆتمۈشنىڭ شان - شەۋكىتى، تارىخنىڭ سەلتەنىتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنىلا روھلار كەچمىشى، روھلار نامايىشى، روھلار تاللىشى. شائىر ئەجدادلارنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدىكى يارىتىش ۋە يوقۇتۇش، ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىشلەرنى لىرىكىلىق مۇھاكىمىگە تاپشۇرۇپ، روھنى بارلىق ماددىي ۋە ئىجتىمائىي جەريانلارنىڭ نېگىزىنى ئېنىقلاشنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە:

بىز ئىنسان، بىز كىبىر ئىچىدە،
روھى بىلەن كەلدۇق ئېتىشىپ.

دەپ تەسۋىرلىسە، ئارقىدىنلا ئەجدادلارنىڭ ھەربىر روھىي پارلاقلىقىنى پەخىرلىنىش بىلەن ئەسكە ئالىدۇ:

ئۇ بۈگۈنگە ئايلانغان قەدىم،
يىراق دېڭىزغىچە بارغان، راست.
يېرىم ئۇخلاق ياۋروپاغا،
يىپەك يېپىندۇرغان، راست.

بۇ شېئىرىي جۈملىلەر بىزنى زوقلاندۇرىدۇ، تەسىرلەندۈرىدۇ. بۇ خۇددى دارايېر ئېيتقان «ئەگەر ياۋروپا ئىدىيىلىرى باكتېرىيە ئارقىلىق يىراق شەرققە تارقالغان دېيدىكەنمىز، ئوخشاشلا ئاسىيا چۈشەنچىلىرى ئاشۇ قانال ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغان»③ دېگەن سۆزنىڭ شائىرنىڭ شېئىرىي ھېسسىياتى بىلەن تويۇنۇپ، لىرىكىلىق شەكىلدە شېئىرىي تۈستە ئىپادىلىنىشىدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن شېئىرنىڭ بىزنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرۈشىنى يىپەك يولىنىڭ ئىللىنىزملىق④ مەدەنىيەت ھادىسىسىدىكى ئاكتىپ پائالىيەتچانلىق ئورنىغا بولغان قايىللىق ۋە ھۆرمەتنىڭ شائىرنىڭ ھېسسىيات بۇلىقىدىن ئۇخچۇپ چىقىۋاتقانلىقى، شېئىردىكى ئىماگ، سىمۋول، مەنىۋى مۇھىتلار بىلەن بىرلىشىپ، بىزنى بۇ خىل ھېسسىياتنى ھېس قىلىشقا يېتەكلەۋاتقانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

كۆپ خىل ۋە قاتلاملىق ئىماگلارنىڭ يارىتىلغانلىقى «سالغا تېشى» نىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. ھەرقانداق شېئىردا ئىماگ بولىدۇ، گەپ ئىماگنىڭ چوڭقۇر يارىتىلغان ياكى يارىتىلماسلىقىدا. داستاننىڭ ئالتىنچى بۆلىكىدە بىزنى شېئىرنىڭ مەنە قاتلىمىغا باشلاپ مېڭىۋاتقان شېئىرىي كۈچنىڭ شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدا مەلۇم خىل يۈكسەكلىككە، زاماننىڭ قىممىتى، ماكان (ۋەتەن) نىڭ قىممىتىگە تەڭداش بولۇپ كېلىۋاتقان ئىماگلار قاتارى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئابىھايات تامغان توغراقلارغا
مىڭ يىل ياشايدۇ تىك تۇرۇپ،
مىڭ يىل ياشايدۇ يانچە يېتىپ،
مىڭ يىل ياشايدۇ قىغى، تۆرىلىپ...
توغراق، توغراق يېشىل روھىمىكىن،

لەيلەشلىرى كۆركەم ۋە نازۇك.

شېئىردىكى توغراق ۋە باشقا ئىماگلار ئاساسەن تەبىئەت دۇنياسىدىن ئېلىنغان ئىماگلار بولۇپ، ئۇلار مۇستەقىل ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسان مەۋجۇتلۇقىغا تايىنىپ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلىمەيدۇ ياكى ئادەملەرنىڭ خۇشاللىق ـ قايغۇلىرى ئۇلاردا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمايدۇ. بىراق بۇ ئىماگلار بوغدا ئابدۇللانىڭ ئېستېتىك تەجرىبىسى ۋە مەنىۋى پەزىلەت سۈپىتىنىڭ تەسىرىدە چۆللۈك ۋە چۆل ئادەملىرىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ھاياتىي قۇۋۋىتى ۋە مەنىۋى قۇدرىتىنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىدۇ.

داستاننىڭ بۇ بۆلىكىنى شېئىرنىڭ ئەۋجى قىسمى دېيىش مۇمكىن. چۈنكى شائىر بۇ بۆلەكتە چۆللۈك ھەققىدە، مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى، قىسمىتى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت روھى، قەھرىمانلىق قاراشلىرى ۋە باشقىلار توغرىسىدا باشقا بۆلەكلەردىكىدەك ئۈزۈك زامان ھالىتىدە ئوتتۇرىغا قويماستىن، بىر پۈتۈنلۈكتە ئىپادىلەيدۇ. شېئىردىكى پەلسەپىۋى تۈس بارغانچە قېنىقلىشىپ، شائىرنىڭ ھېسسىياتىغا مەنبە بولۇۋاتقان مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ۋە روھى تارىخىي قىياپەتلىرى گۈزەل لىرىكىلىق ئوبرازلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

داستاننىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە شائىرنىڭ توختىماي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان لىرىك ھېسسىياتى قېنىغا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن شېئىردا ئىزچىللىقىغا ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقان شېئىرىي كەيپىيات، شېئىرىي مۇھىت يەنىلا داۋاملىشىدۇ. ئىخچام، شېئىرىي بوشلۇقلارغا ئىگە شېئىرىي جۈملىلەر شائىرنىڭ تېخى بىزگە ئېيتىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقان تەكلىماكان، تارىم ۋە مىللەتنىڭ كەچمىشلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلىرى تېخى ئاخىرلاشمىغاندەك تۇيغۇ بېغىشلايدۇ.

«سالغا تېشى» مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، XX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى مىللەتنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى تەپەككۇرىنى ئىچكى ئىجادىيەت مەنبەسى قىلغان. پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خاس بولغان ھاياتلىق ۋە مەدەنىيەت روھى بىلەن مىللەتنىڭ مىللىي ئېتنىك مەدەنىيەت مەنبەلىرىنىڭ كېسىشمىسىدە ھاياتلىق ھەقىقەتلىرى ۋە روھى ھەققىدە ئىزدىنىلگەن. شېئىرىيەت نۇقتىسىدىن كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئىنسان روھىنى مەركەز قىلىدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ يېڭى شېئىرىيىتىمىزدىكى نادىر ئۈلگىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، شېئىرىي شەكىل، شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي ئىماگ، شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي تىل، بەدىئىي غايە قاتارلىق جەھەتلەردە شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ يېڭى بىر بەدىئىي دۇنياسىنى بەرپا قىلغان.

«سالغا تېشى» ئالدىنقى ئەسىردىن يېڭى ئەسىرگە قارىتىپ ئېتىلغان. ئۇ ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتنىڭ بەدىئىي سېپىللىرىدىن قاڭقىپ چىقالىدى. ئىشىنىمىزكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى ئېنېرگىيىسى بارغانچە كۈچىيىدۇ. چۈنكى «شېئىر مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ»⑤.

**ئىزاھلار:**

① بۇ داستان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، شېئىرىيەت ساھەسىدە مۇنازىرىلەرنىڭ بولۇشىغا سەۋەب بولغان.

② «قەشقەردىكى يەر شارى»، 7 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 52 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىل 8 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

④ ئېللىنىزم — ئېلىن (گرېك) مەدەنىيىتىگە قارىتىلغان، گرېكلەشكەن دۆلەتلەر دەۋرىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدۇ (يۇقىرىقى كىتاب، 53 ـ بەت).

⑤ بوغدا ئابدۇللا: «شېئىر مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 10 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. بوغدا ئابدۇللا ئەسەرلىرىدىن تاللانما (1) «شېئىرىيەتتىكى بوشلۇق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 8 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
2. بوغدا ئابدۇللا ئەسەرلىرىدىن تاللانما (2) «كومزەك كۆتۈرگەن قىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 8 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
3. «قەشقەردىكى يەر شارى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇشۈكۈر مۇللەك يۇرچى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

2005 - يىلى 12 - ئاي    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    26 - يىللىق 4 - سان
第 26 卷第 4 期    新疆大学学报(哲学社会科学维文版)    2005 年 12 月

# «ئەرزنامە» ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى توغرىسىدا

قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئەرزنامىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بايان قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى تونۇشتۇرۇلغان، شۇنداقلا ئەرز نامىنىڭ ئاپتورى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان.

**摘要**:本文论述《诉状》的历史背景,介绍它的内容,同时讨论《诉状》的作者.

**Abstract**: This article illustrates the historical background of 《Indictment》 and introduces its contents, as well as the author at the same time.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بەدىئىي مىراسلار ئىچىدە ئەركىن سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش، ئەر - ئاياللارنىڭ تەڭ - باراۋەرلىكىگە ئىنتىلىشتەك ئىلغار ئىدىيىنى چىقىش قىلغان نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بار. XVIII - XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەۋە «ئەرزنامە» ناملىق شېئىر شۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. «ئەرزنامە» دە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇزۇن مەزگىل ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ۋە ئەدەپ - ئەخلاق قارىشىنىڭ ئېزىلگەن، خورلانغان، جاپاكەش ئەمگەكچى ئاياللارغا ئېلىپ كەلگەن چوڭقۇر زىيىنى ناھايىتى ئۇچۇق پاش قىلىنغان بولۇپ، شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە ئەينى دەۋر ئۇچۇن ئېيتقاندا ئىنتايىن رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئاكتۇئال تېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## «ئەرزنامە» توغرىسىدا

«ئەرزنامە» ناملىق بۇ شېئىر ۋاپاسىز ئېرى تەرىپىدىن مەجبۇرىي ھالدا «تالاق» قىلىنىپ، ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بىر ئايالنىڭ خوتەن ھاكىمىغا تۇتقان بىر پارچە ئەرزى بولۇپ، بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ ئەسەر 48 مىسرادىن تۈزۈلگەن①، كېيىن مەتبۇئاتلاردا ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت كىتابلاردا ئوخشاش بولمىغان ھەجىمدە ئېلان قىلىنغان. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دا 36 مىسرا②، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» دا 26 مىسرا③، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» دا 38 مىسرا④، «بۇلاق» ژۇرنىلىدا 26 مىسرا⑤، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا 46 مىسرا⑥ ھەجىمدە تونۇشتۇرۇلغان. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ بايانلىرىدىن قارىغاندا، «بۇ شېئىر ئەڭ دەسلەپ مىسىر پايتەختى قاھىرەدە 1960 - يىلى ئۇيغۇر تىلىدا بېسىلىدىغان ‹تۈركىستان ئەدەبىياتىدىن پارچىلار› دېگەن كىتابقا ‹ئەرز› سەرلەۋھەسى بىلەن كىرگۈزۈلگەنلىكى ۋە بۇ بىر خوتۇننىڭ خوتەن ھاكىمىغا تۇتقان شېئىرىي ئەرزى، يازغۇچىسى مەشھۇر شائىر موللا نىياز ئاخۇنۇم دەپ ئىلاۋە قىلىنغان»⑦ لىقىمۇ مەلۇم. دېمەك، بۇ شېئىر خەلق ئارىسىدا 200 يىل مابەينىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، ناھايىتى كەڭ تارقالغان. شۇنداقلا قولدىن - قولغا كۆچۈرۈلۈش جەريانىدا ھەر خىل ۋارىيانتلىرى شەكىللەنگەن. يۇقىرىقىلار ئىچىدە «يېڭى قاشتېشى»

• قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى. 830046

ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىنى بىر قەدەر تولۇق دېيىشكە بولىدۇ.

مەلۇمكى، مۇھەببەت تېمىسى ئەدەبىياتتىكى دۇنياۋى تېما بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەزەلدىن شائىر - يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلەپ، بۇ تېمىدا نۇرغۇنلىغان ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ياراتقان. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئىنسانىي سۆيگۈ، ئىشقى - مۇھەببەت تەسۋىرى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى شائىر - يازغۇچىلارنىڭ لىرىكىلىرىدا ناھايىتى يارقىن ئىپادىلىنىپ، ئۇلۇغ شائىر نەۋائى قەلىمى ئاستىدا ئەڭ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ۋە XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك نامايەندىلىرىنىڭ بىرى بولغان تالانتلىق رېئالىست شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ مۇھەببەت داستانلىرىدا كۈچلۈك رېئالىستىك خاھىشقا ئىگە قىلىنغان. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى «پەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «ۋامۇق -ئۇزرا»، «مەھزۇن - گۈلنىسا»، «رابىيە - سەئىدىن» قاتارلىق داستانلاردا چىن سۆيگۈگە مەدھىيە ئوقۇلغان، فېئودالىزم قارا كۈچلىرى تەرىپىدىن ئۈزلىرىنىڭ گۈزەل ئارمانلىرىغا يېتەلمىگەن ئاشىق - مەشۇقلارغا ھېسداشلىق قىلىنغان. شۇنداقلا فېئوداللىق ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەتلەر تۈپەيلىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنغان ئاياللارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ چىرىك ماھىيىتى كەسكىن پاش قىلىنغان. «ئەرزنامە» ناملىق شېئىرمۇ ئاياللارنى قۇل ۋە مال ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇلارنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىدىغان فېئوداللىق ئەرلىك ھوقۇقىغا ۋە ئۇنىڭ روھىي يۆلەنچۈكى بولغان فېئوداللىق ئەخلاق قاراشلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تايانچىسى بولغان فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ چىرىك ماھىيىتىنى پاش قىلىپ، ئاياللارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىشنى، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك - تەڭلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى، خەلقنى ۋاپا، ساداقەت بىلەن ئائىلە قۇرۇپ، گۈزەل ئەخلاقىي - پەزىلەت بىلەن ياشاشقا ئۈندىگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىپ تۇرىدۇ.

«ئەرز نامە» دە ئېرىنىڭ ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۆيىدىن قوغلاندى قىلىنغان بىر بىچارە ئايالنىڭ ئېچىنىشلىق نىكاھ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئايال قىز ۋاقتىدا تەگتۇشلىرى ئارىسىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئىدى. ئۇ «ئەرز» دە ئۆزىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

بۇ ئادەمگە تەگكەندە مەن ياش ئىدىم،
ئاجايىپ چىرايلىق قەلەمقاش ئىدىم.

ئىدى بىجىقىم توم قىزىل ئالمىدەك،
ئېزىپ تاشلىدى ھەم قىلىپ خالتىدەك.
لېۋىم لەئلى يەڭلىغ قەلەمقاش ئىدىم،
جۇۋان - چۆرىلەرگە پەقىر باش ئىدىم.

دېمەك، بۇ ئايال ئېرى بىلەن 22 يىل ئۆي تۇتۇش جەريانىدا ئائىلىسى ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشىپ ئىشلەيدۇ. ئېرى ۋە بەش بالىنى بېقىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئىشلەپ ۋاقىتسىز قېرىپ كېتىدۇ.

كى بىلمەي بۇ ئەسكى گادايغا تېگىپ،
خوتۇن قىلدى تۇردۇم بويۇننى ئېگىپ.
يىگىرمە ئىككى يىل بولۇپ بىر ئۆيدە بىز،
تېپىپ بەش بالا - ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز.

ئەقىدە قىلىپ ئىشلەدىم روزى - شەپ.
كېچە يىغلادىم رىزقى ھەقتىن تىلەپ.

كى قىش - يازۇ ئىشلەپ قاپاردى قولۇم،
بىكارغا كېتەرمۇ بۇ تاپقان پۇلۇم؟

ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك تۈپەيلىدىن ئايالنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى چۈشۈپ، ياشلىقتىكى زىلۋالىقىدىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. بۇ چاغدا ئېرى ئۇنىڭدىن چېنىپ، ئېغىر بوي ئىكەنلىكىگىمۇ قارىماي ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ ۋە ھېچنىمە بەرمەيدۇ. ھەتتا ياش بىر چوكانغا ئۆيلىنىۋالىدۇ.

زاماندىن يېتىپتۇ قېرىلىق ماڭا،
بۇ ھالەتتە مەن ئەرزىمەيمەن ئاڭا.

دېدى: ھەي قېرى! بۇ ساقالىمغا باق،
ساقالىم قارادۇر باشىڭ بولدى ئاق.

چىشىڭ ھەم چۈشۈپدۇر بولۇپسەن قېرى،
خوشۇم يوق چىقىپ كەت كۆزۈمدىن نېرى.
قىلىپ كۆپ زۇلۇم ماڭا، چىقاردى ئۇرۇپ،
ئېلىپ بىر ئوچۇمنى دىخلاپ سۈرۈپ.

سىلىپ ئىشقا قىلغان مېنى ماز كەبى،

چىقاردى سوپۇپ يەنە پىياز كەبى.

قېرى دەپ مېنى قويدى، ئالدى جۇۋان،
گادايلىق قىلۇرمەن تىلەپ ئاشۇ - نان

ۋاپاسىز ئېرىنىڭ قارا كۆڭۈل، رەھىمسىزلىكىدىن كوچىدا قالغان بۇ بىچارە مەزلۇم نەگە بېرىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي راز - راز قاقشايدۇ.

دادام يوق، ئانام يوق يېتىممەن خوتۇن،
يېمەككە ئېشىم يوق قالۇرغە ئوتۇن.
بارۇرغە يېرىم يوق، قېتىپتۇر بېشىم،
كى دەريا سۈيىدەك ئېقىپتۇر يېشىم.

ئېغىر بوي ئىدىممەن قوساقتا بالام،
سۈتۈم يوق يەنە ھەم ساغارغا كالام.

تۇرمۇشتا ئىلاجىسىز قالغان بۇ ئايال ھاكىمدىن ئۈمىد كۈتۈپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشتا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ:

ئىشىككە كېلىپتۇ بىر قېرى پېرىزەن،
بۇ دادىمغا يەتكىل ئەمىر زادە سەن.

ئۆزەم بىۋە ئاجىز ھەم ئەر يوق ماڭا،
كېلىپ داد خاھلىق قىلىپمەن ساڭا.

ئي، ئي پادىشايىم بۇ دادىمغا يەت،
ئەجەپ دەرتتەدۇرمەن بۇ ھالىمغا يەت.

خۇدا ھۆرمىتى سەن بۇ ئەرزىمنى سور،
پالاكەتكە چۈشكەن بۇ ھالىمنى كۆر.

ھەممە ئەرش كۈرسى، بىھەققى پەلەك،
يېتىم، بىۋە ھالىنى سورىماق كېرەك.

ئۇلۇغ ھاكىم ۋە پادىشايىمغا دات،
ئادالەت قىلىپ ئەيلە كۆڭلۈمنى شات.

ئېتىپ ئەدلە بۇ ئەرزۇ ھالىمنى سور،
قىلىپ كەتمىسۇن زۇلۇم ئاجىزغا زور.

يۇقىرىقى «ئەرز» دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىدە بىر ئەرنىڭ خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىپ، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئۆز ئەمرىدىكى خوتۇنىنى «قويدۇم» ، «تالاق» دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئەمرىدىن چىقىرىۋېتىشىگە يول قويۇلاتتى. شۇ سەۋەبتىن فېئوداللىزم جەمئىيىتىدە نۇرغۇنلىغان ئاياللار ئۆز ئەركىنى يوقىتىپ، ئەرلەرنىڭ قولىغا ئايلىنىپ، ئۇلار خالىسا ئەمرىگە ئېلىپ، خالىسا قويۇۋېتىدىغان ھالەتتە بولۇپ، كىشىلىك قەدىر - قىممىتى دەپسەندە قىلىنغان ئىدى. شېئىردا يارىتىلغان مەزلۇمنىڭ ئوبرازى ۋە ھايات سەرگۈزەشتىسى، تىلەمچىلىك بىلەن ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان كېيىنكى پاجىئەلىك، ئېچىنىشلىق تەقدىرى پۈتكۈل كونا جەمئىيەت ئاياللىرى ئۈچۈن ئورتاق مەسىلە بولۇپ، شېئىرنىڭ ئاپتورى بۇ شېئىردا يۇقىرىقى تېما ئارقىلىق فېئوداللىزمنىڭ نىكاھ ۋە ئائىلە مەسىلىسىدىكى ئادالەتسىزلىكىنى، مەنىۋى چۈشكۈنلىكىنى، ساقتىلىقىنى روشەن پاش قىلغان. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نەچچە ئەسىرلەپ ھەل بولماي كەلگەن ئەر - ئاياللاردىكى تەڭسىزلىك مەسىلىسىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.

## «ئەرزنامە» نىڭ ئاپتورى توغرىسىدا

تەتقىقاتچىلار «ئەرزنامە» ناملىق بۇ شېئىر موللا نىياز ئىسىملىك بىر شائىرنىڭ ئەسىرى دەپ قارايدۇ. لېكىن مۇشۇ خىل قاراشنىڭ ئۆزىدىمۇ بەزىبىر ئوخشاشماسلىقلار مەۋجۇت. چۈنكى XVIII - XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا موللانىياز ئىسىملىك شائىردىن ئۈچىسى بار بولۇپ، بىرى، «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورى موللا مۇھەممەد نىياز خوتەنى؛ ئىككىنچىسى، داستان «مەنسۇر» نىڭ ئاپتورى، يېگىسار قوناساق كەنتىدە تونۇلۇپ ئۆتكەن موللا مۇھەممەد نىيازى؛ ئۈچىنچىسى، «دىۋان نىيازى» نىڭ ئاپتورى موللا نىياز (ئاشىقى) . بولۇپمۇ موللا مۇھەممەد نىياز خوتەنى بىلەن موللا نىياز (ئاشىقى) دىن ئىبارەت ئىككى شائىرنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، «ئەرزنامە» نىڭ زادى قايسى شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش توغرىسىدا بىر - بىرىدىن پەرقلىق قاراشلار

كۆرۈلمەكتە. بۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. «ئەرزنامە» ناملىق شېئىر خوتەننىڭ چىرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق چاقار تېغىدا تۇغۇلغان ئىلغار پىكىرلىك شائىر موللا نىيازنىڭ ئەسىرىدۇر ... شائىرنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات ئەتكەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، لېكىن سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدە يەنى XVI ئەسىردە خوتەندە ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان دەپ پەرەز قىلالايمىز[8].

2. موللانىياز (171 ـ ؟) قارى سابىر كىچىك دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، خوتەننىڭ چىرىيە ناھىيىسىدىن. ئۇ «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»، «شېئىرلار» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. «موللانىياز ئاخۇندنىڭ تويىنىڭ ۋەقەلىرىنى ھەجۋىي قىلغانلىرىنىڭ بەيانى» («ئەرزنامە» كۆزدە تۇتۇلىدۇ) مۇشۇ شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە تەۋە[9].

3. موللانىياز (171 ـ ؟) «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» ناملىق داستانىدا ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە، ئەمما مىغىزلىق قىلىپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن. ئۇ موللانىياز قارى سابىر كىچىك دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرىيە ناھىيىسىنىڭ چاقار دەرياسى ۋادىسىدا تۇغۇلغان ... ئۇ «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»، «شېئىرلار» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. «شېئىرلار» مۇخەممەس، مەسنەۋى، بېيىتلەردىن تۈزۈلگەن شېئىرىي دەپتەر. بۇ شېئىرىي دەپتەرگە كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارغا «موللا نىياز ئاخۇندنىڭ ئارسلان خەت ھەجۋىي قىلغانلىرىنىڭ بەيانى»، «موللا نىياز ئاخۇندنىڭ تىيۋە (تۆگە)، ئاتنى مەجۋىي قىلغانلىرىنىڭ بەيانى»، «موللا نىياز ئاخۇندنىڭ سۇلتان بۇبىنى ھەجۋىي قىلغانلىرىنىڭ بەيانى»، «ۋالى خۇلەنىڭ مۇخەممىسىنىڭ بەياندۇر»، «موللا نىياز ئاخۇندنىڭ تويىنىڭ ۋەقەلىرىنى ھەجۋىي قىلغانلىرىنىڭ بەيانى» («ئەرزنامە» كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، «مۇھەببەتنامەئى بۇ تۇرۇرلار»، «مۇھەببەتنامەئى بەيت» دېگەندەك ماۋزۇلار قويۇلغان[10].

4. شائىر ۋە تارىخچى موللا نىياز XVIII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدا ئېنىق ۋە تولۇق بىر مەلۇمات ساقلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىر پارچە شېئىرىدىن شائىرنىڭ خوتەن ۋىلايىتى چىرا ناھىيىسىگە قاراشلىق چاقار تېغىدا، سابىر قارى ئىسىملىك موللا، ئۆلىما بىر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. «ئەرزنامە» شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدىن بىزگە ھازىرغىچە مەلۇم بولغان بىردىن ـ بىر ئەسىرى بولۇپ، بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شائىرنىڭ شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان باش ـ ئاخىرى يوق بىر قولىيازما دىۋانىدىن باشقا، «تۆت ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى» دېگەن كىتابى ۋە «قەۋزۇننەجاد» ناملىق كىتابىنىڭ خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم[11].

5. موللا نىياز خوتەن دىيارىدا ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يىرىك شائىر ۋە تارىخچى. «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» ناملىق داستان شائىرنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرغان ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. موللا نىياز ئۆز ئۆمرىدە كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان. «قەۋزۇننەجاد» ناملىق ئەسىرى ۋە باش ـ ئاخىرى يوق تولۇقسىز بىر دىۋانى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇخەممەس، ھەجۋىي بېيىتلار («موللا نىياز ئاخۇندنىڭ تويىنىڭ ۋەقەلىرىنى ھەجۋىي قىلغانلىرىنىڭ بەيانى» قاتارلىق ھەجۋىي شېئىرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، مۇھەببەت بېيىتلىرى قاتارلىقلار بار[12].

6. شائىر ۋە تارىخچى موللا نىياز بىننى قارى سابىر ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق چىرا ناھىيىسىنىڭ چاقار دەرياسى ۋادىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن 2340 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان «تەزكىرەئى ئىمام زەبىھۇللا» بىلەن 48 مىسرالىق تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەسەر — «ئەرزنامە» دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن[13].

7. شائىر ۋە تارىخچى موللا نىياز خوتەن شەھىرىدە مىلادىيە 1777 ـ يىلى (ھىجرىيە 1191 ـ يىلى) دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاجادىي ئەمگەكلىرىدىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگىنى 2080 مىسرالىق تارىخىي داستان — «تەزكىرەئى ئىمام زەبىھۇللا» («تۆت ئىمام تەزكىرىسى») بىلەن، 48 مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىرىي ئەسەر — «ئەرزنامە» دىن ئىبارەت[14].

8. موللا نىياز خوتەن دىيارىدا ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يىرىك شائىر ۋە تارىخچى. شائىرنىڭ «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» ناملىق تارىخىي داستانى ۋە بىر قىسىم شېئىرلىرى، ئۇنىڭ يەنە «قىسسەسۇلغەرايىب»، «دىۋان نىيازى»، «تارىخىي ۋاپانامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. مىرزاھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» دېگەن ئەسىرىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان[15].

9. «تارىخىي رەشىدى» نى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان موللا نىياز يەركەندى دەل «قىسسەسۇلغەرايىب» نىڭ ئاپتورى موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئابدۇلغەفۇر (نىيازى) دۇر. شۇنداقلا «دىۋان نىيازى» نىڭ ئاپتورى موللا بوساق نىياز ئىسىملىك شائىر ئەمەلىيەتتە موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئابدۇلغەفۇر (نىيازى) ئىسىملىك شائىرنىڭ ئۆزىدۇر. شائىر ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تارىخچى سۇپىتىدە تونۇلغان «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى خوتەنلىك موللا نىيازنىڭمۇ موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئابدۇلغەفۇر (نىيازى) بىلەن بىر ئادەم بولۇش مۇمكىنلىكىدەك ئېھتىماللىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ ⑯.

يۇقىرىقى قاراشلاردىن شۇ نەرسە ئېنىق بولىدۇكى، «ئەرزنامە» خوتەندە ياشىغان موللا نىياز ئىسىملىك (تەخەللۇسلۇق) شائىرنىڭ ئەسىرى. بۇ نۇقتىدا ھەرقايسى تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش. لېكىن بۇ ئەسەر «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورى موللا نىياز قارى سابىرنىڭ ئەسىرىمۇ ياكى باشقا موللا نىياز ئىسىملىك (تەخەللۇسلۇق) شائىرنىڭمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى پىكىرلەردە ئوخشاشماسلىق بار. بۇ يەردىكى ئوخشاشماسلىقلارنى ھەرقايسى تەتقىقاتچىلارنىڭ «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورىنى موللا نىياز، موللا نىياز قارى سابىر، موللا نىياز خوتەنى، موللا نىيازى دېگەندەك ئىسىملاردا ئاتىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى كۆرسىتىشتىكى پەرقلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. يېڭى قوليازمىلارنىڭ بايقىلىشى ۋە تېپىلىشىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا «ئەرزنامە» نىڭ ھەقىقىي مۇئەللىپى زادى كىم بولۇشى كېرەك؟ تۆۋەندە بىز «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورىنىڭ ھاياتىي پائالىيىتىنى مەركەزلىگەن ھالدا بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

ئانا مۇلكۇم خوتەن چاقار تاغى،
تۆرت ئىماملار مۇھەببى مەن داغى.
قارى سابىر كىچىك ئوغلىمىشمەن،
زەئىپۇ ـ ناتەۋان توغۇلمىشمەن.
يېشىم ئالتە ـ يەتتىگە يەتمىش،
بىۋەفا دۇنيادىن ئاتام كەتمىش ⑰.

شائىرنىڭ ھاياتىغا دائىر بۇ شېئىرىي پارچىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ موللا نىياز قارى سابىر ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

ئانا مولك خوتەن ئاتا تاغى،
تۆرت ئىماملىرىم نىيازى مەن داغى.
تۇفراغىم ئۇشبۇ ئاستانەدۇر،
نەسەبىم ئۇشبۇ ئاشيەنەدىندۇر.
قىرىق ياشغە ئاتام يېتىپ ئەمدى،
يوق ئىكەن ئەمما ھېچ فەرزەندى.
بىر كۈنى رەۋزەگە كېلىبدۇرلەر،
تۈنەپ ئاندا تەلەب قىلىبدۇرلەر.
بۇدلۇق يېتبان نە بۇ دۇمغە،
پات يېقىن كەلمىشەم ۋۇجۇدۇمغا.

ئاقىبەت بىر كۈنى توغۇلمىشمەن،
بىر نەھىف ھەم زەئىف ئوغۇلمىشمەن.
شۈكرى ئېيتىپ تەربىيەت قىلىبدۇرلار،
روز ـ شەپ مەرھەممەت قىلىبدۇرلار.
قويۇپ ئېركەن ئاتىمنى موللا نىياز،
مېنى قىلمىش ئىماملىرىمغە نىياز.
... ... ... ...

شائىرغا مۇناسىۋەتلىك بۇ شېئىرنى ئاساس قىلغان تەتقىقاتچىلار «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورىنى موللا نىياز، موللا نىيازى، موللا نىياز خوتەنى دېگەن ئىسىملاردا ئاتىغان. چۈنكى «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» نى نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ بايانىدىن قارىغاندا، «مەزكۇر ئەسەرنىڭ بىرقانچە خىل ۋارىيانتى بارلىقىنىمۇ بىلىشكە بولىدۇ» ⑱.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شائىرنىڭ داستانىغا كىرگۈزۈلگەن ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت بەزىبىر مەزمۇنلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولالايمىز:

يېشىم ئالتە ـ يەتتىگە يەتمىش،
بىۋەفا دۇنيادىن ئاتام كەتمىش.
... ... ... ...
بۇ تەفەككۇر بىلە قاتىب باشىم،
يەتتى ئاخىر يىگىرمىگە ياشىم.
ئاقىبەت رەۋزە سارى ئەزىم ئەتتىم،
تۆرت ئىماملىرىم جانىبغە يەتتىم.
... ... ... ...
ھالىم ئەيتۇرغە ھېچ كىشىم يوق ئىدى،
ئالەم ئەھلى بىلە ئىشىم يوق ئىدى.
نە ئاتا، نە ئانا، زەنو فەرزەند،
نە قېرىنداش نەياۋەرۇ دىلبەند.

دېمەك، شائىر 6 ـ 7 ياشقا كەلگەندە ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن. 20 ياشقا كەلگەن ۋاقىتلىرىدا ئىماملىرىم مازىرىغا بېرىپ شۇ يەردە تۇرغان. شائىرنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئەھۋالىغا يېتىدىغان بىرمۇ كىشى يوق بولۇپ، ئاتا ـ ئانا، خوتۇن ـ بالىسى يوق، ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ يوق ئەھۋالدا ئىماملىرىم مازىرىدا تۇرۇپ قالغان.

«تۆت ئىمام تەزكىرىسى» نىڭ يېزىلغان ۋاقتىنىمۇ شائىر داستاندا كۆرسىتىپ ئۆتكەن:

ئېردى تارىخ ئۈچيۈز توقسەن،
ئونى زولھەججەدە شەھىد بولغان.
يەنە تارىخ بولمىش ئېردى غەرىب،
نەشرىدىن تاپتى نەزمىغە تەرتىپ.
ئاي ھەمەل ئېردى، يىلى ھەمدۇنە،

ھەم تامام ئولدى زور ئازىنە.

يۇقىرىدىكى مىسرالاردىكى «غەرىب» سۆزىنى ئەبجەد ھېسابى بىلەن چىقارغاندا، ھىجرىيە 1211 ـ يىلى (مىلادىيە 1796 ـ 1797 ـ يىللىرى) بولىدۇ. شائىرنىڭ داستانىنىڭ 20 يېشىدا تاماملىنىشىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ھىجرىيە 1991 ـ يىلى (مىلادىيە 1777 ـ يىلى) تۇغۇلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، «ئەرزنامە» نىڭ ئاپتورى توغرىسىدىكى 1 ـ قاراشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەرەزدەك، «شائىر سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدە يەنى XVI ئەسىردە خوتەندە ياشىغان» بولماستىن، XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بىز يەنە تېخىمۇ ئىنچىكىلىگەن ھالدا «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان موللا نىيازنىڭ شېئىرلىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزسەك تۆۋەندىكىلەرنى بايقايمىز. «موللا نىياز ئاخۇندنىڭ تويىنىڭ ۋەقەلىرىنى ھەجۋىي قىلغانلىرىنىڭ بەيانى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ:

يەتىپتۇر ھەم يىگىرمە ئۈچكە ياشىم،
قاتىپتۇر غەم بىلە بۇ خەستە باشىم.
يۈرۈپمەن نەچچە كۈن ھەسرەت بىلە بوي،
قىلىپ ئېردىم بۇ ئۆتكەن ئەرتەياز توي.
تاۋار مەشرۇھ ئۆتۈك ھەم ئاشقا تۇردى،
ماڭا ئالتە قەرى ھەم ئۇشتە قويدى.
دادام بىرلە ئانامغا چاسۇ ياغلىق،
قويۇبدۇر ئۆزگەگە يانچۇغقە چاغلىق.
... ... ... ...

«موللا نىياز ئاخۇندنىڭ ئارسلان خەت ھەجۋىي قىلغانلىرىنىڭ بەيانى» دا:

...... ... ...
كۆزدىن نەچچە قەترە ياش ئاققۇزدىم،
بۇ ياش بىلە تۇرفە رۇقئە سىزدىم.
كۆپ ئەجزۇ نىياز ئىلە خوتەنلىك،
ئېرسال ئېتبان تىلەپ ئىسەنلىك.
... ... ... ...
گۇلدەك يۈزىڭىزگە ئەندەلىبدىن،
بۇ موللا نىياز دېگەن غەرىبدىن.
... ... ... ...

يۇقىرىقىلاردىن «موللا نىياز ئاخۇندنىڭ تويىنىڭ ۋەقەلىرىنى ھەجۋىي قىلغانلىرىنىڭ بەيانى» قاتارلىق بىرقاتار شېئىرلارنىڭ ئاپتورىنىڭ ئۆزىنى موللا نىياز (خوتەنلىك) دەپ ئاتىغانلىقىنى، 23 يېشىدا توي قىلغانلىقىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭمۇ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس. دېمەك، موللا نىياز ئىسىملىك بۇ شائىر «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» نىڭ مۇئەللىپى بولغان موللا نىياز بىلەن بىر ئادەم بولماستىن، ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم شەخسلەردۇر. بەزى تەتقىقاتچىلار ھەجۋىي شېئىرلارنى يازغان شائىرنىڭ ئۆزىنى موللا نىياز (خوتەنلىك) دەپ ئاتىغانلىقى ۋە «موللا نىياز ئاخۇندنىڭ تويىنىڭ ۋەقەلىرىنى ھەجۋىي قىلغانلىرىنىڭ بەيانى» دېگەن شېئىر، ئاخىرىغا ئايرىم قوشۇپ قويۇلغان «ئەرزنامە» دېگەن شېئىر (بۇ شېئىر ماۋزۇسىز بېرىلگەن) غا ئاساسلىنىپ، بۇ ئىككى شائىرنى بىر ئادەم دەپ قارىغان ھەمدە «ئەرزنامە» نى «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورى موللا نىيازغا مەنسۇپ دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدىن باشقا «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورى موللا نىياز بىلەن «دىۋان نىيازى» نىڭ ئاپتورى موللا نىياز (ئاشىقى) نىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇ ئىككىسىنىڭمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى خىل ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا ئىگە شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. چۈنكى «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورى داستاندا بېرىلگەن ئۆزىگە ئائىت مەزمۇنلاردا ئۆزىنى «موللا نىياز» دەپ ئاتىغان. «دىۋان نىيازى» نىڭ ئاپتورى بولسا ئۆز غەزەللىرىدە شېئىر ئاخىرىدىكى رېتورىك خىتابتا ئۆز ئىسمىنى «نىيازى» دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، موللا نىياز ئىسىملىك بۇ ئىككى شائىرمۇ بىر ئادەم بولماستىن، ئەمەلىيەتتە ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى شائىردۇر.

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلارنى يىغىنچاقلىغاندا مۇنداق يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ: «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورى موللا نىياز قارى سابىر (موللا نىياز). «دىۋان نىيازى» نىڭ ئاپتورى موللا نىياز (ئاشىقى) دۇر. «موللا نىياز ئاخۇندنىڭ «ئارسلان خەت ھەجۋىي قىلغانلىرىنىڭ بەيانى» ، «موللا نىياز ئاخۇندنىڭ تېيۇە، ئاتنى ھەجۋىي قىلغانلىرىنىڭ بەيانى» ، «موللا نىياز ئاخۇن سۇلتان بۇبىنى ھەجۋىي قىلغانلىرىنىڭ بەيانى» ، «ۋاڭ خولەنىڭ مۇخەممەسىنىڭ بەياندۇر» ، «موللا نىياز ئاخۇندنىڭ تويىنىڭ ۋەقەلىرىنى ھەجۋىي قىلغانلىرىنىڭ بەيانى» ، «مۇھەببەتنامەئى بۇ تۇرۇرلار» ، «مۇھەببەتنامەئى بەيت» قاتارلىق شېئىرلارنىڭ، جۈملىدىن «ئەرزنامە ناملىق شېئىرنىڭ ئاپتورى خوتەندە ياشىغان باشقا بىر موللا نىياز ئىسىملىك (تەخەللۇسلۇق) شائىر — موللا نىياز (خوتەنلىك، خوتەنى؟) نىڭ ئەسەرلىرى بولۇشى مۇمكىن.

مەزكۇر ماقالىدىكى «ئەرزنامە» توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ئوخشاش بولمىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى. ئەسەرنىڭ ئەسلى قوليازمىسى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، ئەسەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاپتورى توغرىسىدىكى كۆزقاراش ئاخىرقى يەكۈن بولماستىن، ھازىرچە بىر پەرەزدىن ئىبارەت. بۇ توغرىدىكى ئېنىق خۇلاسە پەقەت قولىيازمىلار ئۈستىدە تەپسىلىي ئىزدىنىش ۋە ئىنچىكە تەتقىقات ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن.

**ئىزاھلار:**


① ئەسقەر ھۈسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل، 896 ـ بەت، ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل، 208 ـ بەت.

② ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى باستۇرغان، 1983 ـ يىل نەشرى، ئىككىنچى كىتاب، 1 ـ قىسىم.

③ ئابدۇكېرىم رەھمان تەھرىرلىكىدە «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى.

④ ئەسقەر ھۈسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.

⑤ موللا نىياز: «شېئىرلار»، قادىر بۇلاق نەشرگە تەييارلىغان، 1988 ـ يىللىق 4 ـ سان.

⑥ موللا نىياز: «ئەرزنامە»، ئابلەت ئابباس قۇربانى نەشرگە تەييارلىغان، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑦ ئابدۇكېرىم رەھمان تەھرىرلىكىدە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىل، 409 ـ، 410 ـ بەتلەر.

⑧ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان، 58 ـ بەت.

⑨ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 1993 ـ يىل 6 ـ ئاي، مىخ مەتبەدە باستۇرۇلغان.

⑩ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1992 ـ يىل، مىخ مەتبەدە باستۇرۇلغان.

⑪ ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى باستۇرغان، 1983 ـ يىل نەشرى، ئىككىنچى كىتاب، 1 ـ قىسىم، 246 ـ، 250 ـ بەتلەر.

⑫ ئابدۇكېرىم رەھمان تەھرىرلىكىدە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى، 403 ـ، 409 ـ بەتلەر.

⑬ ئەسقەر ھۈسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 896 ـ بەت.

⑭ ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل، 208 ـ بەت.

⑮ شېرىپىدىن ئۆمەر: «XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 221 ـ بەت.

⑯ پەرىدە ئەمىن: «نىيازى ۋە ئۇنىڭ ‹قىسسەسۇلغەرايىپ› ناملىق ئەسىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2001 ـ يىللىق 4 ـ سان.

⑰ ئەسقەر ھۈسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تىزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل، 895 ـ بەت.

⑱ مەمتىمىن خۇدابەردى: «شائىر موللا نىياز ۋە ئۇنىڭ ‹تۆت ئىمام تەزكىرىسى› ناملىق داستانى توغرىسىدا»، «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇشۈكۈر موللەك يۈرچى**

2005 ـ يىلى 12 ـ ئاي     شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)     26 ـ يىللىق 4 ـ سان
第 26 卷第 4 期     新疆大学学报(哲学社会科学维文版)     2005 年 12 月

# ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىزچىللىق ۋە ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە

گۈلجامال مەتىمىن*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى تېما ئىزچىللىقى، ژانىر، تۈر ئىزچىللىقى ۋە تىل ئىزچىللىقى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنغان.

摘要:本文着重论述维吾尔现代文学与古典文学之间在题材、体裁和语言方面的一贯性。

**Abstract**: The article puts much emphasis on the consistence between modern and classic Uygur literature in terms of material, style and language.

يىلتىزسىز دەرەخ، مەنبەسىز سۇ بولمىغاندەك، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مىللىي مەنبەسى ۋە مىللىي يىلتىزى بولىدۇ. مىللىي ئەدەبىيات ئەنە شۇ ئوق يىلتىزدىن بىخ ئۈرۈپ كۆكلەپ باراقسانلىشىدۇ، ئەنە شۇ مەنبەدىن ئوزۇقلىنىپ، گۈللەپ ياشنايدۇ، ئادەتتە مەنبەنى مىللىي تۇرمۇش دەپ، يىلتىزنى بولسا بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئىلگىرىكى كلاسسىك، ئۆلمەس ئۈلگىلىرى، نەمۇنىلىرى دەپ چۈشىنىش مۇمكىن.

مەلۇم بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مۇئەييەن بىر باسقۇچنى ياكى دەۋرىنى توغرىسىغا كۆزەتكەندە، شۇ باسقۇچ ياكى دەۋردىكى ئەدەبىيات تېماتىك مەزمۇن، بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتلەردە بىر قاتار خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا دەۋر ئەدەبىياتىدىن پەرقلىنىپ تۇرىسىمۇ، ئەمما شۇ باسقۇچ ياكى شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنى بىر پۈتۈن ئەدەبىيات ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ ئۇزۇنىسىغا كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئالدىنقى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە ئالدىنقى دەۋر ئەدەبىياتى بىلەن بىر خىل ئىزچىللىق ۋە ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمۇ ئەنە شۇنداق ھەم خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ھەم بىر قاتار ئىزچىللىقلىرى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتقا تۇتىشىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان بىر خىل ئەدەبىيات بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىياتى جەريانىغا قويۇپ تۇرۇپ ئۇزۇنىسىغا كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدا تېماتىك مەزمۇن، ژانىر قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى بىر ئورتاقلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈش مۇمكىن.

بىرىنچى، تېما جەھەتتىكى ۋارىسلىق

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا تېما جەھەتتىكى ۋارىسلىق تولىمۇ روشەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. بىز ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ بەزى يىرىك، چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلىرىنىڭ تېما جەھەتتىن كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى ئوخشاش تېمىلىق ئەسەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

شائىر نىمشېھىت ئۆزىنىڭ «بىلىم ئىشقىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەھمەد يۈكنەكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسەرلىرىدە يارقىن ئىپادىلەنگەن مەرىپەتپەرۋەرلىك تېمىسىغا ياندىشقان، ئەشۇ بۈيۈك ئەدىبلەرنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلغان بولسا، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە كلاسسىك شائىرلاردىن ئەلىشىر نەۋائى، ئابدۇرېھىم نىزارىلار ئۆلمەس داستانلارنى يېزىشتا تاللىۋالغان مۇھەببەت تېمىسىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ.

---

• گۈلجامال مەتىمىن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى، ماگىستىر. 830046

ھەممىگە مەلۇمكى، «لەيلى – مەجنۇن» تېمىسى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئىزچىل قەلەمگە ئېلىنىپ كەلگەن تېمىلارنىڭ بىرى. بۇ تېمىنى ئەڭ دەسلەپ ئەلىشىر نەۋائى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىرگەنىدى، ئۇنىڭ «لەيلى – مەجنۇن» داستانىدىن كېيىن، موللا پازىل بۇ تېمىدا داستان يازدى، كېيىنچە ئۆمەر باقى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «لەيلى – مەجنۇن» داستانى ئاساسىدا ئىجادىي ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، نەسرىي شەكىلدىكى «لەيلى ۋە مەجنۇن»نى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىنرەك موللا سىدىق يەركەندى «نەسرىي خەمسە»نى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، ئۇ نەسرىي تىل بىلەن ھېكايىلەشتۈرگەن «خەمسە» دەل نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى بولۇپ، «لەيلى – مەجنۇن» ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئىدى. ئابدۇرېھىم نىزارى «لەيلى – مەجنۇن» تېمىسىغا ئىجادىي داستان ياراتقان شائىرلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىدا تەكرار قەلەمگە ئېلىنغان بۇ تېما شائىر نىمشېھىتنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمىدى. نىمشېھىت بۇ تېما ئۈستىدە ئىجادىي مېھنەت سىڭدۈرۈپ، ئالتە پەردىلىك بىر ئوپېرا يېزىپ چىقتى. مەزكۇر ئوپېرا بىر تراگېدىيىلىك ئەسەر بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتە ئەلىشىر ناۋائى، ئابدۇرېھىم نىزارىلار قەلىمىدىكىگە ئوخشاش ئاساسىي قۇرۇلما ۋە قوشۇمچە قۇرۇلمىدىن ئىبارەت ئىككى قۇرۇلما تەركىبىدىن تۈزۈلگەنىدى.

«پەرھاد – شېرىن» تېمىسىمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئىزچىل قەلەمگە ئېلىنىپ كەلگەن تېمىلاردىن بىرى. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ شۇ ناملىق داستانىنى ئۆمەر باقى، موللا سىدىق يەركەندىلەر نەسرىي شەكىلدە يېزىپ چىققان بولسا، ئابدۇرېھىم نىزارى «پەرھاد – شېرىن» تېمىسىدا ئىجادىي خاسلىققا ئىگە بىر نادىر داستاننى روياپقا چىقارغانىدى. شائىر نىمشېھىت بۇ تېما ئۈستىدە ئىجادىي ئەمگەك قىلىپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى نامايان قىلىدىغان دستانى «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد – شېرىن»نى يېزىپ چىقتى.

شائىر ئەھمەد زىيائىمۇ ئابدۇرېھىم نىزارى ئىزىنى بويلاپ «رابىيە – سەئىدىن» تېمىسىدا بىر ئوپېرا يېزىپ چىقتى (ئازادلىقتىن كېيىن «رابىيە – سەئىدىن» ناملىق زور ھەجىملىك داستاننى ئىجاد قىلدى).

نىمشېھىت بىلەن ئەھمەد زىيائى ئىجادىيىتىدىكى تېما ۋارىسلىقىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى تېما جەھەتتىكى ۋارىسلىق ئەڭ روشەن ئىپادىلىرى دېيىش مۇمكىن.

ئىككىنچى، ژانىر، تۈر جەھەتتىكى ۋارىسلىق

ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاق ئىسىرلىك تەرەققىيات مۇساپىسىدە شېئىرىيەت ژانىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن. يەنە كېلىپ، شېئىرىيەت ژانىرى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ژانىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ژانىر يۈنىلىشلىرىنىڭ ئاساسەن بىر قۇتۇپقا مەركەزلىشىشىنى بەلگىلىگەن. بىز ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ژانىر نىسبىتىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن شېئىرىيەت ژانىرىنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىمۇ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىنى بايقايمىز.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق ئەدىبلەردىن ياكى شۇ دەۋر باسقۇچىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان قەلەمكەشلەردىن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانمىغانلىرى يوق دېيەرلىك، ھەتتا ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقى ۋە تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان پېشۋا يازغۇچى ھەم دراماتورگ زۇنۇن قادىرمۇ 30 پارچىغا يېقىن شېئىرىي مەسەل يازغان. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، شېئىرىيەت ژانىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى غول لىنىيە بولۇپ، شۇ تارىخىي دەۋردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەخمىنەن 90% تىنى شېئىرىيەت ئىگىلەيدۇ.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ژانىرىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس. نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق ئەدىبلىرىنىڭ ئىجادىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى جەھەتتىن ئىزدەش ئەقىلگە ئەڭ مۇۋاپىقتۇر.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق ئەدىبلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەڭ دەسلەپكى ساۋادىنى مەدرىسلەردە چىقارغان. ئۇلار ئەنە شۇ مەدرىسلەردە ئوقۇش جەريانىدا چاغاتاي تىلى، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن ۋە بۇ تىللارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرى بىلەن، ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان شېئىرلىرى بىلەن، شۇنداقلا خوجا ھاپىز، سوفى ئاللا يار، شاھ مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشقان. بۇ ھال ئۇلارنىڭ كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىشىگە، شۇنداقلا شېئىرىي ئىجادىيەت يولىغا قەدەم قويۇشىغا ھەم نادىر شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىغا تۈرتكە، ئاساس بولغان.

ئەمدى كونكرېت شېئىرىي تۈرلەرگە كەلسەكمۇ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى شېئىرىيەتتە خۇددى ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىگە ئوخشاشلا لىرىك شېئىرلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ (ئەلۋەتتە ئېپىك شېئىرلارمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ). ۋەزىن جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خۇددى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكىگە ئوخشاشلا ۋەزىنلىك شېئىرلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شېئىرىي تۈر ۋە ۋەزىن جەھەتتىكى بۇنداق ئوخشاشلىقنىمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

شېئىرىي شەكىل نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدە ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان شېئىر شەكىللىرى قوللىنىلغان. مەسنەۋى، غەزەل، مەسنەۋىي شەكىللىرى كلاسسىك شېئىرىيەتتە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان شېئىرىي شەكىللەر بولۇپ، كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى شېئىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى غەزەللەر تەشكىل قىلىدۇ، داستانلار بولسا پۈتۈنلەي دېگۈدەك مەسنەۋىي شەكلىدە يېزىلغان. بىز ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا

تەئەللۇق شېئىرىي ئەسەرلەرگە قارايدىغان بولساق، غەزەللەرنىڭ تولىمۇ كۆپلىكىنى، داستانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەسنەۋىي شەكىلدە يېزىلغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا مۇرەببە، مۇخەممەس قاتارلىق كلاسسىك شېئىرىيەت شەكىللىرىدە يېزىلغان شېئىرلارمۇ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئۇيېرا ئىجادىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ تۈرتكىلىك رولى ۋە ئاكتىپ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇپېرا باشتىن ـ ئاياغ شېئىرىي شەكىلدە يېزىلىدىغان بىر خىل تىياتىر شەكلى، ئۇ ئاپتوردىن يۇقىرى شېئىرىي ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ.

ژانىر، تۈر جەھەتتىكى يۇقىرىقىدەك ئىزچىللىقلارنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ۋارىسلىق مۇناسىۋەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسى دېمەي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى، تىل جەھەتتىكى ئىزچىللىق

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، خەنزۇ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى باشلىنىشتىن ئىلگىرىلا بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار «ئەدەبىيات ئىنقىلابى»، «ئەدەبىيات ئىسلاھاتى» تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەدەبىياتنى يېڭىلاشنى تەرغىب قىلىشقانىدى. چېن دۇشيۇ 1917 ـ يىلى «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىدا «ئەدەبىيات ئىنقىلابى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئاقسۆڭەكلەر ئەدەبىياتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلق ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلىش، چىرىك كلاسسىك ئەدەبىياتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى رېئالىستىك ئەدەبىيات بەرپا قىلىش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەنە شۇ تەرىقىدە ئەدەبىيات ئىنقىلابى ھەرىكىتى قانات يېيىپ كەتتى. «4 ـ ماي» ھەرىكىتى پارتلىغاندىن كېيىن، قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىنى ئاساس قىلغان كونا ئەدەبىي تىلغا قارشى تۇرۇپ، ئاممىباب ئەدەبىي تىلنى تەشەببۇس قىلىش شۇئارلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە يېڭىچە بولغان بىر ئەدەبىيات — خەنزۇ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى. شۇڭلاشقا خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن خەنزۇ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدا ئەدەبىي تىل، ئەدەبىي شەكىل (تېخىمۇ توغرىسى — شېئىرىي شەكىل) جەھەتتە ئىزچىللىق يوق دېيەرلىك، ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى ھەم شۇنداق.

بىراق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئۇنداق كەسكىن تەشەببۇسلار، كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىزچىللىقنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان ھەرىكەتلەر ئوتتۇرىغا چىقمىغاچقا، بۇ ئىككى دەۋر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈكچىلىك شەكىللەنمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە XIII ئەسىردىن باشلاپ شەكىللىنىپ تاكى XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە قوللىنىلغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆزئارا باغلاش رولىنى ئوينىغان. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۈچۈن 20 يىل (ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى 1911 ـ يىلى باشلاندى دېگەن قاراش بويىچە بولغاندا) ئورتاق ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە تەركىبىدىكى ئەرەبچە، پارسچە تەركىبلەر تەدرىجىي ئازلاپ، جانلىق خەلق تىلىدىن كۆپلەپ ئۇزۇق ئېلىپ، خەلق تىلىغا بارغانسېرى يېقىنلاشقان بۇ تىلنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ئالاھىدە چوڭ پەرقلىرىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدا زىچ ئىچكى باغلىنىش مەۋجۇت، بۇ خىل ئىچكى باغلىنىشنى بۇ ئىككى دەۋر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى تېما، ژانىر، تۈر ۋە تىل جەھەتتىكى ۋارىسلىق ھەم ئىزچىللىق بارلىققا كەلتۈرگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەنە شۇ ئىزچىللىق ۋە ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تۈرتكىلىك رولىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى مىستىك دىنىي پەلسەپۋى تەلىماتلاردىن ۋە دىنىي مەزمۇنلاردىن مۇستەسنا بولغان، ئويغىنىش روھى بىلەن سۇغىرىلغان ئەدەبىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن پەرقلىق ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە بولغان ئەدەبىياتتۇر. بۇ تەرەپلەر مەزكۇر ماقالىنىڭ مۇھاكىمە دائىرىسىدە بولمىغاچقا، بۇ ھەقتە توختالمايمىز.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، I ـ، 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. نۇرمۇھەممەد زامان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 4 ـ قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1995 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

3. سۇن جياخۇ، جاڭ گۇئاڭمىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئەدەبىيات لۇغىتى»، خۇبېي خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 416 ـ بەت.



**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇشۇكۇر مولاەك يۇرچى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

2005 - يىلى 12 - ئاي    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    26 - يىللىق 4 - سان
第 26 卷第 4 期    新疆大学学报(哲学社会科学维文版)    2005 年 12 月

# ئۇيغۇرچە لۇغەتلەرنىڭ ئېلىپبە تەرتىپىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە

ئابدۇغاپپار ئابدۇراخمان*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بىرەر تىلدىكى سۆزلەرنى مەلۇم تەرتىپتە جەملەپ، ئىزاھلاپ ياكى باشقا تىلغا تەرجىمە قىلىپ بېرىدىغان قورال كىتاب — لۇغەت دېيىلىدۇ. بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇرچە لۇغەتلەرنىڭ ئېلىپبە تەرتىپىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر مىساللار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىمۇ كۆرسىتىلگەن.

**摘要**：把某一语言的词按照某种顺序收集起来,予以注释或译成另一种语言的工具书叫做词典。本文通过举例提出了维吾尔文词典中字母顺序上存在的问题并指出了解放决问题的方法。

**Abstract**: A book that lists and explains the words of a langnage, or gives their translation in one or more other languages by usually arranging in alphabetical order is called a dictionary. This article mentions the problems in alphabetical order in the Uygur dictionary and list some ways to solve the problems by taking examples.

ئۆزۈندىن بېرى مۇشۇ مەسىلە زادىلا كاللامدىن ئۆتمەي كېلىۋاتاتتى. بىز ئۇيغۇر تىلىدا مەيلى قانداق لۇغەت تۈزەيلى شۇ لۇغەتنىڭ پېشانىسىگە بىرىنچى بولۇپ يازىدىغىنىمىز «بۇ لۇغەتكە ئېلىنغان سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى» دېگەن پرىنسىپتىن ئىبارەت. بىز لۇغەتتىن سۆز ئاختۇرۇشتا مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە دەرھال لۇغەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىمىز. مۇبادا لۇغەتكە ئېلىنغان سۆزلەر بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن ئىنچىكە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا، بىز ھېچ قىينالمايلا نەچچە سېكۇنت ئىچىدە شۇ سۆزنى ئۆز ئورنىدىن تېپىپ، قانائەت ھاسىل قىلالايمىز. ئۇنداق بولمىغاندا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىقلارغا يولۇقۇشىمىز، ھەتتا شۇ سۆز لۇغەتكە ئېلىنغان تۇرۇقلۇق، تاپالماي ئۈمىدسىزلىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇنداقتا ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەنگەن لۇغەتلەرنى قولىمىزغا ئېلىپ ئەستايىدىل بىر كۆزىتىپ باقايلىچۇ، ئېلىپبە تەرتىپىگە ھۆرمەت قىلىنىپتۇمۇ يوق؟ قاراڭ، پرىنسىپنى ئۆزىمىز تۈزۈپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەمەل قىلمايۋاتقانلىقىمىز راستلا بىر كۈلكىلىك ئىشتە. لۇغەت تۈزگۈچىلەر ئۇچۇن ئېلىپبە تەرتىپى ئۇنچىۋالا ئىنچىكىلەپ كەتكۈدەك مۇھىم ئىش ئەمەسمۇ ياكى ئېلىپبە تەرتىپىگە بولغان تونۇش تازا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئەيتاۋۇر مۇشۇ ئەقەللىي مەسىلىدىن ھېچبىر قۇتۇلالمايۋاتىمىز.

ئېلىپبە تەرتىپى — ئېلىپبە جەدۋىلىدىكى ھەرپلەرنىڭ مەلۇم ئۆلچەم ئاساسىدا مۇئەييەن رەت تەرتىپ بويىچە تىزىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مۇقىم، تۇراقلىق بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى 32 ھەرپنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، لۇغەت تۈزۈش ۋە لۇغەتلەردىن پايدىلىنىشتا، مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىدا، ئىسىملىكلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكىدە 32 ھەرپ بويىچە لۇغەتلەرگە ئېلىنغان سۆزلەر مانا مۇشۇ تەرتىپنى ئۆلچەم قىلىپ، ئورۇن رەت تەرتىپىگە تىزىلىدۇ. بۇ رەت

• ئابدۇغاپپار ئابدۇراخمان: ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ پراكتىكانت تەتقىقاتچىسى. 830001

تەرتىپكە ئەمەل قىلىنمايدىكەن، دېمەك سۆزلەر ئۆز ئورنىدىن چىقمايدۇ ـ دە، لۇغەتكە ئېلىنمىغان ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، لۇغەتچىلىكتە ئېلىپبە تەرتىپى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدىغان، خاتالىققا ھەرگىزمۇ يول قويۇلمايدىغان پرىنسىپلارنىڭ ئالدىنقىسى. بىز بۇ رەت تەرتىپكە تايىنىپ، ئىزدىمەكچى بولغان سۆزلەرنى لۇغەتلەردىن ئاسانلا تېپىپ چىقالايمىز. نۆۋەتتە ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكىدە لۇغەتكە ئېلىنغان سۆزلەر ئومۇمەن باش سۆزلەم ۋە ياردەمچى سۆزلەم دېپ ئىككىگە ئايرىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. تۈپ سۆزلەر (ئاش، ... باغ، ...)، ياسالما سۆزلەر، (ئاشپەز، ... ياغاچچى، ...)، جۈپ سۆزلەر (ئاش ـنان، ... بەخت ـ سائادەت، ...)، بىرىككەن سۆزلەر (تاشپاختا، ... تاشيول، ...)، قاتقان سۆزلەر (ساماندەك، ... قومدەك، ...) بولسا باش سۆزلەم دائىرىسىگە، بۇلاردىن تۈغۈلغان ئەركىن سۆز بىرىكمىلىرى (سانائەت ئىنقىلابىي، ... ئىپتىدائىي جەمئىيەت، ...)، تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى (ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك، ... ياغاچ قولاق، ...) ۋە ئادەت سۆزلىرى (ئاتاڭغا رەھمەت، ... خۇدا خالىسا، ...)، مۇستەقىل ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەرنىڭ ئانالىتىك يول بىلەن پەيدىلاشقان شەكىللىرى (دۈچ كەلمەك ...) بولسا يادەمچى سۆزلەم دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ خىل ئايرىش ئۇسۇلى تولىمۇ مۇۋاپىق بولغان توغرا ئۇسۇلدۇر. بۇ لۇغەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىگە ھۆسن قوشۇپلا قالماي، سۆز ئاختۇرۇشقىمۇ قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. ئەمدىكى گەپ، ئېلىپبە تەرتىپىدىكى مەسىلە زادى نەدە؟ باش سۆزلەملەردىمۇ ياكى يادەمچى سۆزلەملەردىمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، باش سۆزلەملەردە مەسىلە ئانچە چوڭ ئەمەس. لېكىن پۈتۈن قالايمىقانچىلىق يادەمچى سۆزلەملەردە كۆرۈلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن مەلۇم لۇغەتلەردىكى باش سۆزلەم «كۆز»نىڭ ئاستىغا بېرىلگەن مۇنۇ يادەمچى سۆزلەملەرنىڭ ئېلىپبە تەرتىپىنى (ئەينەن، تولۇقى بىلەن كۆرسىتىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، كىتابخانلارنى ئالتە توملۇق «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ۋە شۇ ئاساستا ئىشلەنگەن لۇغەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا ھاۋالە قىلىمىز) كۆرۈپ باقساقلا مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ. مەسىلەن:

كۆز — كۆز ئاچماق
... ... ...
كۆزى تېشىلىپ كەتمەك
كۆز تىكمەك
كۆزدە تۇتماق
كۆزىدىن چىقىپ قالماق
كۆزى قورقماق
كۆز قورغاقلىشىش كېسىلى
... ... ...
كۆزگە ئاي كۆرۈنمەك
... ... ...
كۆز گۆھىرى
كۆزلىرى چاقناپ كەتمەك = كۆزلىرى ئويناپ كەتمەك
... ... ...
كۆز مونچاق
... ... ...
كۆزنى پارقىرىتىپ تۇرماق
... ... ...
كۆزنىڭ ئاچچىقىنى چىقارماق
... ... ...
كۆزنى نەملىمەك = كۆزگە ياش ئالماق
... ... ...
كۆز ئويمىنى
... ... ...
كۆزۈڭگە قارا

كۆزىدە بولماق
كۆزى دۇمبىسىگە ئۆتۈپ قالماق
كۆزىدىن ئوت چاقنىماق = كۆزدىن ئوت چىقىپ كەتمەك
... ... ...
كۆز ئىشارىتى قىلماق
كۆزى كىچىك
كۆزگە باقماق = كۆزگە قارىماق
... ... ...
كۆز ئىلىنماق = كۆزى ئۇيقۇغا بارماق
كۆزى ئىمىر ـ چىمىر بولماق
... ... ...
كۆزنى بىلمەك
... ... ...
كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقارماق
... ... ...
كۆزنى يوشۇرماق = كۆزنى قاچۇرماق
... ... ...
كۆزى ئوچۇق قارىغۇ
... ... ...
كۆز ياشاڭغىرىماق
... ... ...
كۆزىدىن غايىپ بولماق
كۆزدىن قاچۇرماق
كۆزىدىن قان ـ يىرىڭ ئاقماق
كۆزدىن كۆچۈرمەك

... ... ...
كۆز ئېچىپ كۆرگەن
كۆزى ئېچىلماق
كۆز ئېقى
... ... ...
كۆزى ئاجىز
... ... ...

... ... ...
كۆزىدىن ئۇچماق
كۆزىدىن ئۆتكۈزمەك = كۆزىدىن كۆچۈرمەك
... ... ...
كۆز سالماق
... ... ...
كۆز قاماشماق

ئەمدى بۇلاردىن «كۆز سالماق، كۆز قاماشماق» قاتارلىق ياردەمچى سۆزلەملەرنى ئاختۇرۇشقا توغرا كېلىپ قالسا ئېنىقكى، بىز بۇ ياردەمچى سۆزلەملەرنى تېپىش ئۈچۈن باش سۆزلەم «كۆز» نىڭ ئاستىدىن باشلاپ تا ياردەمچى سۆزلەم ئاخىرلاشقىچە بىرمۇ بىر زېرىكمەي نەچچە بەتنى ئاختۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز ياكى يېرىم يولدا بۇ سۆز لۇغەتكە ئېلىنماپتۇ دەپ تاشلاپ قويۇشىمىزمۇ مۇمكىن. لۇغەت پايدىلانغۇچىلارغا قولايلىق، ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىدىغان تۇرسا، بۇ نېمە ئىش؟ ئەكسىچە ئېلىپبە تەرتىپى جەھەتتە بىزگە ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقىنىنى قارالڭ. لۇغەتتىن پايدىلىنىشنى بىلىدىغانلىكى ھەرقانداق بىر كىشى «كۆز سالماق، كۆز قاماشماق» قاتارلىق ياردەمچى سۆزلەملەرنى لۇغەتتىن ئاختۇرغاندا بىرىنچى بولۇپ باش سۆزلەم «كۆز» نى تېپىۋېلىپ، ئاندىن شۇنىڭ ئاستىدىكى باش سۆزلەمنىڭ تۈزلەنمىگەن (ئەسلى) شەكىللىرىدىن ئاختۇرىدۇ. ھەرگىزمۇ ئىزىپ «كۆزىدىن چىقىپ قالماق» ياكى «كۆزگە ئاي كۆرۈنمەك» ۋە ياكى «كۆزلىرى چاقناپ كەتمەك» لەر ئاستىدىن ئاختۇرۇپ يۈرمەيدۇ. مانا بۇ دەل ئېلىپبە تەرتىپىنىڭ توغرا تىزىلمىغانلىقىدىن لۇغەتلىرىمىزنىڭ سۈپىتىدە، پايدىلىنىش قىممىتىدە كۆرۈلىۋاتقان نۇقسانلاردۇر.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندىن باشقا يەنە ياردەمچى سۆزلەملىرى كۆپ بولغان «ئاغىز، ئەقىل، باش، تىل، جان، چىراي، چىش، خەق، خەۋەر، خۇدا، دەم، دۇنيا، دىل، راي، سۆز، شۇ، غەم، قان، قول، قولاق، كۆڭۈل، گەپ، ئىش، يۈز، يۈرەك، ...» قاتارلىق باش سۆزلەملەرنىڭ ئاستىغا بېرىلگەن يارەمچى سۆزلەملەرنىڭ ھەممىسى (تولۇقى بىلەن كۆرسىتىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، كىتابخانلارنى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئالتە توملۇق «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» ۋە «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە، ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» لەردىن ھەمدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» ... لەردىن كۆرۈۋېلىشقا ھاۋالە قىلىمىز) دە ئېلىپبە تەرتىپى ئىنتايىن قالايمىقان، يارەمچى سۆزلەملەرنى تېپىش ناھايىتىمۇ تەس بولۇپ، قىلچىمۇ ئىنچىكە ئېلىپبە تەرتىپىگە ھۆرمەت قىلىنمىغان. ئۆز خاھىشى بويىچە ئۇدۇل كەلگىنىنى خالىغانچە تىزىپ قويىۋەرگەن. ئەمدى بىز باش سۆزلەم «كۆز» نىڭ ئاستىغا بېرىلگەن يارەمچى سۆزلەملەرنىڭ ئېلىپبە تەرتىپىنى ئىنچىكە ئېلىپبە تەرتىپىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا تۈزۈەندىكىدەك تىزىپ، يۇقىرىدىكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقساق، قايسى خىل تىزىش ئۇسۇلىدا سۆز تېپىشنىڭ ئاسان ھەم قولايلىق بولىدىغانلىقىنى، كۆركەم تىزىلىدىغانلىقىنى بەلكى كىتابخانلىرىمىزمۇ ھېس قىلىپ قالار (ماقالىنىڭ سەھىپىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ قىسقارتىپ بېرىلدى). مەسىلەن:

كۆز —
تۈرلەنمىگەن شەكلى
كۆز ئاچماق
... ... ...
كۆز سالماق
... ... ...
كۆز قاماشماق
... ... ...
تۈرلەنگەن شەكلى
كۆزدە تۇتماق
... ... ...
كۆزدىن كۆچۈرمەك
... ... ...
كۆزگە ئاي كۆرۈنمەك
... ... ...

... ... ...
كۆزنى پارقىرىتىپ تۇرماق
... ... ...
كۆزنىڭ ئاچچىقىنى چىقارماق
... ... ...
كۆزى ئاجىز
... ... ...
كۆزىدە بولماق
... ... ...
كۆزىدىن چىقىپ قالماق
... ... ...
كۆزگە باقماق=كۆزگە قارىماق
... ... ...
كۆزنى بىلمەك
... ... ...

| | |
|---|---|
| كۆزلىرى چاقناپ كەتمەك = كۆزلىرى ئويناپ كەتمەك | كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقارماق |
| | ... ... ... |

مېنىڭچە، بۇ ناھايىتىمۇ روشەن سېلىشتۇرما، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئېلىپبە تەرتىپى دەپ قارايمەن. بۇ نۇقتىدىن ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكىدىكى ئېلىپبە تەرتىپى ھەققىدە ئۆزۈم ھېس قىلغان تۆۋەندىكى بىرقانچە پرىنسىپلارنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلىشىپ باقماقچى.

ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكىدە سۆزلەرنى ئېلىپبە تەرتىپىگە تىزىش پرىنسىپلىرى:

1) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق ئېلىپبەسىدىكى 32 ھەرپ بويىچە لۇغەتكە ئېلىنغان باش سۆزلەملەردە بىرىنچى بولۇپ تىزىلغان سۆز بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن تىزىلىدىغان سۆزلەر تەركىبىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئالدى ـ كەينىگە، يۇقىرى ـ تۆۋىنىگە قاراپ جەزمەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپىنى قاتتىق ئۆلچەم قىلىپ، ئىنچىكە ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىلىدۇ.

2) باش سۆزلەملەردىن تۇغۇلغان يارەمچى سۆزلەملەرنىڭ ئالدىنقى تەركىبى (باش سۆزلەم) تۈرلەنمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن سۆزلەر ئالدىنقى تەركىبكە (باش سۆزلەمگە) بېقىنمىغان (ئېلىپبە تەرتىپىدىكى بېقىناسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئاساستا ئۆز ئالدىغا يېڭىۋاشتىن ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئاددىي — | كۆچمە — |
| ئاددىي ئاتالغۇلۇق سان | كۆچمە بارخان |
| ... ... ... | ... ... ... |
| ئاددىي جۈملە | كۆچمە دولقۇن |
| ... ... ... | ... ... ... |
| ئاددىي كەسىر | كۆچمە مەبلەغ |
| ... ... ... | ... ... ... |

3) باش سۆزلەملەردىن تۇغۇلغان يارەمچى سۆزلەملەرنىڭ ئالدىنقى تەركىبى (باش سۆزلەم) تۈرلەنگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئاۋۋال ئالدىنقى تەركىب (باش سۆزلەم) نىڭ تۈرلەنمىگەن (ئەسلى) شەكىللىرى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن سۆزلەر ئۆز ئالدىغا يېڭىۋاشتىن ئېلىپبە تەرتىپىدە، ئاندىن ئالدىنقى تەركىب (باش سۆزلەم) نىڭ ھەر خىل تۈرلەنگەن شەكىللىرى ۋە شۇلار بىلەن بىرگە كەلگەن سۆزلەر ھەربىر تۈرلىنىشتە ئۆز ئالدىغا يەنە يېڭىۋاشتىن ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| باش — | |
| **تۈرلەنمىگەن شەكلى** | بېشى باغلاقلىق |
| باش ئادۋوكات | ... ... ... ... |
| باش ئاسمانغا تاقاشماق | بېشى چوڭ |
| ... ... ... ... | ... ... ... ... |
| **تۈرلەنگەن شەكلى** | بېشىدا تۇرماق |
| باشتا قامچا ئويناتماق | ... ... ... ... |
| باشتا كۆتۈرمەك | بېشىدا سۇيى بار |
| ... ... ... ... | ... ... ... ... |
| باشتىن تۈتۈن چىقارماق | بېشىغا سۇ قۇيماق |
| باشتىن كەچۈرمەك | ... ... ... ... |
| ... ... ... ... | بېشىغا ئوت ياقماق |
| باشقا چىقماق | ... ... ... ... |
| ... ... ... ... | بېشىنى باغلىماق |
| باشقا كۈن چۈشمەك | ... ... ... ... |
| ... ... ... ... | بېشىنى ئوڭلىماق |
| باشنى ئوچاق قىلىشۋەتمەك | ... ... ... ... |
| ... ... ... ... | |

4) لۇغەتلەرگە ئېلىنغان ئايرىم باش سۆزلەملەر 3 ـ شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندە ئىككىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئاغىز (ئاغزى)، ئەقىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(ئەقلى) ، باغىر (باغرى) ، بويۇن (بوينى) ، بۇرۇن (بۇرنى) ، سىڭىل (سىڭلىسى) ، كۆڭۈل (كۆڭلى) ، ئورۇن (ئورنى) ، ۋاقىت (ۋاقتى) … قاتارلىقلار. مۇنداق باش سۆزلەملەردىن تۇغۇلغان ياردەمچى سۆزلەملەرنى ئېلىپبە تەرتىپىگە تىزغاندا، ئالدى بىلەن 3 ـ شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، ئىككىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قالغان يالغۇز شەكىللىرى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن سۆزلەر ئۆز ئالدىغا يېڭىۋاشتىن ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىلىپ، ئۇنىڭ ئاستىغا شۇ (ئىككىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قالغان) ھالەتتىكى ھەر خىل تۈرلەنگەن شەكىللىرى ۋە شۇلار بىلەن بىرگە كەلگەن سۆزلەر ھەربىر تۈرلىنىشتە ئۆز ئالدىغا يەنە يېڭىۋاشتىن ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىلىدۇ. ئاندىن كېيىن باش سۆزلەمنىڭ تۈرلەنمىگەن (ئىككىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قالمىغان ئەسلى) شەكىللىرى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن سۆزلەر ئۆز ئالدىغا يېڭىۋاشتىن ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىلىپ، ئۇنىڭ ئاستىغا شۇ (ئىككىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قالمىغان) ھالەتتىكى ھەر خىل تۈرلەنگەن شەكىللىرى ۋە شۇلار بىلەن بىرگە كەلگەن سۆزلەر ھەربىر تۈرلىنىشتە ئۆز ئالدىغا يەنە يېڭىۋاشتىن ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆڭۈل — … … …

| تۈرلەنگەن شەكلى | تۈرلەنمىگەن شەكلى |
| --- | --- |
| كۆڭلى ئاق | كۆڭۈل ئاچماق |
| … … … | … … … |
| كۆڭلى ئەگرى | كۆڭۈل ئەمىن تاپماق |
| … … … | … … … |
| كۆڭلىگە قارىماق | ئەسلى شەكلىنىڭ ھەر خىل تۈرلەنگەن شەكىللىرى |
| … … … | كۆڭۈلدە چوت سوقماق |
| كۆڭلىنى رام قىلماق | … … … |
| … … … | كۆڭۈلدە سان بولماق |
| كۆڭۈلدىكىنى دېمەك | … … … |
| … … … | كۆڭۈلنى چۈشەنمەك |
| كۆڭۈلدىن چىقارماق | … … … |
| … … … | كۆڭۈلنى غەش قىلماق |
| كۆڭۈلگە ئالماق | … … … |
| … … … | كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەك |
| كۆڭۈلگە تەگمەك | … … … |

5) لۇغەتلەردە پېئىللار «ـ ماق، ـ مەك» شەكلىدە بېرىلگەن بولسا، ئۇلاردىن تۇغۇلغان ياردەمچى سۆزلەملەر «ـ پ، ـ ىپ، ـ ۇپ، ۈپ؛ ـ ىش، ـ ۇش، ـ ۈش؛ ـ غان، ـ قان؛ ـ گەن، ـ كەن» شەكلىدە «ـ ماق، ـ مەك» شەكلىدىكى شۇ پېئىللارنىڭ ئاستىغا بېرىلىدۇ. بۇلاردىمۇ ئوخشاشلا ئالدى بىلەن تۈرلەنمىگەن «ـپ، ـ ىپ، ـ ۇپ، ۈپ؛ ـ ىش، ۇش، ۈش؛ ـ غان، ـ قان؛ ـ گەن، ـ كەن» شەكىللىرى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن سۆزلەر ئۆز ئالدىغا يېڭىۋاشتىن ئېلىپبە تەرتىپىدە، ئاندىن كېيىن ھەر خىل تۈرلەنگەن شەكىللىرى ۋە شۇلار بىلەن بىرگە كەلگەن سۆزلەر ھەربىر تۈرلىنىشتە ئۆز ئالدىغا يەنە يېڭىۋاشتىن ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىلىدۇ. مۇبادا « … كۆرمەك، ئوقۇماق، ئۆگەنمەك…» دېگەنگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ ھەم «ـ ماق، ـ مەك» شەكلى ھەم «ـ ىش، ـ ۇش، ـۈش» شەكلى بېرىلگەن («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ۋە مۇشۇ ئاساستا تۈزۈلگەن ئايرىم لۇغەتلەردە شۇنداق بېرىلگەن) بولسا، ئۇلاردىن تۇغۇلغان ياردەمچى سۆزلەملەرنى « ـ ماق، ـ مەك» شەكلىنىڭ ئاستىغا بەرسىمۇ، «ـ ىش، ـ ۇش، ۈش» شەكلىنىڭ ئاستىغا بەرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇنىڭدا ئانچە چوڭ مەسىلە يوق. ياخشىسى «ـ ىش، ـ ۇش، ـ ۈش» شەكلىدىكى ياردەمچى سۆزلەملەر «ـ ىش، ـ ۇش، ـ ۈش» شەكلىدىكى باش سۆزلەمنىڭ ئاستىغا يۇقىرىدىكى ئىنچىكە ئېلىپبە تەرتىپى پرىنسىپى بويىچە بېرىلگىنى تۈزۈك. «ـ ماق، ـ مەك» شەكلىگىمۇ، «ـ ىش، ـ ۇش، ـ ۈش» شەكلىگىمۇ بىرلا ۋاقىتتا بېرىلىپ، تەكرار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. «… كۆرۈنۈش (رەسىم) ، كۆرەش (جەڭ) ، ئولتۇرۇش (زىياپەت) …» قاتارلىق ئىسىملاشقان سۆزلەر بۇنىڭ سىرتىدا. بۇلارنىڭ ياردەمچى سۆزلەملىرى چوقۇم مۇشۇ ئىسىملاشقان باش سۆزلەملەرنىڭ ئاستىغا ئىنچىكە ئېلىپبە تەرتىپىدە بېرىلىدۇ. «ـپ، ـ ىپ، ـ ۇپ، ـ ۈپ؛ ـ غان، ـ قان؛ ـ گەن، ـ كەن» شەكىللىرىدىكى ياردەمچى سۆزلەملەر بولسا «ـ ىش، ـ ۇش، ـ ۈش» شەكلىنىڭ ئاستىغا ئەمەس، «ـ ماق، ـ مەك» شەكلىنىڭ ئاستىغا بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

ياشىماق —

ياشاپ كەت
... ... ...
ياشاش تېپى
باسماق —
بېسىپ چۈشمەك
... ... ...
بېسىش فورماتى
... ... ...
ياشاناق —
... ... ...
باستۇرماق —
باستۇرۇپ سۇغارماق
... ... ...
كۆرسەتمەك —
كۆرسىتىش ئالماش

... ... ...
ياتلاشماق —
ياتلاشقان ئەمگەك
... ... ...
بېرىلمەك —
بېرىلگەن ئەزا
... ... ...
كۈتمەك —
كۈتكەن يەردىن چىقماق
كۆرسىتىش ئالماش
... ... ...
كۆيمەك —
كۆيۈش نۇقتىسى
... ... ...

6) لۇغەتكە ئېلىنغان باش سۆزلەملەر 3 ـ شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندە، ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدىغانلىرى «باب (بابى)، باھا (باھاسى)، ياد (يادى) ... نىڭ ياردەمچى سۆزلەملىرى بولسا، ئەسلى ۋە ئاجىزلاشمىغان شەكلى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل تۈرلىنىشلىرى ۋە شۇلار بىلەن بىرگە كەلگەن سۆزلەرنى ئاساس قىلىپ ئاجىزلىشىدىغانلىرى «باش (بېشى)، كاناي (كانىيى)، ...» نىڭ ياردەمچى سۆزلەملىرى بولسا، ئەسلى ۋە ئاجىزلاشقان شەكلى ھەم ئۇلارنىڭ ھەر خىل تۈرلىنىشلىرى، شۇنداقلا شۇلار بىلەن بىرگە كەلگەن سۆزلەرنى ئاساس قىلىپ، يۇقىرىدىكى پرىنسىپلار بويىچە ئىنچىكە ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىلىدۇ. مەسىلەن:

ياد —
تۈرلەنمىگەن شەكلى
ياد ئەتمەك
... ... ...
ياد قىلماق
... ... ...
تۈرلەنگەن شەكىللىرى
يادقا ئالماق
... ... ...
يادىدا تۇرماق
... ... ...
... ... ...
يادىغا كەلمەك
... ... ...

كاناي —
... ... ...
كانىيىغا تىقماق
... ... ...
كانىيىغا ئېسىلماق
... ... ...كانىيىنى مايلىماق

دېمەك، ئېلىپبە تەرتىپى ئۇقۇمى ھەممەيلەننىڭ كاللىسىدا ئېنىق بولسىلا، مەيلى لۇغەتلەردىن سۆز ئاختۇرۇشتا بولسۇن ياكى لۇغەتلەردە سۆزلەرنىڭ ئېلىپبە تەرتىپىنى تۈرغۇزۇشتا بولسۇن خاتالىق سادىر قىلىشتىن ساقلىنالايمىز. بىزدە ھەرقانداق ئىشقا سەل قاراش ئىدىيىسى كۈچلۈك. ئىنگلىزلارنىڭ باشلانغۇچتىكى بالىلىرى چېغىدا ئىنگلىز تىلى ئېلىپبەسىدىكى 26 ھەرپىنىڭ ئورۇن رەت تەرتىپىنى ئالماشتۇرۇپ قويماي تولۇق يادلاپ بېرەلەيدۇ. تېخى ناخشا قىلىپ ئېيتىپمۇ يۈرىدۇ. بىزدىچۇ، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. ئىنتايىن ئاز ساندىكىلەردىن باشقىلىرى يادقا بىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا چوڭ زىيالىيلىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىدىن چىقىۋاتقان، ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدە قايسى ھەرپتىن كېيىن قايسى ھەرپنىڭ كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئىشنى كىچىكتىن باشلىغاندا چوڭ سەۋەنلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

2005 ـ يىلى 12 ـ ئاي   شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)   26 ـ يىللىق 4 ـ سان
2005 年 12 月   新疆大学学报(哲学社会科学维文版)   第 26 卷第 4 期

# مەدەنىيەت نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ۋە شىنجاڭ مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ماسلىشىپ راۋاجلىنىش مەسىلىسى

ئىقبال تۇرسۇن*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەدەنىيەت نىسپىيلىكى نەزەرىيىسى — مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات ئېقىمىغا قارشى ئوتتۇرىغا چىققان، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان پىكىر ئېقىمى. ئۇ ھەرقانداق مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى ھەم قىممىتى بار، مەدەنىيەتكە باھا بېرىدىغان بىرلىككە كەلگەن ئورتاق ئۆلچەم يوق، ھەرقانداق باھا ۋە ئۆلچەم نىسپىي بولىدۇ دەپ قاراپ، ھەرقانداق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىش، قوبۇل قىلىش ۋە ئېتىراپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ماقالىدە، مەدەنىيەت نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى تەسىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئىناق ماسلىشىپ راۋاجلىنىشى ھەققىدىكى بەزى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要**：文化相对理论是反文化进行潮流而产生的提倡文化多源性的思潮。它认为任何文化都有其产生的基础和价值,没有评价文化的统一的共同标准,任何评价和标准都是相对的,提倡对各种文化现象要理解、接受和承认。尽管文化相对论代表多种文化平等存在的理想,但 90 年代以后由于国内文化界往政治利益上滥用,使民族主义倾向高涨。本文结合文化相对理论在国内文化界的影响,提出了关于新疆各民族文化和睦相处、协调发展的某些观点。

**Abstract**: The theory of cultural relativity is the movement which advocates multi culturalism on the basis of anti—cultural gradualism. It holds the view that each culture has its ground and value, and there is no definite hardstick to comment on each culture. Sinc any comment and standard are relative, they advocates people should understand, accept, and aknowledge various kinds of cultural phenomenon. Although the theory stands for the ideal that various kinds of culture co—exist equally, the abuse of culture in the field of politics after the 1990s led to the growing tendency of nationalism. This article puts forward some opinions on harmonious development of different ethnic cultures in Xinjiang, based on the impacts that the theory cultural relativity has exerted on the domestic cultural field.

XX ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان ئىلىمزىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنىڭ ئۇچقاندەك تېز ئىلگىرىلىشى ۋە شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىش يۈزلىنىشى پەيدا قىلغان مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى مەسىلىسى بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ

* ئىقبال تۇرسۇن: شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى. 830053

كۈچلۈك بەس - مۇنازىرە تېمىسىغا ئايلانماقتا. بولۇپمۇ خەلقئارادىكى مىللەت، دىن ۋە رايون خاراكتېرلىك سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۇنيا تەدرىجىي ھالدا توقۇنۇشتىن يارىشىش ۋە بىرلىشىشكە يۈزلەنمەكتە. بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىسىنىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى مەدەنىيەتنىڭ يەرشارىلىشىشىنى تېزلىتىۋاتقان شارائىتتا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەقدىرى زادى قانداق بولىدۇ؟ مەدەنىيەتنى مىللىيلاشتۇرۇش، يەرلىكلەشتۈرۈش يولىغا ماڭامدۇ، ياكى دۇنياۋىلاشتۇرۇش يولىغىمۇ؟ بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە زادى قانداق قاراش كېرەك؟ يېڭى ئەسىردە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەمدە ماسلىشىپ راۋاجلىنىشىغا قانداق كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇ شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ 21 - ئەسىردىكى چىقىش يولى ۋە تەرەققىياتىغا باغلىق بىر مۇھىم، رېئال مەسىلە.

## 1

ئىنسانىيەت مەرىپەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان تۈرلۈك ئىرق، مىللەت ۋە رايونلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش، زىددىيەت، توقۇنۇش ۋە زور كۆلەملىك ئۇرۇشلار ھەربىر دەۋردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەت تىپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەرقى ئۈستىدە ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. مىلادى XVII ئەسىرلەردىن باشلاپ مەدەنىيەت مەسىلىسى پەيدىنپەي جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلاندى.

غەرب ھازىرقى زامان ئىنسانشۇناسلىق تارىخىدا XIX ئەسىردە ئەڭ كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى (Cultural Evolution) ئوتتۇرىغا چىققاندىن تارتىپ تاكى XX ئەسىر ئىنسانشۇناسلىق ساھەسىدە مەدەنىيەت نىسپىيلىك نەزەرىيىسى (Cultural Relativism) شەرقىي ئاسىيا سەھنىسىدە رول ئوينىغانغا قەدەر ئارىلىقتا مەدەنىيەت تارقىتىش (Diffusionism)، قۇرۇلمىچىلىق (Structuralsm)، ئىقتىدارچىلىق (Functionalism)، مەدەنىيەت تارىخى تەنقىدچىلىك ئېقىمى (Cultural History Critisism) قاتارلىق مەدەنىيەت ئېقىملىرىنى ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن بەس - مۇنازىرىنى شەكىللەندۈردى. ھازىرغىچە مەدەنىيەتكە 200 خىلدىن ئارتۇق تەبىر بېرىلگەن بولسىمۇ، ھېلىھەم ئومۇملۇققا ئىگە كۆزقاراش تىكلەنگىنى يوق. ھەر خىل مەدەنىيەت تىپلىرى، مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە مەدەنىيەت پەرقى مەسىلىسىدە مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى بىلەن مەدەنىيەت نىسپىيچىلىك نەزەرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى بەس - مۇنازىرە تا بۈگۈنگىچە داۋاملاشماقتا. ئۇنىڭ ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى مەدەنىيەت ساھەلىرىگە قالدۇرغان ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىرى تولىمۇ چوڭقۇر. مەدەنىيەتنىڭ نىسپىيچىلىك كۆزقارىشىنى ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس فرانس بوئاس (Frans · Boas ~ 1852—1942) قاتارلىقلار XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئامېرىكا ئىندىئانلىرى بىلەن ئېسكىموس قەبىلىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشىنىڭ، ئەقىل ۋە تەپەككۇرىنىڭ دۇنيادىكى باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى، پەرقىنىڭ ئىنتايىن ئازلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن مەيلى قانداق تەن، ئىرققا تەۋە مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئىقتىدارى ئوخشاش، ھەممىسىنىڭ ئۆز تۇرمۇش شەكلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئاساسى ۋە مۇۋاپىق تەرىپى بار؛ مەدەنىيەت ھەرگىز يۇقىرى - تۆۋەن، ئېسىل - ناچار، ئىلغار - قالاق، مەدەنىي ياكى مەدەنىيەتسىز دەپ ئايرىلمايدۇ، دەپ قارىغان. شۇ ئاساستا بوئاس قاتارلىق ئىنسانشۇناسلار ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇپ، مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە مەدەنىيەت تارىخى تەنقىدچىلىك ئېقىمى قاتارلىق مەدەنىيەت ئېقىملىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى رەت قىلىپ، مەدەنىيەت نىسپىيلىك نەزەرىيە ئېقىمىنى تىكلىگەن. شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىلمىي ھالدا شەرھلىگەن①.

مەدەنىيەت نىسپىيلىكى نەزەرىيىسى مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات ئېقىمىنىڭ «مەدەنىيەت تاق لىنىيىلىك راۋاجلىنىدۇ» دەيدىغان مەدەنىيەت قىممەت قارىشىنى ئىنكار قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تەدرىجىي تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى كۆپ مەنبەلىك راۋاجلىنىش جەريانى، ھەرقانداق بىر مىللىي مەدەنىيەت ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر گەۋدە، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك مەۋجۇتلۇق ئاساسى ھەم خاس قىممىتى بار، مەدەنىيەت ئىلغار - قالاق، يۇقىرى - تۆۋەن، ئېسىل - ناچار دەپ ئايرىلمايدۇ، ھەرقانداق بىر مەدەنىيەتكە باھا بېرىشتە شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ كونكرېت ھالىتى ۋە شەكلىدىن ھالقىغان ئومۇمىي پرىنسىپ ياكى ھەممىگە باب كېلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قىممەت پرىنسىپى ۋە ياكى ئۆلچىمى مەۋجۇت ئەمەس، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل پىكىر ئېقىمىنىڭ خەلقئارا مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ساھەسىدە تېز ئەۋجىگە چىقىشىنىڭ ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى. XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئىنسانشۇناسلىقى ساھەسىدىكى ئالىملار دۇنيادىكى ھەر خىل مەدەنىيەت تىپلىرى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ بىرەر مەركىزى بارمۇ - يوق؟ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىرەر ئۆرنىكى بارمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى تەتقىق قىلىپ، غەربنىڭ ئىرقىي ۋە مەدەنىيەت ئەلالىق نەزەرىيىسىنى كۆتۈرۈپ چىققان. بۇ قاراشنى بازارغا سالغۇچىلار دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە مورگاننىڭ قەدىمكى جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئۈچ باسقۇچلۇق تەرەققىيات كۆزقارىشىغا تايىنىپ، مەدەنىيەتنىڭ بىر لىنىيىنى بويلاپ ئىپتىدائىي ياۋايىلىق دەۋرىدىن جاھىلىيەت دەۋرىگە، ئاخىرىدا مەرىپەت دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقى، تۈرلۈك ئامىللار تۈپەيلىدىن ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ۋە دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بەزى مىللەتلەر مەدەنىيىتى يۈكسەك دەرىجىگە يەتكەندە، يەنە بەزى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تۆۋەن باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. ئۇلاردا ئاددىيلىق ۋە مۇرەككەپلىك، ئىلغارلىق ۋە قالاقلىق، مەدەنىيلىك بىلەن جاھىلىيەت پەرقى بار دەپ قارىغان. بۇ خىل تەدرىجىي ئىلگىرىلەش نەزەرىيىسىچە بولغاندا، بەزى مىللەتلەر «مەرىپەت» دەۋرىگە كىرگەندە، يەنە بەزى مىللەتلەر تېخىچە «جاھىلىيەت» دەۋرى ياكى «ياۋايىلىق» باسقۇچىدا تۇرغان بولىدۇ. بۇ مەنتىقىدىن پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلغان ئەللەردىلا ئېسىل، يۇقىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەت بولىدۇ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى قەدىمكى مەدەنىيەتتىن ئېسىل ۋە يۈكسەك، دەيدىغان يەكۈن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ قاراشقا ئاساسلانغاندا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئىنسانشۇناسلىرىنىڭ: شەرقلىقلەر جاھىلىيەتتە قالغان خەلقلەر، ھەقىقىي مەدەنىيەت غەربتىن تارقالغان، غەرب مەدەنىيىتى — ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەنبىيى، غەرب مەدەنىيىتى دۇنيادىكى ھەممە مەدەنىيەت تىپلىرى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل، ئالىيجاناب، يۈكسەك ۋە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مەدەنىيەت دەيدىغان غەرب مەدەنىيەت مەركەزچىلىك ئىدىيىسى مانا مەن دەپ ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئەسلىدە غەرب يېقىنقى زامان سانائەتتى مەزگىلىدە پەيدا بولغان بىر خىل ئىدېئولوگىيە فورمىسى. ئۇ غەربلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە قىممەت كۆزقارىشىنى باشقا مىللەت ۋە رايونلارغا مەجبۇرىي تېڭىشقا باھانە - دەستەك تېپىپ بەرگەن. شۇڭا، ئاتالمىش غەرب مەدەنىيەت مەركەزچىلىكى ئەمەلىيەتتە «ئۆزىنىڭ قىممەت كۆزقارىشى ۋە مەدەنىيەت ئۆلچىمىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە مەجبۇرىي تېڭىپ، ئۇلارنى دەرىجىگە تۇرغۇزۇپ، پەقەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنىلا تەبىئىي، ساغلام مەدەنىيەت، باشقا بارلىق مەدەنىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مەدەنىيەت دەپ قاراشتىن بۆلەك نەرسە ئەمەس»②.

ئەنگلىيىلىك تارىخشۇناس ئارنولد. تويىنبىي (Arnold Toynbee ~ 1889—1975) ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «تارىخ تەتقىقاتى» (Astudy of History) ناملىق كىتابىدا غەرب مەدەنىيەت مەركەزچىلىك ئىدىيىسىنىڭ مەنبەسىنى تەھلىل قىلغاندا مۇنداق دەپ يازغان: «بىز غەربلىكلەر باشقىلارنى ‹يەرلىكلەر› دەپ ئاتىغىنىمىزدا ئۆز خىيالىمىزچە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى نەزەرىمىزدىن پۈتۈنلەي ساقىت قىلىۋېتىمىز». ئۇنىڭچە، بۇ خىل ھېسسىياتنى پەيدا قىلغان تۈپ سەۋەب «غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى دۇنياۋى غەلىبىسىدىن پەيدا بولغان. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ھېسسىياتىدىن تاشقىرى، ئاتالمىش ‹تارىخنىڭ بىردەكلىكى› دەيدىغان خاتا چۈشەنچىدىن يەنى مەرىپەتنىڭ ئېقىنى پەقەت بىز غەرب تەرەپتىلا، قالغان بارلىق مەدەنىيەتلەر ئۇنىڭ تارماق ئېقىنى بولمىغىنىدا پەقەت قۇملۇققا سىڭىپ كەتكەن ئېقىن دەيدىغان قاراشنىڭ ئۆرتكىسىدىن باشقا يەنە مۇنداق ئۈچ سەۋەبتىن: ئۇ بولسىمۇ، ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان خاتا تۇيغۇ، ‹شەرق ئۆزگەرمەيدۇ› دەيدىغان خاتا تۇيغۇ، شۇنىڭدەك يەنە مەدەنىيەت بىر تۈز سىزىقنى بويلاپ ئىلگىرىلەيدۇ دەيدىغان خاتا تۇيغۇنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت»③.

ئامېرىكىلىق سىياسىيشۇناس سەمۇئېل. خانتىڭتون «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» دېگەن كىتابىدا، ئىدېئولوگىيىلىك توقۇنۇش XX ئەسىردىكى دۇنيا سىياسىيسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، 21 - ئەسىردە «يەر شارىدىكى ئاساسلىق توقۇنۇش ئوخشىمىغان مەدەنىيەت كوللېكتىپى ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ. مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى يەر شارى سىياسىيسىنى بەلگىلەيدۇ. ئوخشىمىغان مەدەنىيەت قاتلاملىرى كەلگۈسىدىكى ئۇرۇش لىنىيىسىگە ئايلىنىشى مۇمكىن» دەپ قارىغان ھەمدە غەرب جەمئىيىتىنى «تەرىقەتچىلىك - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىرلىشىشىدىن، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ گىرۋىكىدىن مەدەنىيەت مەركىزىگە كىرىپ قېلىشىدىن، غەربنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى ئىگىلىشىدىن» ھوشيار بولۇشقا ئاگاھلاندۇرغانىدى④. خانتىڭتون ئوتتۇرىغا قويغان توقۇنۇش نەزەرىيىسى ئەمەلىيەتتە غەرب مەدەنىيەت مەركەزچىلىكىگە چاپان ياپقانلىق ھەم ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن مۇقام توۋلىغانلىق ئىدى. مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى نەزەرىيىسى شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىدە بىر پەس بەس -

مۇنازىرە ۋە غۇلغۇلا قوزغاپ سىنگاپور، مالايسىيا، تەيۋەن، شياڭگاڭ، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئۆز مەدەنىيىتىنى قايتا تونۇش شوئارىنى ئەۋجىگە چىقاردى. سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە غەرب مەدەنىيىتىگە قارشى «يېڭى تەرىقەتچىلىك» ۋە «تارىخ ئوخشىماسلىق» نەزەرىيىسى ھەم «شەرقىي ئاسىيا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ قىممەت قارىشى» قاتارلىق سىياسىي ۋە مەدەنىيەت قارىشىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلدى. ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى داڭلىق مەدەنىيەت تەنقىدچىسى ئىدۋارد سەئىد ( Edward Said ) ئۆزىنىڭ «شەرقشۇناسلىق» (Orientalism) ۋە «مەدەنىيەت ۋە جاھانگىرلىك» (Culture and Emperialism) دېگەن مەشھۇر ئەسەرلىرى- دە غەرب مەدەنىيەت مەركەزچىلىك ئىدىيىسىنى تەنقىد قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى ھەمدە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ قىممەت كۆزقارىشىنى ھىمايە قىلغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ مەدەنىيەتنى چۈشىنىش ۋە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشى 3- دۇنيا ئەللىرى تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلگەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەقسىتىگە سۇيىئىستېمال قىلىنغاچقا، ئاخىرى «غەرب مەدەنىيەت مەركەزچىلىكى»نىڭ ئەكسىگە يەنى «شەرق مەركەزچىلىك» ئىدىيىسىگە ئايلىنىپ قالدى⑤. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ھەدېسىلا «شەرقىي ئاسىيا قىممەت قارىشى»، «يېڭى تەرىقەتچىلىك»، «شەرقچە ئالاھىدىلىك» دەيدىغان ئۆزىنى مەركەز قىلىش خاھىشى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

مەدەنىيەت نىسپىيلىكى نەزەرىيىسى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكىنى تەرغىپ قىلىدىغان قىممەت نەزەرىيىسى بولۇش سۈپىتىدە غەربنىڭ ئىرقىي ئايرىمچىلىق ۋە مەدەنىيەت ئەلالىق ئىدىيىسىنىڭ بىر تەرەپلىملىكىگە رەددىيە بەرگەن ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ كۆپ خىل تۇرمۇش شەكلىنىڭ تىنچ بىللە تۇرۇش غايىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، مەلۇم دەرىجىدە ئىجابىي رول ئوينىغانىدى. لېكىن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن مەدەنىيەت نىسپىيلىكى كۆزقارىشى ئىنسانشۇناسلىق ساھەسىدىن سىياسىي سەھنىگە يۆتكەلدى. بەزىلەر مەدەنىيەت سەھنىسىدىن سىياسىي سەھنىگىچە بۇ ئېقىمنى ھەقىقىي سىياسىي پايدىلىنىش قورالىغا ئايلاندۇرۇپ، قەدىمكى سىياسىي تۈزۈم ئەندىزىسىدىكى «جەمئىيەت بىرىنچى»، «شەخسنىڭ ھوقۇقى ئىككىنچى» دەيدىغان ھوقۇق قارىشى، ئەخلاق قىممەت قارىشىنى غەربنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە باغلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان مەدەنىيەت، قىممەت كۆزقارىشى، ھوقۇق ۋە ئەخلاق پرىنسىپىغا قارشى ئورۇنغا چىقىرىپ قويماقتا.

مەدەنىيەت نىسپىيلىك قارىشىنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ بېكىنمىچىلىك ھەم بىر تەرەپلىملىك بىلەن مەلۇم بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئېسىل دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، سېلىشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى چەتكە قاقىدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تۆۋەن كۆرىدۇ. ئۇنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئىنسانىيەتكە ئورتاق پرىنسىپ ۋە ئۆلچەملىرىنىمۇ ئۆز مەنپەئەتىگە بېقىندۇرۇپ ئىزاھلايدۇ ياكى بۇرمىلايدۇ.

مەدەنىيەت نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئۆزى ئەسلىدە ئۇنچىلىك مۇرەككەپ پىكىر ئېقىمى بولمىسىمۇ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق، باراۋەر، تىنچ بىللە ياشاش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن ئېقىم بولسىمۇ، ئەمما نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدە خاتا چۈشىنىلگەن ۋە ئاز ساندىكى بەزىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىنىپ كېتىلگەنلىكتىن، ئۇ مەيلى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ياكى رېئال جەھەتتىن بولسۇن، ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىملىك، ئېغىر كەمتۈكلۈك ۋە چەكلىمىلىكلىكىنى ئاشكارىلىماقتا.

2

دۇنيادا ئوخشىمىغان مەدەنىيەتنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تەبىئىي ھالدا توقۇنۇش ۋە سۈركىلىشنى پەيدا قىلىدۇ. شەرق- غەربنىڭ تارىختىكى سىياسىي ۋە مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرى ئىككى قېتىملىق دۇنياۋى ئۇرۇشقا سەۋەب بولغان. پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مىسلىسىز ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. بۈگۈنكى دۇنيادا بىر ياقتىن كەسكىن توقۇنۇش داۋام قىلسا، يەنە بىر ياقتىن يارىشىش، قوشۇلۇش يولىدا كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر XX ئەسىردىكى شەرق- غەربنىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى «توقۇنۇش» بىلەن خاراكتېرلەنگەن دېسەك، ئۇ ھالدا 21- ئەسىر ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇش، بىرىكىش ۋە بىر- بىرىنى تولۇقلاشقا يۈزلىنىش دەۋرى بولۇشى مۇمكىن. ھازىر مەدەنىيەت ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەردە بەزىلەر مەدەنىيەتنىڭ مىللىيلىكىنى تەكىتلەپ، يەرلىكلەشتۈرۈش، خاسلاشتۇرۇش يولىغا مېڭىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر مەدەنىيەتنىڭ خەلقئارالىقلىقى، ئورتاقلىقىنى تەكىتلەپ، مەدەنىيەتنى دۇنياۋىلاشتۇرۇش يولىنى تەرغىپ قىلىۋاتىدۇ. باشقا يەنە بىر قىسىم كىشىلەر شەرق- غەرب مەدەنىيىتىنى

ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ھەر ئىككىسىنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى قوبۇل قىلىپ، زامانىۋى ئىلغار مەدەنىيەت يارىتىش كېرەك دەپ قاراۋاتىدۇ. ئەمما شەرق ـ غەربتىن نېمىنى قوبۇل قىلىشى، قانداق قوبۇل قىلىشى ھەم قانداق زامانىۋىلاشتۇرۇشى، قايسى تەرەپتىن ئوخشىشى، نېمىدە ئوخشىماسلىقى ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئايدىڭ ئەمەس. ئەنئەنە بىلەنمۇ چەكلىنىپ قالمايدىغان ھەم غەربنىڭ ئەندىزىسىنىمۇ كۆچۈرۈپ كەلمەيدىغان ئىجادىي تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تىكلەش ھازىر ھەربىر مىللەت مەدەنىيىتىدە چوڭقۇر ئويلانمىسا ۋە ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلە. ئۇنداقتا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەڭ باراۋەر مەۋجۇت بولۇشى، ئورتاق ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىدا ئورتاق بولغان پرىنسىپ ۋە قىممەت كۆزقارىشى بارمۇ؟ ئەگەر بار بولسا ئۇ نېمە؟ ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ بىر ـ بىرىنى ئېتىراپ قىلىشى، تونۇشى ۋە بىرلىشىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي تەرەققىيات يۈزلىنىشى. لېكىن خۇددى بەزى تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك، «شەرق ـ غەربنىڭ قوشۇلۇشى»، «ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىپ كەمچىلىكنى تولۇقلاش» بىر گۈزەل غايە بولسىمۇ، ئەمما «قانداق قوشۇلۇش»، «نېمىنى قوشۇش» ۋە «قوشۇلغاندىن كېيىن نېمىگە ئايلىنىش» مەسىلىسى بىر زىددىيەتلىك مەسىلە. چۈنكى مەيلى شەرقنىڭ ياكى غەربنىڭ قەدىمدىن تا ھازىرغىچە يارىتىلغان مەدەنىيىتى مەلۇم ئۆزگىچە دۇنيا قاراشقا تايانغان مەدەنىيەت. ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن بىرلىشىپ مەدەنىيەت بولغان ئەمەس⑥. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، تارىختىكى مەدەنىيەت شەكىللىنىشىدىن تاكى بۈگۈنگىچە ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تۇرمۇش شەكلى، دۇنيا قارىشىنىڭ خاسلىقىنى ئاساس قىلغان ھالدا پەيدا بولغان. مەدەنىيەت تەرەققىياتى داۋامىدا ئالماشتۇرۇش، قوبۇل قىلىش بىلەن قايتا ئىجاد قىلىش ئارقىلىق پەلسەپە، دىن، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتلەردىكى خاسلىقنى ھەم ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھېسسىيات، ئىدىيە، كۆزقاراشلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، بىر مىللەت ياكى رايوننىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىي، جۇغراپىيىلىك ۋە سىياسىي ئامىللارنىڭ تەسىرىدە تەكشىسىز بولىدۇ. بۇ خىل تەكشىسىزلىك بىرنەچچە خىل مەدەنىيەت ئارىسىدىمۇ، بىر دۆلەتنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيىتى بىلەن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى تارىختا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئازلىقتىن كۆپلۈككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ ئىلگىرىلەشتىن تاشقىرى، يەنە تارىختا باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن سۈركىلىش، توقۇنۇش، ئالاقە ـ ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تەدرىجىي مۇستەقىل مەدەنىيەت سىستېمىسى بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

مەيلى قانداق ئىرق، قانداق تىل ۋە قانداق دىنىي ئېتىقادقا ئىگە بىر مىللەت بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ھەممىسى ئوخشاش بىر ئىنسان، ئوخشاش بىر يەر شارىدا ياشايمىز. دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەردىكى پەرقلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەبىئىتىمىز، ھېسسىياتىمىز، ئەخلاق، ئىززەت ـ غۇرۇر، قەدىر ـ قىممەت قاتارلىق تۈپ تەرەپلەردە ئومۇمىي ئورتاق قىممەت قارىشىمىز بار. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئىنسانىيەتتە بىر خىل تەبىئىي «مېھرى ـ شەپقەت ھېسسىياتى» بار. بۇ «مېھرى ـ شەپقەت» خاھىشى كوللېكتىپلار ئارىسىدا ئالاقە پائالىيىتىنى پەيدا قىلىدىغان ئەسلى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ»⑦. ماسلو، گادامىر قاتارلىق پەيلاسوپلار ئادەمنىڭ بىر خىل تۇغما «ياخشى كۆرۈش» ۋە «ئېھتىياجى» بولىدۇ. «ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى دەل ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئىپادىلىشى، ھالبۇكى ئۆزىنى ئىپادىلەش تەبىئەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇتلۇق ھالىتى. ھاياتلىقنىڭ گەۋدىلىك ئەھمىيىتى ـ دەل ئۆزىنى ئىپادىلەش»⑧ دەپ قەيت قىلىدۇ. سۇبيېكتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ھەم ئالماشتۇرۇشقا تايانماي بولمايدۇ. بۇخىل ئېھتىياج تاشقى دۇنيا ۋە شەيئىلەر بىلەن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مارتىن بوبېرنىڭ قارىشىچە، ئادەم ۋە شەيئىنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، كىشىلەر ئارىسىدا «مەن» ۋە «سەن» دېيىدىغان مۇناسىۋەتنىڭ بولماسلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. مۇھىمى، ئىچكى قىسمىدىكى ئالاقە يەنى ئۆزئارا چۈشىنىشتە «ئىككى ئادەمنىڭ ناھايىتى ئېنىق ھالەتتە بىر ـ بىرىنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتەلىشىدىن ئىبارەت»⑨.

گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ خابېرماس (Habermass) سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكتنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسى ۋە مۇناسىۋەت شەرتىنى: چۈشىنىش، ھەققانىيلىق، سەمىمىيلىك ۋە توغرىلىق دەپ تۆت نۇقتىدىن ئىزاھلىغان. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە چۈشىنىشىنى «جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ھەمكارلىقىنىڭ ئاساسى» دەپ قاراپ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش، مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئىككى پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ بىرى، «ھەققانىيەت

پرىنسىپى». يەنى بۇ پرىنسىپ ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ پەرقچانلىقىغا ھۆرمەت قىلىش، شەخسنىڭ باراۋەر ھوقۇقىغا كېپىللىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىرى، ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى «ئىتتىپاقلىشىش پرىنسىپى». بۇ پرىنسىپ بىر شەخسنىڭ باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىشى ۋە ھۆرمەت قىلىشىنى، ئۆزئارا بىر - بىرىنى ھەر ۋاقىت ئەپۇ قىلىدىغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مەيلى ئىككى مىللەت، ئىككى دۆلەت ياكى ئىككى شەخسنىڭ ئالاقىسىدا بولسۇن ياكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلىشىش، چۈشىنىش ۋە تەڭ ياشاش مەقسىتىگە يېتىشتە بولسۇن، خابىرماس ئۆزئارا ئالاقە باغلاش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، بىر - بىرىگە ئۆتۈش ۋە بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم يول ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ[10].

ئىنسانىيەت مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە پەرقلەنمىسۇن، ئوخشىمىغان دۆلەت، ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، ئۆزىگە يۇغۇرغان ئىنساننىڭ ھېسسىياتى، ئارزۇ - ھەۋىسى، ئىدىيە كەيپىياتىدا زور دەرىجىدە ئوخشاشلىق بار. ئادەم ۋە تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئادەم، ھاياتلىق ۋە تەقدىر، خۇشاللىق ۋە قايغۇ، مۇھەببەت ۋە نەپرەت، ھايات - ئۆلۈم قاتارلىق بىرمۇنچە مەسىلىلەردە ئىنسانلار ئۆزئارا ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەسىرات، تەجرىبە ۋە كۆزقاراشقا ئىگە. مانا بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاق، ئىززەت - غۇرۇر، گۈزەللىك قىممەت قاراشلىرىدىكى ئورتاق ھېسسىيات ۋە ئىدىيىسى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىدا ھەم ئۆز مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەنقىدىي پوزىتسىيىدە مىللىي مەدەنىيەتنى ئىسلاھ قىلىپ، قايتا قۇرۇش ھەم ھەربىر مىللەتنىڭ تىل - يېزىق، دىنىي ئېتىقاد، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 3

ئېلىمىز كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت. مىللەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى. جۇڭگو مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى. بىرنەچچە مىڭ يىللىق مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىدا ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا سىياسىي مەدەنىيەت ئالاقىلىرى قەدىمدىن بۇيان قويۇق داۋاملىشىپ كەلگەن. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرى، پەلسەپە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆزئارا سۈركىلىش، ئۇچرىشىش، ئۆتۈشۈش ۋە ئۆزئارا قوبۇل قىلىش جەريانىدا بىر - بىرىنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ئىلغار، يېڭى تەركىبلەرنى مەلۇم دەرىجىدە قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى بېيىتىپ، كۆپ مەنبەلىك، مول مەزمۇنلۇق، ئۆزگىچە مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ھەم مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان. قەدىمدە ھىندى بۇددىزمى مەدەنىيىتى، قەدىمكى گرېك - رىم ۋە مىسىرنىڭ يەھۇدى خرىستىئان مەدەنىيىتى بىلەن ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى — شىنجاڭ رايونىدا ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيانىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۆتۈشكەن. ئوتتۇرا جۇڭگو سۇلالىلىرىنىڭ تەرەققىچىلىك ۋە داۋجاڭ مەدەنىيىتى شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندى، گرېك ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيەتلىرى بىلەن ئۆتۈشكەن. ئۇيغۇرلار گرېك، ھىندى ۋە ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن تەڭ ئۆز نۆۋىتىدە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىمۇ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان. ھىندى بۇددىزمى يەھۇدى خرىستىئان مەدەنىيىتى بىلەن بىرقاتاردا ئۆز مەدەنىيىتىنىمۇ ئوتتۇرا جۇڭگو مەدەنىيىتىگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر قەدىمدىن بۇيان مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرگە تەڭ قارشى تۇرۇپ، بىر - بىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىپ، قوبۇل قىلىپ، قان بىلەن گۆشتەك ئىناق، ئىجىل ياشاپ كەلگەن. ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىلىشىپ ياشىغان ماكانلار كەڭرى، قاتناش قولايسىز، تارقاق، بېكىنمە، مەھەللىۋى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، تۇرمۇش شەكلى، دۇنيا قارىشى بېكىنمىچىلىك ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش، قائىدە - يوسۇن، دۇنيا قارىشىنىلا ئەڭ ئېسىل، ئۆزىنىلا ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەت دەپ قارايدىغان ئۆزىنى مەركەز قىلىش ئىدىيىسىمۇ ھەرقايسى مىللەتلەردە بىرقەدەر ساقلانغان.

يېرىم ئەسىردىن بۇيان ۋەتىنىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە مائارىپى باراۋەر تەرەققىي قىلدى ۋە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ھەرقايسى مىللەتلەر بىر - بىرىگە يول قويۇپ، ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ ماس ھالدا تەرەققىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بېرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، قەدەممۇ قەدەم يېڭىلىنىپ كەلمەكتە. تارىخىي ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتى باراۋەر، ئادىل، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، بىر ـ بىرىنى ئېتىراپ قىلىش ھەم ئۆزئارا يول قويۇش ئاساسىدا بىر ـ بىرى بىلەن ھەمكارلاشقاندىلا، ئۆز ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا تەنقىدىي پوزىتسىيىدە يېڭىلانغاندىلا، ئاندىن ئورتاق بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ھەم ماسلىشىپ راۋاجلىنالايدۇ.

كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىپ ئىجىل ـ ئىناق ماسلىشىپ راۋاجلىنىشى شىنجاڭنىڭ ھازىرقى مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بولۇش بىلەن تەڭ، بۇ مىللەتلەر كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى شىنجاڭدا بىر ـ بىرىگە ھەمكارلىشىپ، تەسىر كۆرسىتىپ، ئورتاق ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت، تىل ـ يېزىق ھەم كۆزقاراشلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ، كۆپ خىللىق، كۆپ مەنبەلىك ئاساسىدىكى ھازىرقى زامان شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى، بۇددا دىنى مەدەنىيىتى، داۋجاۋ دىنى ۋە خرىستىئان دىنى مەدەنىيەتلىرىمۇ ئاشۇ مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن ئارىلىشىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىل شەكىلدە مەۋجۇت بولۇش، ماسلىشىپ راۋاجلىنىشتەك دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ياراتتى. شىنجاڭدا تىرىقچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە شەھەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى ئاساس قىلغان كۆپ دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدىكى تىل ـ يېزىق، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق مەدەنىيەت زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلۇپلا قالماي، غەربىي رايونغا خاس رايون ئالاھىدىلىكىنى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ھەم دەۋر ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى. تۇرمۇش سەھنىسىدىن تا مەدەنىيەت سەھنىسىگىچە بىر ـ بىرىنى ئۈلگە قىلىپ، ئىلغار تەرەپلىرىنى ئۆزئارا قوبۇل قىلىپ ئۆگىنىدىغان، باشقا رايونلار ۋە ئەللەر مەدەنىيىتى، پەن ـ تېخنىكىسىغا ھېرىسمەن بولىدىغان بىر خىل ئېچىۋېتىش ئېڭىنى، شۇنداقلا ئېسىل ئەنئەننى تىكلىدى.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر بۇنداق مەدەنىيەت ئارىلاشمىلىق مۇھىتىدا ئۆز تىل ـ يېزىقى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تاشلاپ قويغىنى يوق. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام ۋە سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ۋارىسلىق قىلىپ بارماقتا ھەم يېڭىلىماقتا. ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇندىن كېلىۋاتقان دىنىي ئېتىقادى، قائىدە ـ يوسۇنلىرى، تىرىكچىلىك شەكىللىرىنىڭ غوللۇق تەرىپىنى يەنىلا چىڭ تۇتۇپ قوغداپ كەلمەكتە. مىللىي بايرام، ئەنئەنىۋى مۇراسىم، دىنىي ئېتىقاد ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئېڭىنى، مىللىي خاراكتېر، ئېستېتىك گۈزەللىك قارىشىنى كۈچەيتمەكتە. شۇڭا شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيىتى قانداقتۇ ئۆزىنىڭكىنى يوقاتقان ئارىلاشما داشقايناق مەدەنىيەت بولماستىن، يەنىلا دەۋر ئېقىمىغا ئەگىشىپ يېڭىلىقتا، ئىلغارلىقتا ئىنتىلگەن، ئۆزىنىڭكىنى جارى قىلدۇرغان ئاساستا بىر ـ بىرى بىلەن ماسلىشىپ مەۋجۇت بولغان ۋە تەرەققىياتتا يۈزلەنگەن مەدەنىيەتتىن ئىبارەت.

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، مىللەتلەر كۆپ، تۇرمۇش شەكىللىرى ھەر خىل. ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە خەلق. قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، سالا، تاتار، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر ئۇيغۇرلار بىلەن قەدىمدىن بېرى دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت، تىل ـ يېزىق قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭ ئوخشاشلىقنى ساقلاپ كەلگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تارىخىي ئەنئەنە، تىل ـ تەپەككۇر، دۇنيا قاراش، ئەدەبىيات ـ سەنئەتلەردە خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، شىبە قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن تارىختىن بېرى ئىنتايىن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىپ، دوستانە، ئىتتىپاق، ئىناق ياشىغان. بىر ـ بىرىنىڭ ئۆرپ ئادىتى، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى چۈشەنگەن، قوبۇل قىلالىغان. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭ مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا كەڭ ئۆچرىشىش، ئۆتۈشۈش ۋە قوشۇلۇشتەك روشەن ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالە بىرقەدەر تارقاق، مىللەت كۆپ، دىنىي ئېتىقاد كۆپ بولۇشتەك جۇغراپىيىلىك ئامىل، دىنىي مەدەنىيەت ئامىلى، مىللىي ئېستېتىك تەركىب ئامىللىرى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىنى تونۇش ۋە قوغداش ئېڭى كۈچلۈك، يېڭىلىققا ئىنتىلىش ئېڭى بىلەن مەدەنىيەت ئاڭلىقلىق ئېڭى يۇقىرى بولغان. مانا بۇ كۆپ خىل مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ مەنبەلىك، ئارىلاشما ھالەتنى يارىتىشى ھەم ئىجىل ـ ئىناق ماسلىشىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە راۋاجلىنىشىدىكى تۈپ سەۋەب.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى ئۆزئارا ساغلام ۋە نورمال ماسلىشىپ تەرەققىي قىلماقتا. كۆنسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ باراۋەر، ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەمدە ماسلىشىپ تەرەققىي

قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا مېنىڭچە، ئالدى بىلەن ھەربىر مىللەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى مەردانە ساغلام پىسخىكا، ئاڭ بىلەن قايتا چۈشىنىشى، ئېچىۋېتىش ئېڭى بىلەن ئىسلاھ قىلىشى زۆرۈر.

ھازىر دۆلىتىمىز سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىنتايىن تېز قۇدرەت تاپماقتا. ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى، ئۇچۇر - ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ يېڭى يۈكسىلىش دەۋرىگە كىرىشىگە ئەگىشىپ، خەلقئارا بىلەن مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئالماشتۇرۇش كۆپەيمەكتە. بۇ جەرياندا شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا بەزى سۈركىلىش، توقۇنۇش يۈز بېرىش تەبىئىي ئەھۋال، بۇنداق شارائىتتا ئالدى بىلەن جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەتلىك بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، كۆپ مىللەتلەر ئارىلىشىپ ياشاۋاتقان جايلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئاسراش، قوغداش، ماسلىشىپ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش تولىمۇ مۇھىم.

شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيىتى بار. بۇ ئۇزۇن تارىختا شەكىللەنگەن. ئۇلار بىرلىشىپ شىنجاڭنىڭ كۆپ خىل، ئارىلاشما، مول، رەڭدار يەرلىك مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. شۇنداقلا يېرىم ئەسىردىن بېرى دۇنيانىڭ شىنجاڭنى تونۇشىدا رول ئويناپ كەلگەن. سانىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەدەنىيىتى ئىلغار ياكى مەدەنىيىتى قالاق مىللەت يوق. پەقەت ئىسلاھ قىلىش، دەۋرگە ماسلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئايرىم تەرىپىلا بار. مەدەنىيەتنىڭ مىللىيلىكى، خاسلىقى قانچە ئېنىق بولسا، ئۇنىڭ قىزىقتۇرۇش، جەلپ قىلىش كۈچىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. بىر مىللەتنى چۈشىنىشتە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش كېرەك. شۇڭا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، مەدەنىيەت خاسلىقىنى چۈشىنىش، ھۆرمەت قىلىش ھەم جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق قىلماي ئەكسىچە، كۆزىمىزگە سىغمىغان ھەممە تەرىپىنى قالاق، ناچار دەپ چەتكە قاقساق، كەمسىتسەك بۇ ھەربىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىجىل - ئىناق ئۆتۈشىگە، مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز.

مېنىڭچە، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر 21 - ئەسىردىكى تەرەققىيات يولىدا ئۆز مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېچىۋېتىش ئېڭى ۋە ئىجادچانلىق روھى بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات يولىنى تاپالىغاندىلا، ئاندىن تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئېرىشەلەيدۇ.

## ئىزاھلار:


① گوجيەنپىڭ: «مەدەنىيەت ۋە زامانىۋىلىشىش»، شەنتۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىل نەشرى، 42 - بەت.

② ۋاڭ نىڭشېڭ: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى» مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1998 - يىل 1 - نەشرى.

③ تويىنبىي (Toynbee): «تارىخ تەتقىقاتى»، 1 - قىسىم، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1966 - يىل نەشرى، 46 - بەت.

④ خانتىڭتۇن (S. Huntingtun): «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، شىنخۇا نەشرىياتى، 1998 - يىل 2 - نەشرى.

⑤ ئېدۋارد سەئىد (Edward Said): «مەدەنىيەت ۋە جاھانگىرلىك»، ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى، 2003 - يىل 1 - نەشرى.

⑥ ۋۇشۇەن: «يېڭى دەۋردىكى مەشھۇر ئەسەرلەر ھەققىدە لېكسىيە»، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 - يىل 1 - نەشرى، 66 - بەت.

⑦ «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» جەمئىيەتشۇناسلىق تومى، 218 - بەتكە قاراڭ.

⑧ گادامېر (H. Gadamer): «ھەقىقەت ۋە مېتود»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1989 - يىل 1 - نەشرى، 39 - بەتكە قاراڭ.

⑨ مارتىن بوب (M. Bob): «ئادەم ۋە ئادەم»، يازغۇچىلار نەشرىياتى، 1992 - يىل 1 - نەشرى، 16 - بەت.

⑩ خابېرماس (Habermass): «ئالاقە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى»، چۇڭچىڭ نەشرىياتى، 1989 - يىل 1 - نەشرى، 66 -، 69 - بەتلەرگە قاراڭ.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

2005 ـ يىلى 12 ـ ئاي    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    26 ـ يىللىق 4 ـ سان
第 26 卷第 4 期    新疆大学学报(哲学社会科学维文版)    2005 年 12 月

# توختام تۈزۈشتە دىققەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا

مۇھەممەت ھاجى*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بازار ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەم تېز، ھەم تۇراقسىز بولغاچقا، توختام كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ ماقالىدە، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەق تەلەپ ھەرىكەتلىرىنى يۈرگۈزۈشتە ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋە باشقا جەھەتلەردە زىيان تارتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، توختام تۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەم توختام تۈزۈشتە توختام مەزمۇنىنىڭ قانۇن، مەمۇرىي نىزاملارغا خىلاپ بولۇپ قېلىشىدىن، توختام ماددىلىرىنىڭ تولۇق بولماسلىقىدىن ھەم توختام شەكلىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىدىن ساقلىنىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要:**在市场经济条件下,合同被广泛采用,因为在市场经济的环境中市场情况的变化快而不稳。本文提出人们为了在民事诉论活动中防止在经济和其他方面遭受严重损失,必须重视订合同,防止在订合同时合同内容违犯法律和行政法规,避免合同条文不全,合同形式不合适等问题。

**Abstract:** In the market economy conditions, the contract is applied widely because the situation in the market economy is not stable In order to prevent the serious loss, the article suggests that people attach importance to haing a contract Also the article mentions to the people should pay more attention to the content of the contrat whether they are illicit or administrative regulations, and avoid missing of lines in contract, and using the irregular formof contract.

توختام ئادەتتە پۈتۈم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. توختام باراۋەر سۇبيېكت بولغان تەبىئىي شەخس، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىش، ئۆزگەرتىش، ئاخىرلاشتۇرۇش ھەققىدىكى كېلىشىمنى كۆرسىتىدۇ. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا توختام كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىدۇ. ئىلگىرى پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتىدا تەبىئىي شەخس، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەق تەلەپ ئىشلىرى ئاساسەن دۆلەتنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانى ۋە يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلىدىغان بولغاچقا، يەنى خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا پىلان ئاساس خاراكتېرلىك رول ئوينايدىغان بولغاچقا، توختامغا ئانچە ئېتىبار بېرىلمەيتتى. ئەمما بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا كىشىلەر ئاساسەن بازار ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرىدىغان بولغاچقا، توختام مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بازار ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشى تېز ھەم

* مۇھەممەت ھاجى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى. 830046

تۇراقسىز بولىدۇ. بازار ئەھۋالى بۈگۈن بىر خىل بولسا، ئەتە يەنە بىر خىل بولىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىشچان ئەھۋالدا مەيلى تەبىئىي شەخس، قانۇنىي ئىگە ياكى باشقا تەشكىلاتلار بولسۇن ئۆزلىرىنىڭ ھەق تەلەپ ھەرىكەتلىرىنى يۈرگۈزۈشتە توختامنى ئاساس قىلمىسا ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋە باشقا جەھەتلەردە ئېغىر زىيان تارتىدىغان ئەھۋالغا يولۇقىدۇ. توختام تۈزۈلگەندە بولسا تەرەپلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرى ئېنىق بەلگىلىنىدۇ ھەم توختام تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، توختامدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى بىر تەرەپ ۋاقتىدا ياكى تولۇق ئىجرا قىلمىسا توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە مەن توختام تۈزۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. توختامدا قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك

قانۇنغا، مەمۇرىي نىزاملارغا، ئىجتىمائىي ئەخلاققا رىئايە قىلىش ھەق تەلەپ پائالىيىتىدىكى پرىنسىپ مەسىلىسى بولۇپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» نىڭ 6 ـ ماددىسىدا «ھەق تەلەپ پائالىيەتلىرىدە قانۇنغا رىئايە قىلىش شەرت، قانۇندا بەلگىلەنمىگەنلىرىدە دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە رىئايە قىلىش لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن.

قانۇنغا رىئايە قىلىش دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى بىر تۇتاش تۈزگەن قانۇنلارغا رىئايە قىلىشنى ھەم دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى تۈزگەن مەمۇرىي قانۇن بەلگىلىمىلەرگە، شۇنداقلا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھوقۇقلۇق ئورگانلار ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۈزگەن يەرلىك نىزام خاراكتېرىدىكى ھۆججەتلەرگە رىئايە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. قانۇنغا، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە رىئايە قىلىش ھەق تەلەپ پائالىيىتىنىڭ قانۇنلۇق خاراكتېرىنى بېكىتىشنىڭ نورمال تەرتىپى ھېسابلىنىدۇ. «توختام قانۇنى» نىڭ 7 ـ ماددىسىدا «تەرەپلەر توختام تۈزگەندە، ئادا قىلغاندا قانۇنغا، مەمۇرىي نىزاملارغا رىئايە قىلىشى، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ھۆرمەت قىلىشى لازىم. ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا، ئىجتىمائىي جامائەت مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، بۇ توختام تۈزۈشكۈچى تەرەپلەرنىڭ توختام تۈزۈشى، توختامنى ئادا قىلىش پائالىيىتىنىڭ قانۇن، بەلگىلىمە ۋە نىزاملارغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. توختام تۈزۈشتە ئومۇمەن قانۇن، نىزام، بەلگىلىمىلەردىكى توختام تۈزۈش، ئادا قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىنىشى، توختام چېتىلىدىغان مەزمۇنلار قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى، توختام نىشانى، قانۇنلۇق بولۇشى لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا بۇ خىل توختام ئىناۋەتسىز دەپ قارىلىدۇ.

## 2. توختام ماددىلىرىنىڭ تولۇق بولماسلىقىدىن ساقلىنىش كېرەك

بۇ توختام تۈزۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. توختام ماددىلىرى تولۇق بولمىسا ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتنى ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدۇ ھەم ئاسانلا تالاش ـ تارتىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ توختام تۈزۈشكۈچى ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئوخشاشلا پايدىسىز. ئۇنداقتا توختامدا قانداق ماددىلار بولۇشى كېرەك؟ دۆلىتىمىزنىڭ «توختام قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، توختامدا تۆۋەندىكى ماددىلار بولۇشى كېرەك:

1) كۆرسەتمە خاراكتېرلىك ماددىلار. بۇ ھەقتە «توختام قانۇنى» نىڭ 12 ـ ماددىسىدا تۆۋەندىكىلەر بەلگىلەنگەن: (1) توختام تۈزۈشكۈچىلەرنىڭ نامى ياكى ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە تۇرار جايى. توختام تۈزۈشكۈچىلەر توختامدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار بولۇپ، توختام تۈزۈشكۈچىلەر بولمىسا توختامدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلەر بولمايدۇ. شۇڭلاشقا توختام تۈزۈشتە چوقۇم توختام تۈزۈشكۈچىلەر بولۇشى شەرت. توختام تۈزۈشكۈچىلەر ھەم ئۇلارنىڭ نامى، ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە تۇرار جايى ئۇلارنىڭ ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ھەم مۇقىملاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، توختامنىڭ كونكرېت ماددىلىرىنى تۈزگەندە بۇ مەسىلە تولۇق ئەكس ئېتىشى كېرەك.

(2) نىشان. نىشان — توختامدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلەر كۆرسەتكەن ئوبيېكتنى كۆرسىتىدۇ. توختامدا نىشان بەلگىلەنمىسە مەقسەتتىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ ھەم توختام ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

توختامدا دۆلەت مەنئىي قىلغان نەرسىلەرنى توختام نىشانى قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، قورال - ياراغ، ئوق - دورا، مەدەنىيەت يادىكارلىقى قاتارلىقلار.

(3) سۈپەت ۋە سان. سۈپەت ۋە سان — توختام نىشانىنىڭ كونكرېت شەرتلىرىنى بېكىتىش ھەم باشقا نىشانلار بىلەن پەرقلەندۈرۈشتە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا توختامدا نىشانىنىڭ سۈپىتىنى كونكرېت بېكىتىش كېرەك. مەسىلەن، نىشانىنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچى، سۈپەت تەلىپى قاتارلىقلاردا قايسى خىل تېخنىكىلىق تەلەپكە يەتكۈزۈلىدىغانلىقى، سۈپەتنىڭ دۆلەت، مىنىستىرلىك ياكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قايسى يىلى بېكىتكەن قانداق سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېنىق يېزىش كېرەك. نىشانىنىڭ سۈپەت تەلىپىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنداق ياكى مۇنداق سۈپەت تەلىپىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىلىدۇ دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى بىسلىق سۆز بولۇپ، بىر تەرەپ ئاخىرىدا ئىمكانىيىتىمىز يار بەرمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ، نىشانىنى سىز ئويلىغان سۈپەت تەلىپىگە يەتكۈزمەسلىكى مۇمكىن. نىشانىنىڭ سانى ھەقىقىي بولۇشى يەنى ئىككى تەرەپ ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى مەسىلەن، توننا، كىلوگرام، جىڭ دېگەنلەر ئېنىق بولۇشى، ھېسابلاش ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. مۇبادا توختام نىشانىنىڭ سانىدا يەرلىك ئۆلچەم بىرلىكىنى يەنى چارەك دېگەندەكلەرنى قوللىنىش زۆرۈر بولسا ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.

(4) مال پۇلى ياكى ئىش ھەققى. مال پۇلى ياكى ئىش ھەققى — ھەقلىق توختامنىڭ ماددىسى ھېسابلىنىدۇ. مال پۇلى — نىشاندىكى نەرسىگە ئېرىشكۈچى قارشى تەرەپكە تۆلەيدىغان پۇلنى كۆرسىتىدۇ. ھەق - مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولغۇچى قارشى تەرەپكە تۆلەيدىغان پۇلنى كۆرسىتىدۇ. مال پۇلى — ئادەتتىكى ئەھۋالدا نىشاندىكى نەرسىنىڭ ئۆزىگە تۆلەيدىغان پۇلنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن سودىدا مال تاپشۇرۇش بىلەن پۇل ئېلىش باشقا - باشقا جايدا بولغاچقا، توشۇش ھەققى، سۇغۇرتا ھەققى، ئوراش - قاچىلاش ھەققى، ساقلاش ھەققى، تاموژنىغا مەلۇم قىلىش ھەققى قاتارلىق بىرقاتار چىقىملار بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ھەقلەرنى قايسى تەرەپنىڭ تاپشۇرىدىغانلىقى توختامنىڭ باھا ھەققىدىكى ماددىسىدا ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

(5) ئىجرا قىلىش مۇددىتى. ئىجرا قىلىش مۇددىتى توختامدىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاقتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، توختام تۈزۈشكۈچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدۇ. شۇنداقلا ۋەدىگە خىلاپلىق قىلغان - قىلمىغانلىقنى بېكىتىشتىكى ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا بۇ ماددىمۇ توختامنىڭ ئاساسىي ماددىسى بولىدۇ. ئىجرا قىلىش مۇددىتىنى دەرھال ئىجرا قىلىدىغان مۇددەت، قەرەللىك ئىجرا قىلىدىغان مۇددەت، مەلۇم مۇددەت ئىچىدە ئىجرا قىلىدىغان مۇددەت دەپ بەلگىلەشكە بولىدۇ. مەيلى قانداق ئىجرا قىلىش مۇددىتى بەلگىلەنمىسۇن، ئۇنىڭ كونكرېت ئىجرا قىلىش مۇددىتىنى ئېنىق يېزىش كېرەك. شۇ ئاي ئىچىدە ياكى بىر يىل ئىچىدە ئىجرا قىلىنىدۇ دېگەندەك سۆزلەرنى يېزىشقا بولمايدۇ.

(6) ئىجرا قىلىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى. ئىجرا قىلىش ئورنى — تاپشۇرۇۋېلىش ئورنىنى بېكىتىشنىڭ ئاساسى، توشۇش ھەققىنى ۋە خەۋپ - خەتەر ھەققىنى كىمنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بېكىتىشنىڭ ئاساسى. توختامدا ئىجرا قىلىش ئورنى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىق يۈز بېرىدۇ. ئىجرا قىلىش ئۇسۇلى مەسىلەن، توختامدىكى نىشانىنى بىر قېتىمدا تاپشۇرامدۇ ياكى مۇددەتكە بۆلۈپ تاپشۇرامدۇ، ماددىي نەرسىنى تاپشۇرامدۇ ياكى تاپشۇرۇش نىشانلانغان نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇق دوكۇمېنتىنى تاپشۇرامدۇ، تۆمۈر يولدا توشۇمدۇ ياكى ئاۋىئاتسىيە، سۇ يولى ئارقىلىق توشۇمدۇ دېگەندەكلەر توختام تۈزۈشكۈچىلەرنىڭ ماددىي مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، توختامدا ئەسكەرتىپ قويۇلۇشى كېرەك.

(7) ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى. بۇ يەنە توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ توختام تۈزۈشكۈچىلەرنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغان تەرەپنى زىيانغا ئۇچراتمايدىغان ياكى ئاز زىيانغا ئۇچرىتىدىغان قانۇنىي تەدبىر بولۇپ، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زور، شۇڭلاشقا توختامدا جاۋابكارلىق ئېنىق بېكىتىلىشى كېرەك. توختام قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنىڭ نىسبىتى ئومۇمەن توختام ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 20 — 30% كىچە بولسا بولىدۇ. بۇ نىسبەتتىن تۆۋەن بولۇپ قالسا ھەيدەكچىلىك قىلىش رولى ئاجىز بولۇپ قالىدۇ. بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە ئىجرا قىلىش تەسكە چۈشىدۇ.

(8) تالاش - تارتىشلارنى ھەل قىلىش چارىسى. بۇ تالاش - تارتىشلارنى قانداق تەرتىپلەر بىلەن ھەل قىلىش، قانداق قانۇننى تەتبىقلاش، قايسى كارانتىن ئورگىنى ياكى باھالاش ئورگىنىنى تاللاش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. توختامدىكى تالاش - تارتىشلارنى ھەل قىلىشتا ئەڭ ياخشىسى ئۆزئارا كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، ئالدىراپ - تېنەپ سوت ئورگانلىرىغا ئەرز قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

2) توختامنىڭ ئاساسىي ماددىلىرى. توختامنىڭ

ئاساسىي ماددىلىرى دېگىنىمىز، توختامدا ھازىرلاش زۆرۈر بولغان ماددىلارنى كۆرسىتىدۇ. توختامدا بۇ خىل ماددىلار كەم بولسا توختام ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ئۇ توختامنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ، توختاملاشقۇچىلارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنىڭ سۈپىتى ۋە مىقدارىنى بەلگىلەيدۇ. «توختام قانۇنى» نىڭ 12 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن توختامنىڭ ماددىلىرى مەلۇم ئالاھىدە توختاملارغا قارىتىپ چىقىرىلغان بولۇپ، بارلىق توختامنىڭ ئاساسىي ماددىسى بولالىشى ناتايىن. توختامنىڭ ئاساسىي ماددىلىرى بەزىدە قانۇندا بىۋاسىتە بەلگىلىنىدۇ. ئۇ ھەم بەزى توختاملارنىڭ ئاساسىي ماددىسى بولىدۇ. مەسىلەن، «توختام قانۇنى» دا پۇل قەرز ئېلىش توختىمىدا قەرز ئالىدىغان پۇلنىڭ تۈرىنى ئەسكەرتىش تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، بۇ ماددا پۇل قەرز ئېلىش توختىمىنىڭ ئاساسىي ماددىسى بولىدۇ.

توختامنىڭ ئاساسىي ماددىسى توختامنىڭ تىپى ۋە خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، توختامنىڭ تىپى ۋە خاراكتېرى تەلەپ قىلغان ھەم ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ماددىلار توختامنىڭ ئاساسىي ماددىلىرى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، مال پۇلى سېتىش - سېتىۋېلىش توختىمىنىڭ ئاساسىي ماددىسى بولىدۇ. توختامنىڭ ئاساسىي ماددىلىرىنى توختام تۈزۈشكۈچىلەر كېڭىشىپ بەلگىلىسىمۇ بولىدۇ.

3) توختامنىڭ ئادەتتىكى ماددىلىرى. بۇ توختامنىڭ ئاساسىي ماددىلىرىدىن باشقا ماددىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) قانۇندا بىۋاسىتە بەلگىلەنمىگەن، لېكىن توختامنىڭ تىپى ۋە خاراكتېرىدىكى تەلەپ بويىچە ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان، توختام تۈزۈشكۈچىلەر ئاساسىي ماددا دەپ قارىمايدىغان ماددىلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئوراش - قاچىلاش بۇيۇملىرىنى قايتۇرۇشقا دائىر كېلىشىم ۋە جاۋابكارلىقنى كەچۈرۈم قىلىشقا دائىر ماددا قاتارلىقلار. (2) توختام تۈزۈشكۈچىلەر توختامغا كىرگۈزمىگەن ھەم كېلىشمىگەن، ئەمما توختام تۈزۈشكۈچىلەرنىڭ ھەرىكىتى ياكى توختامدا ئېنىق كۆرسىتىلگەن ماددىلار ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەمەلىي مەۋجۇت بولىدىغان ماددىلار. مەسىلەن، ئۆي سېتىۋېلىش توختامىدىكى پار پۇلىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى گەرچە توختامغا كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن پار پۇلىنى ھېسابلاشنىڭ كونكرېت ئۆلچىمى بولىدۇ. (3) ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ماددىلار. بۇ توختام تۈزۈشكۈچىلەر تەرىپىدىن توختامنىڭ ماددىلىرى ھەققىدە كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن، كېلىشىش ئارقىلىق ياكى ئۈچىنچى كىشىنىڭ بېكىتىپ بېرىشى ياكى كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن بېكىتىلگەن ماددىلارنى كۆرسىتىدۇ.

## 3. توختام شەكلىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىدىن ساقلىنىش كېرەك

توختام شەكلى دېگىنىمىز، توختام تۈزۈشكۈچىلەر نىشان قىلغان نەرسە، ئىش ۋە باشقىلار ئۈستىدە ھاسىل قىلغان كېلىشىمنىڭ تاشقى ئىپادىلىنىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. توختام شەكلى ھەققىدە «توختام قانۇنى» نىڭ 10 - ماددىسىدا «تەرەپلەر توختامنى يازما شەكىل، ئاغزاكى شەكىل ۋە باشقا شەكىللەر بىلەن تۈزسە بولىدۇ. قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا يازما شەكىلدە توختام تۈزۈش بەلگىلەنگەن بولسا يازما شەكىل قوللىنىش كېرەك. تەرەپلەر يازما توختام تۈزۈشكە پۈتۈشكەن بولسا يازما شەكىلنى قوللىنىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن.

1) ئاغزاكى شەكىل. ئاغزاكى شەكىل دېگىنىمىز، توختام تۈزۈشكۈچىلەر توختام تۈزۈشتە ئېغىزچە شەكىلدىن پايدىلىنىپ توختام تۈزىدىغان، يازما شەكىلنى قوللانمايدىغان توختام شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئاغزاكى شەكىل ئاددىي ھەم قولايلىق بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆپ قوللىنىلىدۇ. بازاردىكى نەق مال سودىسى، ماگىزىنلاردىن پارچە مال سېتىۋېلىش قاتارلىقلارغا ئادەتتە ئاغزاكى شەكىل قوللىنىلىدۇ.

توختام تۈزۈشكۈچىلەر توختامدا ئاغزاكى شەكىلنى قوللانغاندا ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك. توختام تۈزۈشكۈچىلەر پۈتۈشمىگەن ھەم قانۇندا بەلگىلەنمىگەن ئالاھىدە شەكىل قوللىنىلىدىغان توختاملارغا ئاغزاكى شەكىلنى قوللىنىشى كېرەك. ئەمما تالاش - تارتىش يۈز بەرگەندە توختام تۈزۈشكۈچىلەر توختامنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ۋە توختام مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇنىنى ئىسپاتلاش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

توختامنى ئاغزاكى شەكىلدە تۈزۈش توختامدا ھەرقانداق خەتنىڭ بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. كىشىلەر ماگىزىنغا بېرىپ مال سېتىۋالغاندا ماگىزىندىن ھۆججەت يېزىپ بېرىشنى ياكى ئىسپات بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. بۇ خىل ھۆججەت ۋە ئىسپاتلارنى توختامنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنىڭ ئىسپاتى قىلىشقا بولىدۇ، توختامنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ شەرتى قىلىشقا بولمايدۇ. ئاغزاكى شەكىلنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، توختامدا تالاش - تارتىش يۈز بەرسە ئىسپات ئېلىش تەسكە چۈشىدۇ ھەم مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ھېساباتى دەرھال بوغلىنىدىغان توختاملارنىلا ئېغىزچە شەكىل ئارقىلىق تۈزۈش كېرەك.

2) يازما شەكىل. يازما شەكىل دېگىنىمىز، توختام تۈزۈشكۈچىلەر توختام تۈزۈشتە يازما شەكىلدىن

www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىپ تۈزگەن توختامنى كۆرسىتىدۇ. توختامنامە ۋە توختام تۈزۈشكۈچىلەرنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى تەكلىپ بېرىش، ماقۇل بولۇش ۋە توختامدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەتلەر يازما توختامنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولىدۇ. «توختام قانۇنى»نىڭ 11 ـ ماددىسىدا «يازما شەكىل دېگىنىمىز — توختامنامە، خەت ـ چەك ۋە سانلىق مەلۇماتلىق ئېلېكترونلۇق خەت (تېلېگرامما، فوتوتېلېگراف، فاكس، ئېلېكترونلۇق سانلىق مەلۇمات ئالماشتۇرۇش، ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىق مەزمۇننى شەكىللىك ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان شەكىلنى كۆرسىتىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

يازما توختام چوقۇم يېزىقتىن تەشكىل تېپىشى كېرەك. ئەمما بارلىق يېزىقلار يازما توختامنىڭ تەركىبىي قىسمى بولالىشى ناتايىن. يېزىقچە بولۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك: مەلۇم يېزىق بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇشى، توختام تۈزۈشكۈچىلەر ياكى ۋەكالەتچىلەر ئۇنىڭغا ئىمزا قويغان، تامغا باسقان، توختامدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلەر خاتىرىلەنگەن بولۇشى كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، توختام تۈزۈشكۈچىلەرنىڭ توختام تۈزۈشى تۇنجى قېتىم بولغان ھەم توختامدىن خەۋىرى بولمىغان ئەھۋالدا ئادۋوكاتلار، ئالىي مەكتەپنىڭ قانۇن ئىنستىتۇتلىرىدا خىزمەت قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان، قانۇندىن خەۋىرى بار كىشىلەردىن مەسلىھەت سوراپ ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشى، خەنزۇچە خەت ئوقۇيالمايدىغان توختام تۈزۈشكۈچىلەر ئىمكانقەدەر خەنزۇچىنى ئوبدان بىلىدىغان ھەم قانۇندىن خەۋىرى بار كىشىلەرنى ئۈستىدە تۇرغۇزۇپ توختام تۈزۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئورۇنسىز تالاش ـ تارتىشلاردىن ساقلانغىلى ھەم توختامنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

يازما شەكىلنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، توختامدا ئاساس ۋە ئىسپات بولىدۇ. تالاش ـ تارتىش يۈز بەرسىمۇ دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىشكە ئوڭاي بولىدۇ. مەسئۇلىيەتنى ئايرىشقا قولايلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ توختاملارنى ۋە مۇھىم توختاملارنى ئەڭ ياخشىسى يازما شەكىلدە تۈزۈش كېرەك. تۆۋەندىكىلەر يازما توختام دائىرىسىگە كىرىدۇ: (1) كۆچمەس مۈلۈكنى ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى. مەسىلەن، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش ـ سېتىۋېلىش يەنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئۆينى ئېلىم ـ سېتىم قىلىش، ئىجارە بېرىش قاتارلىقلار؛ (2) ئىجارە توختامى. مەسىلەن، ئۆينى ئىجارىگە بېرىش ـ ئېلىش، مال ـ مۈلۈكنى ئىجارىگە بېرىش، زاۋۇت ـ كارخانىلارنىڭ بىر قىسىم مۈلۈكلىرىنى ئىجارىگە بېرىش قاتارلىقلار؛ (3) قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىك توختامى. مەسىلەن، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، تاشيول ـ يول كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە بېرىش قاتارلىقلار؛ (4) پۇل قەرز توختامى. (5) چەت ئەلگە چېتىشلىق توختاملار. مەسىلەن، تېخنىكا توختامى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، سانائەت مەھسۇلاتلىرى، تاشيول ترانسپورت توختامى قاتارلىقلار.

ئومۇمەن، توختام تۈزۈشكۈچىلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللارغا دىققەت قىلغاندىلا كۆڭۈلدىكىدەك توختام تۈزەلەيدۇ ھەم كۆزلىگەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەتنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشىغا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز ھەم ساغلام راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. ۋاڭ لىمىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «توختام قانۇنى» (دەرسلىك، خەنزۇچە)، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى.
2. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى ۋە ئۇنىڭ يېشىمى» (خەنزۇچە)، ئىسلاھات نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى.
3. مۇھەممەت ھاجى قاتارلىقلار تۈزگەن «توختام قانۇنى» (دەرسلىك)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى.
4. ئەلى سىدىق تۈزگەن «توختام ماجىراسى دېلولىرى ۋە قانۇنىي تەھلىل»، 1 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى.
5. «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»نىڭ 2004 ـ يىللىق مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

2005 - يىلى 12 - ئاي   شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)   26 - يىللىق 4 - سان
第 26 卷第 4 期　新疆大学学报(哲学社会科学维文版)　2005 年 12 月

# ئېلىمىزنىڭ «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» ئۈستىدە مۇلاھىزە

هامۇت ئەرشى•

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئېلىمىز «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» نىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى، ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان جىنايەتلەر ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەرتىپى ھەمدە مەزكۇر قانۇننى تۈزۈشتە چەت ئەللەردىن قوبۇل قىلىنغان ئىلغار تەجرىبىلەر، شۇنداقلا ئۆز دۆلەت پۇقرالىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**：本文就我国《引渡法》的基本原则,引渡的罪犯和引渡程序以及该法律制定时吸收的外国的先进经验、本国公民可以引渡和不可以引渡等问题提出了自己的看法。

**Abstract**: The author of the article puts forward his own opinions on such points as the basic principles of our nation's "Law of Extradition", delivery of offender, procedure of extradition, foreign advanced experience absorbed in making the law and the question whether our citizens can extradite or not.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» 2000 - يىلى 12 - ئايدا ماقۇللىنىپ يولغا قويۇلدى. بۇ قانۇن ئېلىمىز بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەمكارلىقىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ شەرتلىرى ۋە تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى يەنە چەت ئەللەرنىڭ قانۇن چىقىرىش جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبە - ساۋاقلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدا ئېلىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش پائالىيىتىدە كۆرۈلگەن بەزى مەسىلىلەرگە سەل قارالغان. تۆۋەندە بۇ قانۇننىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز.

## 1. «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» نىڭ ئالاھىدىلىكى

1) ئۇنىڭدا دۆلىتىمىز ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنىڭ ئادەتتىكى پرىنسىپلىرى بەلگىلەنگەن.

«ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» دا دۆلىتىمىز ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئادەتتىكى پرىنسىپلىرى بەلگىلەنگەن: ① باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى. «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» نىڭ 2 - ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چەت ئەللەر بىلەن باراۋەرلىك ئاساستا ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش جەھەتتە ھەمكارلىق ئېلىپ بارىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئەدلىيە ھەمكارلىقىغا چېتىلىدىغان، تەتبىقلىنىدىغان بىر تۈرلۈك

• هامۇت ئەرشى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى. 830046

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاساسلىق پرىنسىپ بولۇپ، باراۋەرلىك ئاساستا ھەمكارلىشىش تەكىتلىنىدۇ. نۆۋەتتە خەلقئارادا ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزمەيمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن نۆۋەتتىكى خەلقئارا جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى تەكىتلەش ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشتا يەنىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ② دۆلەت مەنپەئىتى پرىنسىپى. «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» نىڭ 2 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدا «ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەمكارلىقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، بىخەتەرلىكى ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ پرىنسىپ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىپ كېلىنىۋاتقان پرىنسىپتۇر. ③ ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنىنى تەتبىقلاش پرىنسىپى. «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» نىڭ 16 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدا «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن كۆرسىتىپ بېرىلگەن يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپى مەزكۇر دۆلەتنىڭ قانۇنى ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ياكى كېسىم چىقىرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، بۇ پرىنسىپ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشىدۇر. ④ ھەر ئىككىلا دۆلەتنىڭ قانۇنىدا جىنايەت دەپ قارىلىش پرىنسىپى. «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» نىڭ 7 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدا «ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان قىلمىشلار بولسا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنى بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچى ھەر ئىككىلا دۆلەتنىڭ قانۇنى بويىچە جىنايەت دەپ قارىلىدىغان جىنايى قىلمىشلاردىن ئىبارەت» . ⑤ ئىككى دۆلەت تەكشۈرۈش پرىنسىپى. «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» نىڭ 16 ـ ماددىسىدا «تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىلتىماسنامىسى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ھۆججەتلىرى ھەمدە ماتېرىياللىرىنىڭ مەزكۇر قانۇنىنىڭ 2 ـ باب 2 ـ پاراگرافى ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئالىي سوت، خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن كۆرسىتىپ بېرىلگەن يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىلتىماسنامىسىنىڭ مەزكۇر قانۇن ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسىدىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ھەم قارار چىقىرىدۇ. ئىككى دۆلەت تەكشۈرۈش پرىنسىپى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىلتىماسىنىڭ ئەدلىيە ئورگىنى بىلەن مەمۇرىي ئورگاننىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلۈشىنى، يەنى بۇ ئىككى خىل تەكشۈرۈشنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ⑥ سىياسىي جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك پرىنسىپى. «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» دا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلىش ئەھۋاللىرى بەلگىلەنگەن. جۈملىدىن سىياسىي جىنايەتچىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان ياكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچى سىياسىي جىنايەتچىگە پاناھلىق بەرگەن ئەھۋالدا مەزكۇر سىياسىي جىنايەتچىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەت قىلىنىدۇ. بۇ پرىنسىپ بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئودالىزم تۈزۈمى ئۈستىدىن ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆرەش قىلىشى جەريانىدا شەكىللىنىپ، خەلقئارا قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان پرىنسىپ بولغاچقا، مەزكۇر پرىنسىپنى ھازىرقى زامان ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنىڭ ئۇلى دېيىشكە بولىدۇ. ⑦ ئۆز دۆلىتى پۇقرالىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك پرىنسىپى. «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» نىڭ 8 ـ ماددىسىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەت قىلىنىدىغان ئەھۋاللار بەلگىلەنگەن بولۇپ، مەزكۇر ماددىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە بولغان بولسا ئۆتكۈزۈپ بېرىلمەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. خەلقئارا قانۇندىكى ئادەم تەۋەلىكى بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى پرىنسىپىغا ئاساسەن، ناۋادا دۆلىتىمىز پۇقراسى چەت ئەلدە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ دۆلىتىمىزگە قېچىپ كەلگەن بولسا، دۆلىتىمىز ئۇنىڭغا قارىتا باشقۇرۇش تەۋەلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، مەزكۇر جىنايەتچىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىككە ھوقۇقلۇق.

ئېلىمىزنىڭ «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن يۇقىرىقى پرىنسىپلار خەلقئارا قانۇننىڭ ئادەتتىكى پرىنسىپلىرى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ ئاساسىي پرىنسىپلارنىڭ بەلگىلىنىشى ئېلىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش پائالىيىتىدە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ.

2) ئۇنىڭدا يىغىنچاقلاپ بەلگىلەش ئۇسۇلى

قوللىنىلىپ، ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان جىنايى قىلمىشلار بەلگىلەنگەن.

ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنلىرى بىلەن ئىككى تەرەپلىك ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىلىرىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان جىنايى قىلمىشلارنى بەلگىلەشتە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلغان: بىرى، مىسال كەلتۈرۈپ بەلگىلەش ئۇسۇلى، يەنى بۇ خىل ئۇسۇلدا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان جىنايەتلەر بىر - بىرلەپ مىسال كەلتۈرۈلۈپ كۆرسىتىلىدۇ. يەنە بىرى، يىغىنچاقلاپ بەلگىلەش ئۇسۇلى، يەنى بۇ خىل ئۇسۇلدا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچى دۆلەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ قانۇنىدا جىنايەت دەپ قارالغان ھەمدە بىرقانچە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغان جىنايى قىلمىشلار ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان جىنايەتلەرنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ، دەپ بەلگىلىنىدۇ. يىغىنچاقلاپ بەلگىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئەمەلىيەتتە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان جىنايەتلەرنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى جىنايى ئىشلار ھەمكارلىقىغىمۇ پايدىلىق.

3) ئۇنىڭدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەرتىپى بەلگىلەنگەن.

«ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»نىڭ سوبستانتىۋ قانۇن ياكى تەرتىپ قانۇنى ئىكەنلىكى توغرىسىدا نۆۋەتتە ئىلمىي نەزەرىيە ساھەسىدە تالاش - تارتىش مەۋجۇت. لېكىن تەرتىپىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش پائالىيىتىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈپ بېرىش دەۋاسىدا پايدىلىنىدىغان بىردىنبىر مەخسۇس خاراكتېرلىك قائىدە 1992 - يىلى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق بەش ئورۇن بىرلىشىپ ئېلان قىلغان «ئۆتكۈزۈپ بېرىش دېلولىرىنى بېجىرىشكە دائىر بىرقانچە بەلگىلىمە»دىن ئىبارەت. لېكىن بۇ بەلگىلىمە ئىچكى قىسمىدىكى ھۆججەت بولغانلىقتىن، قانۇني تەسىر كۈچكە ئىگە بولالمىغان. نەتىجىدە، ئېلىمىز چەت ئەلگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان دېلولارغا قاراپ چىقىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئوخشىمىغان دېلولارغا ئوخشىمىغان ئۇسۇللارنى قوللانغاچقا، ئېلىمىز ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىدەك ئەھۋال كېلىپ چىققان. ئەمما يېڭى «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»دا چەت ئەللەرنىڭ دۆلىتىمىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا دائىر دۆلەت ئىچىدىكى قاراپ چىقىش تەرتىپى، ئۆتكۈزۈپ بېرىش دەۋاسىغا مەسئۇل ھەرقايسى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلار ۋە ئېلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش تەرتىپىگە دائىر ئايرىم - ئايرىم بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. دېمەك، بۇ بەلگىلىمىلەر ئېلىمىز «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»نىڭ تەرتىپچانلىقى كۈچلۈك قانۇن ئىكەنلىكىنى بەلگىلىك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

4) ئۇنىڭدا بەزى ئىلغار قانۇن چىقىرىش تەجرىبىلىرى قوبۇل قىلىنغان.

ئېلىمىزنىڭ «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» قانۇن چىقىرىش مەزمۇنى جەھەتتە بەزى ئىلغار قانۇن چىقىرىش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلغان. مەسىلەن، «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»دا «مال - مۈلۈكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش» بەلگىلەنگەن. ئىلگىرىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىدە پەقەت ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچى كىشىلا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئوبيېكتى قىلىنغان، ئەمما ھازىر مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە دائىر ئەھدىنامىلەر ۋە شەرتنامىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئالاقىدار مال - مۈلۈكلەر ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئوبيېكتى قىلىنغان. خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۈنسېرى قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ھالقىغان جىنايەتلەردىكى مال - مۈلۈككە چېتىلىدىغان ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولىدىغان جىنايەتچىلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بىراق بۇ مال - مۈلۈكلەر جىنايەتچىلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولغاچقا، مۇبادا ئالاقىدار مال - مۈلۈكلەر بىلەن جىنايەتچىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئوبيېكتى قاتارىدا ئۆتكۈزۈپ بەرمىسە، جىنايەتچىنى ھەقىقىي جازالاش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. ئېلىمىزمۇ خەلقئارادىكى بۇ خىل قانۇن چىقىرىش يۈزلىنىشىگە ماسلىشىش يۈزىسىدىن، مەزكۇر قانۇنغا مال - مۈلۈكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە دائىر بەلگىلىمىنى قوشتى. «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»نىڭ 39 - ماددىسىدا «مەزكۇر قانۇننىڭ 38 - ماددىسىغا ئاساسەن، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئادا قىلىنىدىغانلىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىمىگە ئاساسەن ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى دۆلەتكە دېلوغا ئالاقىدار مال - مۈلۈكلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ناۋادا ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچى ئۆلگەن، قېچىپ كەتكەن ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئادا قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتكە يۇقىرىقى مال - مۈلۈكلەر تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

5) «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»نى تۈزۈشتە ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» دا ئىنسانپەرۋەرلىككە دائىر بەلگىلىمىلەر بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچى كىشى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتتە ۋەھشى جازاغا ئۇچرىغان ياكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىغان بولسا، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت مەزكۇر كىشىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلىشقا هوقۇقلۇق، دەپ بەلگىلەنگەن. ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچىنىڭ يېشى، سالامەتلىك ئەھۋالى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپىغا ئاساسەن ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان چاغدا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە قىيىنچىلىق تۇغۇلغاندا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلىشقا بولىدۇ، ئۆتكۈزۈپ بېرىش دەۋا تەرتىپىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچىغا قانۇن جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىش ۋە ئادۋوكات تەلەپ قىلىش هوقۇقى بېرىلگەن. بۇ بەلگىلىمىلەر بىر تەرەپتىن، ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

## 2. ئېلىمىز «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» نىڭ يېتەرسىزلىكلىرى

ئېلىمىز «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى ئېلىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنى رەسمىي قانۇن يولىغا كىرگۈزدى، بۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنىدا يەنىلا بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغان.

1) «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» بىلەن خەلقئارا شەرتنامىلەرنىڭ مۇناسىۋەتى مەسىلىسى.

ئېلىمىزنىڭ «ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» ۋە «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» دا خەلقئارا شەرتنامىلەر دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنلاردىن ئۈستۈن تۇرۇش پرىنسىپى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بۇ توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە يوق. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، خەلقئارا شەرتنامىلەر بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋەتى مەسىلىسىگە دائىر ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان. دېمەك، «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» بىلەن خەلقئارا شەرتنامىلەرنىڭ مۇناسىۋەتى مەسىلىسى سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. 1997 - يىلىغا قەدەر ئېلىمىز ئەدلىيە ھەمكارلىق ماددىسى بار 19 خەلقئارا ئەھدىنامىگە قاتناشتى. ئەھدىنامىگە ئاساسەن ئەدلىيە جەھەتتە ھەمكارلىشىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش جەھەتتە تېگىشلىك خەلقئارا مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالدى. 1997 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىمىز چەت ئەللەر بىلەن ئىككى تەرەپلىمىك ئەدلىيە جەھەتتە ھەمكارلىشىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسىدىن 31 پارچىنى ئىمزالىدى. ئۇنداقتا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە دائىر خەلقئارا قانۇن - قائىدىلەر بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى قانۇن - قائىدىلەر («ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى») ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ قالغاندا قانۇن - قائىدە ئۈستۈن تۇرامدۇ؟ دۆلەت ئىچىدىكى قانۇن - قائىدىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، خەلقئارا قانۇن - قائىدىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە بولامدۇ؟ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» دا ئېنىق بەلگىلىمە يوق. ناۋادا ئەمەلىيەت جەريانىدا يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرگە يولۇقۇپ قالساق ھەل قىلىش تەسكە توختايدۇ.

2) ئۆز دۆلىتى پۇقرالىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولۇش - بولماسلىق مەسىلىسى.

ئېلىمىز «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» نىڭ 8 - ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك پرىنسىپى بەلگىلەنگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالاقىدار قانۇنلىرىغا ئاساسەن، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە بولغان بولسا، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپى رەت قىلىنىدۇ. بۇ پرىنسىپتا ئەمەلىيەتتە ئۆز دۆلىتى پۇقرالىرىغا قارىتا ئادەم تەۋەلىكى بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىك هوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، چەت ئەللەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلىش تەكىتلەنگەن.

ئۆز دۆلىتى پۇقرالىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئۈبيېكتى قىلىشقا بولۇش - بولماسلىق توغرىسىدا ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. بۇ ئىككى خىل كۆزقاراش ئەمەلىيەتتە ھەرقايسى ئەللەر جىنايى ئىشلار بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى هوقۇقى جەھەتتە ئوخشىمىغان پرىنسىپلارنى قوللانغانلىقتىن كېلىپ چىققان. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۆز دۆلىتى پۇقرالىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئۈبيېكتى قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ خىل قاراشنى قوللىغۇچى دۆلەتلەر ئاساسلىقى چوڭ قۇرۇقلۇق سىستېمىسىدىكى دۆلەتلەر. بۇ دۆلەتلەر ئادەم تەۋەلىكى بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىك هوقۇقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغان بولۇپ، ئادەم تەۋەلىكى بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىك هوقۇقىنى زېمىن تەۋەلىكى بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىك هوقۇقى بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويغان. ئىككىنچى خىل كۆزقاراشتىكىلەرنىڭ قارىشىچە ئۆز دۆلىتى پۇقرالىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئۈبيېكتى قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ئەللەرنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا

زېمىن تەۋەلىكى بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىك پرىنسىپى بەلگىلەنگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقراسى چەت ئەلدە جىنايەت سادىر قىلسا، جىنايى قىلمىشقا قارىتا جىنايەت يۈز بەرگەن جايدىكى دۆلەت باشقۇرۇش تەۋەلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان بولغاچقا، ئۆز دۆلەت پۇقرالىرىنى چەت ئەللەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولىدۇ.

قارىشىمچە، ئۆز دۆلىتى پۇقرالىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولۇش ـ بولماسلىق مەسىلىسىدە ئېلىمىز نىسپىي ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنى قوللىنىشى كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى: ① يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلقئارا ئەھدىنامىلەردە بەلگىلەنگەن بەلگىلىك جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش جەھەتتە، ئەسلىدە ئۆز دۆلىتى پۇقرالىرىنى چەت ئەلگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلىدىغان دۆلەتلەر ئۆز دۆلەت پۇقرالىرىنى چەت ئەلگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكتە. مەسىلەن، 1996 ـ يىلى تايلاند ھۆكۈمىتى تۇنجى بولۇپ ئۆز دۆلىتى پۇقراسى بولغان سابىق پارلامېنت ئەزاسى تەننۇڭنى زەھەر ئەتكەسچىلىك جىنايىتى ئۆتكۈزدى دېگەن نام بىلەن ئامېرىكىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇڭا شەرتلىك يوسۇندا ئۆز دۆلىتى پۇقرالىرىنى چەت ئەلگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش خەلقئارا قانۇن ھەمكارلىقىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ② دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 7 ـ ماددىسىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسى سىرتىدا مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانلىرىغا مۇشۇ قانۇن تەتبىقلىنىدۇ. لېكىن مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغانلىرى سۈرۈشتۈرۈلمىسىمۇ بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ناۋادا جۇڭگو پۇقرالىرىدىن چەت ئەلدە سادىر قىلغان جىنايى قىلمىشى دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 7 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن جازا مۇددىتىگە يەتمىسە، قانۇني جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشى جۇڭگو ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولماستىن، بەلكى جىنايەت يۈز بەرگەن دۆلەتتىكى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىك ھوقۇقىنىڭ دائىرىسىدە بولىدۇ.

3) ئۆتكۈزۈپ بېرىش دەۋا تەرتىپىگە دائىر مەسىلىلەر

«ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» دا چەت ئەل ھۆكۈمىتى ئېلىمىز ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۆتكۈزۈپ بېرىش دەۋاسىنى باشقۇرغۇچى ھەرقايسى ئورگانلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ھەمدە ئۆتكۈزۈپ بېرىش دەۋاسىغا دائىر مەمۇرىي ـ ئەدلىيە ـ مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش ئەندىزىسى ئورنىتىلغان. لېكىن مەزكۇر قانۇندا بەزىبىر نۇقسانلار ساقلانغان.

① ئەدلىيە جەھەتتىن قاراپ چىقىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى گوۋۇيۈەندىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولۇش ـ بولماسلىق توغرىسىدا دوكلات سورايدۇ. بۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ياكى بەرمەسلىك توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قارارنى چىقارغۇچى گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى ياكى گوۋۇيۈەننىڭ مەلۇم بىر ئاپاراتى ئىكەنلىكى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن.

② ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قولغا ئېلىش تەدبىرىنى قانداق ئەھۋالدا قوللىنىش ئېنىق بەلگىلەنمىگەن. «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» دا ئۆتكۈزۈپ بېرىش دەۋاسىدا قوللىنىلىدىغان مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى بەلگىلەنگەن: ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن توختىتىپ قويۇش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قولغا ئېلىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن تۇرالغۇ جايىنى نازارەت قىلىش قاتارلىقلار. يۇقىرىدىكى مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنىڭ ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن توختىتىپ قويۇش بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن تۇرالغۇ جايىنى نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت مەجبۇرلاش تەدبىرىنىڭ تەتبىقلىنىش شەرتى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قولغا ئېلىش تەدبىرىنىڭ تەتبىقلىنىشىغا دائىر ماددىدىكى مەزمۇنلار مۇجمەل بولۇپ قالغان. مەزكۇر قانۇننىڭ 32 ـ ماددىسىدا «يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىلتىماسى ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، قولغا ئېلىش تەدبىرىنى قوللانمىسا نورمال ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىگە تەسىر يېتىدىغانلىرىغا نىسبەتەن ئۆز ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قولغا ئېلىش قارارىنى چىقىرىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ماددىدا ئەمەلىيەتتە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قولغا ئېلىشتىن ئىبارەت مەجبۇرلاش تەدبىرى جەھەتتە ئەركىن ئۆلچەش ھوقۇقى بېرىلگەن. ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، قولغا ئېلىش ئېلىمىز «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن مەجبۇرلاش خاراكتېرى بىرقەدەر كۈچلۈك، داۋاملىشىش ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن بولغان قاماپ قويۇش تەدبىرىدۇر. ئۇ ئادەتتە ئېغىر جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن جىنايەت گۇماندارلىرى بىلەن جاۋابكارلارغا تەتبىقلىنىدىغان ھەمدە ئۇ ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ تەستىقى ۋە قارارىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدىغان مەجبۇرلاش تەدبىرىدۇر. دۆلىتىمىز «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» دا قولغا ئېلىش تەدبىرىنى تەتبىقلاشقا قارىتا قاتتىق شەرت قويۇلغان. دېمەك، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلغىنىمىزدا، «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» دا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قولغا ئېلىش تەدبىرىنى قوللىنىشقا دائىر شەرتلەر

www.uyghurkitap.com

بەلگىلىنىشى كېرەك.

③ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچىنىڭ دەۋا ھوقۇقىغا دائىر بەلگىلىمىلەر ئەتراپلىق بولمىغان. «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»دا ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش دەۋاسىدىكى ھوقۇقى ئەتراپلىق بەلگىلەنمىگەن. ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچى ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى جىنايەت گۇماندارى ياكى جىنايەتچىگە ئوخشاش دەۋاغا قاتنىشىش ئورنىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دەۋاغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە. دۆلىتىمىز «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»دا ئۆتكۈزۈپ بېرىش دەۋاسىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچى ياردەمگە ئېرىشىش ھوقۇقى، ئاقلىنىش ھوقۇقى، ئەرز قىلىش ھوقۇقى، تۆلەم تەلەپ قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئىگە دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغۇچىنىڭ سالاھىيىتى ئالاھىدە بولغاچقا، ئۇنىڭ يەنە ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەلچىخانا ۋە كونسۇل ئورگانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ھوقۇقى، تەرجىمان تەكلىپ قىلىش ھوقۇقى، ئەرز قىلىش ھوقۇقى، سۈكۈت قىلىش ھوقۇقى ۋە دەلىل - ئىسپاتلارنى ئېلىشقا ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇقلىرى بار. بىراق دۆلىتىمىزنىڭ «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»دا يۇقىرىقى ھوقۇقلار بەلگىلەنمىگەن.

## 3. دۆلىتىمىزنىڭ «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»نى مۇكەممەللەشتۈرۈش سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ جىددىي تەلىپى

«خەلق دېموكراتىيىسىگە كاپالەتلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىش» پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ دوكلاتىدا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ قانۇنچىلىق ساھەسىدە ئىزچىل يولغا قويۇلىدىغان فاڭجېن، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى. شۇڭا پارتىيىمىزنىڭ 16 - قۇرۇلتىيى «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلىنىدىغان، جەمئىيەت ئەتراپلىق يۈكسىلىدىغان ۋە دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەن يېڭى ۋەزىيەتكە لايىقلىشىپ، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، 2010 - يىلى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يۇقىرىقىدەك ئەمەلىيەت ۋە ئېھتىياجغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپتۇر. جەزمەن ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇن بولغان ئىكەن جەزمەن ئەمەل قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چوقۇم قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈشتىن ئىبارەت قانۇن - تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام نىشانغا قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە يېتەكلەپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش دۆلىتىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرى. ئەمما دۆلىتىمىزنىڭ «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»دا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى يۇقىرىقى تەلەپلەرنى ئورۇنداش، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى كۈچەيتىش ۋە ئۆستۈرۈشكە، خەلقئارا جىنايەتچىلەرگە ئۆز ۋاقتىدا، قانۇنىي يوسۇندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك زەربە بېرىشكە، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ دوستانە ھەمكارلىشىپ، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇپ، تەڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز ئامىللارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. ۋاڭتېيا: «خەلقئارا قانۇن»، قانۇنچىلىق نەشرىياتى، 1995 - يىل 8 - ئاي نەشرى.
2. ليۇخەيشەن: «خەلقئارا قانۇن»، قانۇنچىلىق نەشرىياتى، 1993 - يىل 3 - ئاي نەشرى.
3. ئەخمەت مامۇت تۈزگەن «خەلقئارا قانۇن»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 - يىل 10 - ئاي نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

# مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش

تۇرسۇننىياز ساۋۇر*

قىسقىچە مەزمۇنى: مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇن - تۈزۈم، قانۇن - قائىدىلەر، قانۇن ئاپپاراتلىرى، قانۇن ئەسلىھەلىرى قاتارلىق تۈرلۈك قانۇن ھادىسىلىرىگە بولغان تونۇشى، چۈشەنچىسى، پوزىتسىيىسى، قىممەت قارىشى ۋە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن قانۇن ئېڭى، قانۇن ئىدىيىسى، قانۇن ئەنئەنىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلىشىدىن ئىبارەت. ئۇ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىش داۋامىدا ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان روللارنى ئوينىغان. بۇ ماقالىدە، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇن مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزىلىدۇ.

**摘要**：民族法律文化是对每个民族的法制法规、法律机构、法律设施等各种法律现象的认识、理解、态度、价值观以及在此基础上形成的法律意识、法制思想、法律传统的综合。它在形成、发展和变化过程中对文化的发展产生过不同的作用。不同的民族具有其特有的法律文化，研究它具有现实意义。

**Abstract**: National law culture is the recognition, understanding, attitude and value of various kinds of legal phenomenon in regulation, institutions and establishment of each nation, as well as the integration of legal awareness, legal thought and legal tradition. Its formation, progress and transformation have made different effects on the development of culture. Each ethnic group has its special legal culture, which has real meaning to study.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدە مۇتەخەسسىس، ئالىملار مىللىي قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. لېكىن نۆۋەتتە مىللىي قانۇنشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ۋە تەتقىقات ئوبيېكتى تولىمۇ چەكلىك بولۇپ، مىللىي قانۇنشۇناسلىقنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى بولغان مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىگە چېتىلمىدى. مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى ئۈستىدە بەزى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، پەقەت يۈزەكى مەسىلىلەر ئۈستىدىلا چەكلىنىپ قالدى. كۆپ ساندىكى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ دىققىتى رېئال مىللىي مەسىلىلەرنى قانۇن ئارقىلىق تەڭشەش ۋە مەزكۇر پەننىڭ نەزەرىيە رامكىسىنى تەتقىق قىلىشقا مەركەزلەشتى. بۇ ماقالىدە، ئۆزەمنىڭ بەزى يۈزەكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ساھەگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

---

• تۇرسۇننىيا ساۋۇر: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى. 830046

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 1. مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئۇقۇمى

مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئۇقۇمى ئۈستىدە توختىلىشتىن ئاۋۋال قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئۇقۇمى ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

قانۇن مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بىر خىل يېڭى مەدەنىيەت ئۇقۇمى بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا تارماق مەدەنىيەت ئۇقۇملىرىغا نىسبەتەن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇ ھەم بىر يېڭى قانۇنشۇناسلىق ئۇقۇمى، ھەم يېڭى بىر قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت. ئۇ مۇرەككەپ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ھازىرغىچە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان، بىرلىككە كەلگەن تەبىر بەرگىنى يوق. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىنى ئومۇملاشتۇرغىنىمىزدا، قانۇن مەدەنىيىتى ئوخشاشلا ئىنسانلار ياراتقان، قانۇن - قائىدىلەر ئىچىگە يۇغۇرۇلغان بىر خىل مەدەنىيەت ئاملى بولۇپ، بىر خىل ئۆزگىچە بولغان مەنىۋى بايلىق. ئۇ ئىجتىمائىي مەنىۋى مەدەنىيلىك كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، سىستېما مەدەنىيىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. قانۇن مەدەنىيىتى ئومۇمەن قانۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھادىسىلەرنى يەنى مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىرىدىكى كىشىلەرنىڭ قانۇن - تۈزۈم، قانۇن - قائىدە، قانۇن ئاپپاراتلىرى، قانۇن ئەسلىھەلىرى، شۇنىڭدەك قانۇن تۈزۈش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىزلىق، ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك قاتارلىقلارغا بولغان تونۇشى، چۈشەنچىسى، پوزىتسىيىسى، ئېتىقادى، قىممەت قارىشى، ئۈمىدى ۋە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن ھەرىكەت ئۆلچىمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت ئەنئەنىسىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مۇھىم قورالىدۇر. «ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سېلىشتىكى ئەقىل - پاراستى، بىلىم ۋە تەجرىبىسىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تارىختىن توپلانغان قىممەتكە ئىگە قانۇن ئىدىيىلىرى ۋە قانۇننىڭ تۈزۈلۈشى، تەتبىقلىنىشى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن تېخنىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، قانۇنىي تەرتىپكە سېلىش سەۋىيىسى يەتكەن ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ»①. ئامېرىكىلىق قانۇنشۇناسلاردىن S.L ۋېنبورگ ۋە W.J ۋېنبورگلارنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىگە بەرگەن تەبىرى بويىچە «قانۇن مەدەنىيىتى ئۈچ قاتلاملىق مەزمۇنغا ئىگە: (1) كىشىلەرنىڭ قانۇنغا بولغان بىلىشى، قىممەت قارىشى، پوزىتسىيىسى ۋە ئېتىقادى؛ (2) كىشىلەرنىڭ قانۇن ئاپپاراتلىرىغا بولغان بىلىشى، قىممەت قارىشى، پوزىتسىيىسى ۋە ئېتىقادى؛ (3) كىشىلەرنىڭ قانۇنىي ھۆكۈملەرنى تۈزۈشكە قاتناشقۇچىلارغا بولغان بىلىشى، قىممەت قارىشى، پوزىتسىيىسى ۋە ئېتىقادى»②. ئامېرىكىلىق بۇ ئىككى ئالىم يەنە شۇنداق قارايدۇكى، قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىملىقى ئاساسلىقى، كىشىلەرنىڭ قانۇننىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇنۇمىگە باغلىغان ئۈمىدى، كىشىلەرنىڭ قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ياكى غەيرىي قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاللاش ئارزۇسى، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ قانۇننىڭ ھۆكۈملىرىگە رىئايە قىلىش دەرىجىسى» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. «بۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇن مەدەنىيىتى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولىدۇ»③.

قانۇن مەدەنىيىتى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: بىرىنچى، قانۇن مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ قانۇن ئەمەلىيىتى پائالىيىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قىممەت ئاساسى ۋە بۇنداق قىممەت ئاساسىنىڭ ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئايلىنىش ھالىتى. ئىككىنچى، قانۇن مەدەنىيىتى بىر خىل ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن قانۇن ئەمەلىيىتى پائالىيىتى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولغان ئالاھىدە ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىقتىدارى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن مەقسەتلىك ھالدا ئېلىپ بارغان لايىھەلەش، تىزگىنلەش، يېتەكلەش سەۋىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۈچىنچى، قانۇن مەدەنىيىتى بىر خىل سۇبيېكتىپ بولغان ئىدېئولوگىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ماكرولۇق، ئۇنىۋېرسال، سىستېمىلىق بولغان تەتقىقات ئۇسۇلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى — ئىنسانلارنىڭ قانۇن ئەمەلىيىتى پائالىيىتى بولغان قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە، تەپەككۇرنى بىرلىككە كەلگەن بىر گەۋدە ياكى جەريان دەپ قاراپ تەھلىل قىلىش ۋە ئىگىلەش؛ ئۇنىڭ مەقسىتى — ئىنسانلارنىڭ قانۇن ئەمەلىيىتى پائالىيىتىنىڭ ھالىتى، ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت»④.

مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى باشقا مەدەنىيەت سىستېمىلىرىغا ئوخشاش ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى

ئورتاق يارىتىلغان، ۋارىسلىق قىلىنغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە ياشاش شەكلىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتىدىكى ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم، قانۇن ـ قائىدە، قانۇن ئاپپاراتلىرى، قانۇن ئەسلىھەلىرى، شۇنىڭدەك قانۇن تۈزۈش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىزلىق قاتارلىق تۈرلۈك قانۇن ھادىسىلىرىگە بولغان بىلىشى، چۈشەنچىسى، كۆزقارىشى، پوزىتسىيىسى، قىممەت قارىشى، ئېتىقادى، ئارزۇسى ھەمدە شۇلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن قانۇن ئېڭى، قانۇن ئىدىيىسى، قانۇن ئەنئەنىسىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى، ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىق تەرەپلەردە قانۇن مەدەنىيىتى بىلەن ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بىر دۆلەت، بىر رايون ياكى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا بىر خىل ئۆزگىچە بولغان، يەنە كېلىپ باشقا مەدەنىيەت سىستېمىسى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان مەدەنىيەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ ئىنسانىيەتنىڭ مەلۇم بىر تۈپىنىڭ بۇنداق بىرلىككە كەلگەن مەدەنىيەت سىستېمىسى سىياسىي مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار مەدەنىيىتى، قانۇن مەدەنىيىتى، ئەخلاق مەدەنىيىتى، پەن ـ تېخنىكا مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقاد مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى قاتارلىق كۆپلىگەن تارماق مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇئەييەن بىر مىللەت ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ: بىرىنچى، قانۇن فورماتسىيىسى. بۇ قانۇن ئېڭى، قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئىككىنچى، قانۇن قائىدىلىرى. بۇ ئاساسىي قانۇن، ئادەتتىكى قانۇن ـ پەرمانلار، قانۇنىي بەلگىلىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئۈچىنچى، قانۇن ـ قائىدىلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن قانۇن ـ تۈزۈملەر. بۇ ئەدلىيە تۈزۈمى، دەۋا تۈزۈمى، تەپتىش تۈزۈمى، سوت قىلىش تۈزۈمى، ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى، جامائەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ تۆتىنچى، قانۇن ھەرىكىتى. بۇ ئەدلىيە، قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بەشىنچى، قانۇن ئەسلىھەلىرى (قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ ھالەت قاتلىمى). بۇ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى، ئەدلىيە ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ تورمە، سوراقخانا قاتارلىق قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ⑤. ئۇنىڭدىن باشقا تارىخىي، ئىقتىسادىي، جۇغراپىيىلىك مۇھىت قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە دىنىي ئېتىقاد نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ھەرىكەت قائىدىسى، ئېتىقادى ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش بولمىغان تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن، شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغاندا ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى ئاساسىدا شەكىللەنگەن پەلسەپە ئىدىيىسى، دىنىي ئەقىدىلىرى، دىنىي قائىدىلىرى، ئەمرىمەرۇپلىرى، مۇراسىم قائىدىلىرى، شۇنىڭدەك ئۆرپ ـ ئادەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى، سودا ـ ئالماشتۇرۇش ئادەتلىرى، ئىستېمال ئادەتلىرى، ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرى، مۇراسىم ئادەتلىرى، توي ـ تۆكۈن، مېيىت ئۇزىتىش ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش لازىم. چۈنكى بۇلار ئىچىدىكى نۇرغۇن ئامىللار ئاللىقاچان بۇ مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، ئىدىيە، قىممەت قارىشى، تەپەككۇرى، ھۆكۈم قىلىش پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكەت قائىدىلىرىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

## 2. مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئورنى ۋە رولى

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك، ئۇزاق تارىخقا ئىگە، قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەت، بۇنداق كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى ئالدى بىلەن كۆپ تەرەپ بىر گەۋدىلەشكەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىنى، ئاندىن خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا 56 قېرىنداش مىللەت ئورتاق تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق يارىتقان ۋە راۋاجلاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىنى يارىتقان ۋە راۋاجلاندۇرغان. «قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ

ئۇقۇمى ئىپادىلەپ بېرىدۇكى، ھەربىر دۆلەت ياكى جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇن مەدەنىيىتى بولىدۇ، خۇددى ئىككى خىل جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، ئومۇمىي مەدەنىيىتى تامامەن ئوخشاش بولمىغىنىدەك، تامامەن ئوخشاش بولغان ئىككى خىل قانۇن مەدەنىيىتىمۇ بولمايدۇ»⑥. گەرچە فىردمان ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنى ئىككى دۆلەت ياكى ئىككى جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇنىڭغا تامامەن ئوخشاتقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۆزگىچە بولغان مەدەنىيەت ئىنسانىيەتنىڭ مۇئەييەن بىر توپىنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئەنئەنىسى جەھەتتە مۇئەييەن پەرقلەر مەۋجۇت بولىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى تونۇش ۋە چۈشىنىش سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن، تۇرۇۋاتقان ياشاش مۇھىتى ئوتتۇرىسىدا پەرق چوڭ، ئۆزئارا ئالاقە كەم، دىنىي ئېتىقاد كۆپ خىل بولغاچقا، ھەر خىل ھەم مۇرەككەپ، ھەم ئاددىي بولغان قانۇن مەدەنىيىتى (ئادەت قانۇنى مەدەنىيىتى)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىپتىدائىي مەدەنىيەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنداق مەدەنىيەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش، ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا ھەرقايسى تارىخىي دەۋردە ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر توپى (مىللەت، قەبىلە قاتارلىقلار) بېسىپ ئۆتكەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، دىنىي مۇھىت ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا بېسىش، تەرەققىي قىلىش سەۋىيىسىمۇ ئوخشاش بولمىغان، بۇ مەدەنىيەتنىڭ يادرولۇق مەزمۇنلىرى بولغان دىنىي نۇقتىئىنەزەر قىممەت قارىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. نەتىجىدە، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا تارىخ ۋە مىللەتتىن ھالقىغان ئورتاق تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە نىشانلىرىمۇ كۆرۈلگەن، بۇنداق يۈزلىنىش ۋە نىشانلار ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ئوخشاش بولمىغان ئەملگە ئېشىش ئۇسۇلى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، نەتىجىدە، مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىمۇ تەدرىجىي ھالدا ئىلمىيلىشىش، ئەقىلگە مۇۋاپىقلىشىش، ئىنسانپەرۋەرلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان رايونلار، ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت ۋە ئوخشاش بولمىغان قاتلاملاردا ئوخشاش بولمىغان رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئومۇمەن ئالغاندا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇن مەدەنىيىتى بولىدۇ. بۇنداق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىغا باشقا بىر مىللەتنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىنى خېلى ئۇزاق تارىخىي مەزگىل ئىچىدە دەسسەتكىلى بولمايدۇ»⑦. ھەرقانداق بىر مىللەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان قانۇن مەدەنىيىتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. بۇ خىل ئۆزگىرىش ھەم شۇ مىللەت جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزگىرىش، ھەم ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئارىلىشىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۆزگىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك. ياشاش مۇھىتىدا ئۆزگىرىش بولغان، جەمئىيەت ئەزالىرى يېڭىچە ئۇسۇللار بىلەن بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇشقا باشلىغاندا مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ئۆزگىرىش كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. لېكىن بۇ خىل ئۆزگىرىش شۇ مىللەتنىڭ كۆپ سانلىق ئەزالىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئايلانغان ۋاقىتتىلا، ئاندىن شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى بولىدۇ. شۇڭا مەلۇم بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مەلۇم بىر قاتلىمى، مەلۇم بىر كىشىلەر توپىدا ئەكس ئەتكەن ئۆزگىرىش ئەگەر شۇ مىللەتنىڭ كۆپ سانلىق ئەزالىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدىكەن، ئۇنداقتا ئۇنى شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى دەپ قاراشقا بولمايدۇ، بۇنى پەقەت بىر خىل خاھىش ياكى يۈزلىنىش دەپ قاراشقىلا بولىدۇ. كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە كۆپ تەرەپ بىر گەۋدىلەشكەن مىللىي مەدەنىيەتنى قانداق تونۇش ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۇنىڭ قانۇن مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قانداق تەتقىق قىلىش، ئومۇمىي گەۋدە بىلەن تەركىبىي قىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تولۇقلاش ـ ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسىنى قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش مەقسىتىگە

يېتىش، ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە رولىنى قانداق تونۇش ۋە بېكىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قانۇن مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەيلى تارىخىي نۇقتىدىن كۆزىتەيلى ياكى رېئال ئەھۋالدىن قارايلى، جۇڭگودا مىللەتلەرنىڭ كۆپ تەرەپ بىر گەۋدىلەشكەن قانۇن مەدەنىيىتىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيىتى تېگىشلىك رول ئوينىغان. ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ ۋە قانۇننىڭ بىرلىكىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، تارىختىن بۇيان مەركىزىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە قوغداش، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشتە ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر بولغان ئىنتايىن مۇھىم ئامىل بولۇپ كەلگەن. كونا جۇڭگودا مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، مەركىزىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا بىۋاسىتە تەتبىقلاش مۇمكىن بولمىغان، پەقەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا تايىنىپ، مىللىي رايونلارنى ئۆزلىرىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى ئاساسىدا باشقۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق مىللىي رايونلارغا بولغان سىياسىي جەھەتتىكى كونتروللۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. بۇ خىل ئەھۋال چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بىر تەرەپتىن، يۇقىرىقىدەك ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، زور كۆلەملىك مىللىي قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق چېگرا رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش مەقسىتىگە يەتكەن⑧. ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئۇچراشقاندا كۆرۈلىدىغان تەسىرى ئۆزئارا بولىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا تاللاش ئاساسىدا قارشى تەرەپنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئالامەتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى يۇقىرىدىكى ئۇسۇلنى قوللانغاندا نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلارنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قانۇن مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان، ئوخشاشلا خەنزۇلارمۇ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيىتى ئىچىدىكى پايدىلىق بولغان ئامىللارنى قوبۇل قىلغان، بۇ پۈتكۈل جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىغان.

بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇن چىقىرىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئاساسەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان قانۇن ـ تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭدا «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملار»نى تۈزۈپ يولغا قويغان؛ شىزاڭ رايونىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «شىزاڭنىڭ ياخشىلىق ـ ھىمايىلىق قائىدىلىرى»، «خان بېكىتكەن شىزاڭ قائىدىلىرى» (كېيىن تۈزىتىش ئارقىلىق «شىزاڭنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرى» قىلىپ تۈزۈلگەن) قاتارلىقلارنى تۈزۈپ يولغا قويغان؛ موڭغۇل رايونلىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ئاۋات پايتەختتە بېكىتىلگەن قائىدىلەر»، «موڭغۇل قانۇن مەكتۇپلىرى»، «موڭغۇل قائىدە ـ يوسۇنلىرى»، «موڭغۇل قانۇن ـ قائىدىلىرى» (كېيىن تەھرىرلىنىپ «ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ ئۆلگىلىك قائىدىلىرى» قىلىپ تۈزۈلگەن)نى تۈزۈپ يولغا قويغان، قاتارلىقلار.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيىتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەدلىيە تۈزۈمىگە تەسىر كۆرسەتكەن. چىڭ سۇلالىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى دېلولارنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان مەخسۇس ئەدلىيە ئورگىنى تەسىس قىلغان ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە كۆرۈلگەن دېلولارنى كۆپىنچە مىللىي ئادەت قانۇنلىرىغا ئاساسلىنىپ سوت قىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ زىندان پىرقىسى، باش تەپتىش مەھكىمىسى ۋە باش ئەدلىيە دىۋانى بارلىق جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دەۋالىرىنى قوبۇل قىلىدىغان ئورگانلار ئىدى؛ بىراق شىنجاڭ، چىڭخەي، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىقلاردا يۈز بەرگەن دېلولارغا قارىتا ئۇ مەخسۇس «ۋاسساللار مەھكىمىسى» تەسىس قىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەرز ـ شىكايەت ئورگىنى قىلغان. ئۇنىڭ ئەدلىيىلىك باشقۇرۇش تەۋەلىكى ئىچكىرىدىكى خەنزۇلار رايونلىرىدىن پەرقلەنگەندىن باشقا، جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىشتىمۇ ئادەتتە ھەممىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنلىرى ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلغان.

ئۈچىنچى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىگە ماسلىشىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن. چىڭ سۇلالىسى بىر تەرەپتىن، دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت

قانۇنلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى مۇۋاپىق ھالدا ئېتىراپ قىلغان. ئالايلۇق، شىنجاڭدا قازىلار (ئىسلام قانۇنىنىڭ سودىيىلىرى) نىڭ ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام قانۇنى ئاساسىدا چىقارغان ھۆكۈم ـ كېسىملىرىنىڭ قانۇنىي ئۈنۈمىنى ئېتىراپ قىلغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قارىتا قانۇن چىقىرىشتا ئىچكىرىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، مىللىي قانۇن چىقىرىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولغان. بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەدبىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ بەلگىلىك ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان.

كونا جۇڭگودا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ھاكىمىيەتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇن مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە دىققەت قىلغان، شۇ ئارقىلىق مەقسەتلىك ھالدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىگە ماس كېلىدىغان بەزى قانۇن ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مۇئەييەن دەرىجىدە ئىجابىي رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ئاساسىغا تۈزۈلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران گۇرۇھلار دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاتالمىش «ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي»نى يولغا قويۇشتى، لېكىن ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قانۇن مەدەنىيەت ئەنئەنىسىمۇ تېگىشلىك ھۆرمەتكە ئېرىشەلمىگەن شارائىتتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ ھۆرمەتكە ئېرىشىشىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن بولمىدى. بولۇپمۇ جياڭ جيېشى گومىنداڭى دەۋرىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى فېئودال دەللاللار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرگە سەل قاراپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا دۆلەت قانۇنىنىڭ بىرلىكىنى قوغلاشتى، جياڭ جيېشى ھەتتا ئاتالمىش «ئاساسىي قانۇن لايىھىسى»دىن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى چىقىرىپ تاشلىدى»⑨.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوخشاش بولمىغان تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىن سوتسىيالىزم باسقۇچىغا كىردى ھەمدە باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ، ھەممىسى دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندى؛ ماس ھالدا ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىمۇ يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ھۆرمەت ۋە كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە خەلق ھۆكۈمىتى كەڭ كۆلەمدىكى مىللەت تەركىبىنى ئايرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇ خىل تۈزۈم ئاستىدا دۆلەت ئاپتونومىيىلىك جايلارغا تولۇق ئاپتونومىيىلىك قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بېرىش ئارقىلىق، دۆلەت قانۇنىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ پەرقلىرىگە ئېتىبار بېرىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى بەرپا قىلدى. دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن رولىنى ئوينىغان «ئورتاق پروگرامما»دا ئېنىق قىلىپ: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى ھەممە مىللەت بىردەك باراۋەر» بولىدىغانلىقى، «ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى يولغا قويۇلىدۇ» غانلىقى بەلگىلەندى. 1954 ـ يىلىدىكى تۇنجى ئاساسىي قانۇن يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، يەنە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈش ھوقۇقى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. 1984 ـ يىلى تۈزۈلۈپ، 2001 ـ يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى پرىنسىپى، دۆلەت قانۇنىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ پەرقلىرىگە ئېتىبار بېرىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان تۈزۈپ يولغا قويۇلغان مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىگە چېتىلىدىغان بارلىق قانۇن، نىزاملارنىڭ ھەممىسىدە دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى

كاپالەتلەندۈرىدىغانلىقى كەڭ دىلىلەندۈرۈلدى. مەسىلەن، يېڭى «جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 6 - ماددىسىدا ئۇنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ بارلىق تېررىتورىيىسىگە ئومۇميۈزلۈك تەتبىقلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن بولسا، 90 - ماددىسىدا يەنە «بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر ئانچە مۇۋاپىق كەلمەي قالغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئاپتونوم رايونلۇق ياكى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋە مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاساسىي پرىنسىپلارغا بىنائەن جانلىق ياكى قوشۇمچە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ يولغا قويسا بولىدۇ» غانلىقى بەلگىلەنگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان مەدەنىيەت ئەلۋەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قانۇن بەلگىلىمىلىرى بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە قانۇن مەدەنىيەتلىرىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيەتلىرىنىڭمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىنى تولۇق تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنىڭ تېگىشلىك رولىنى تولۇق قېزىش ۋە جارى قىلدۇرۇش، ئۇنىڭ سوتسىيالىزم يۆنىلىشىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىشىغا بولغان يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىش — ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدىغان رېئال تەتقىقات تېمىسى، شۇنداقلا ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر مەسىلە. بولۇپمۇ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ شۇنداق.

## 3. مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە زۆرۈرىيىتى

«مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنى بەرپا قىلىشقا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ بىر تارىخىي پاكىت مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ يەنىلا بىر خىل ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان قانۇن جەھەتتىكى زىددىيەتلەرنىڭ دۆلەتنىڭ (قانۇن - تۈزۈمىنىڭ) بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ساقلانغىلى بولمايدىغان مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ دەۋرلىكى ۋە مىللىيلىقىنىڭ پەرقى قانۇنچىلىق جەھەتتە ھەممىشە تۈرلۈك قانۇن - قائىدىلەرنىڭ قىممەت يۆنىلىشىنىڭ پەرقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ»[10]. نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەتتىن قارىغاندا، كۆپ ساندىكى ئاپتونومىيىلىك جايلار تېخى دۆلەتنىڭ ئاساسلىق قانۇنلىرىغا قارىتا ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىش ياكى تولۇقلاش خاراكتېرىدىكى يەرلىك قانۇن - نىزام ياكى ئايرىم نىزام قاتارلىقلارنى تۈزۈپ يولغا قويمىدى. ئۇلار جىنايى ئىشلار قانۇنى، توختام قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، دەۋا قانۇنلىرى قاتارلىقلارنى يولغا قويۇش داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتى بىلەن ئۆز ئارا ماس كەلمەيدىغان بەزى ئەھۋاللارغا قارىتا ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان جانلىق ئىجرا قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللانماقتا؛ ھەتتا بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى «ئاز سانلىق مىللەتلەر پۇقرالىرى جىنايەت سادىر قىلغان دېلولارنى مىللىي ئادەت قانۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپ قىلماقتا»[11]. بۇنداق ئۇسۇللارنى بىر خىل ئىجابىي بولغان ئاكتىپ ئىزدىنىش دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ دۆلەتنىڭ قانۇنلىرى تېخى تولۇق مۇكەممەل بولۇپ كېتەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا پايدىلىق، ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. بىراق دۆلەت قانۇنچىلىقىنىڭ بىردەكلىكى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈلۈش شەكلى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، گەرچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇنچىلىق جەھەتتىكى ئۆزگەرتىپ ياكى جانلىق ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى ئىنكار قىلالمىساقمۇ (ھەتتا ئىنكار قىلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ) لېكىن، بۇنداق ئۇسۇللارنىڭ نىسبەتەن بىرلىككە كەلگەن ياكى نوپۇزغا ئىگە قانۇنىي ئاساسى بولۇشى لازىم. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، بۇ يەردە بىزدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە — دەل مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمىزنىڭ چوڭقۇر بولماسلىقىدىن ئىبارەت.

دۆلىتىمىز نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىمەكتە. بۇنداق شارائىتتا مىللىي مەسىلىلەرنى پەقەت سىياسەت ۋاستىسىغىلا تايىنىپ ھەل قىلىش

www.uyghurkitap.com

ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا مەركەزدىن يەرلىككىچە زور تۈركۈمدىكى ئوقۇتۇش، پەن ـ تەتقىقات ۋە ئەمەلىي خىزمەت تارماقلىرىدىن كەلگەن يولداشلار دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى قانۇنشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئەسلىدىكى يۇقىرى قاتلامدىكى زاتلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاللىقاچان ياشىنىپ ئىككىنچى سەپكە چېكىندى. ھالبۇكى، بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتى ئۇنتۇلۇپ كېتىش ھالىتىگە بېرىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن زور مىقداردىكى تەكشۈرۈش، تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى ھەم بەزى خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگىمۇ ئېرىشتى. لېكىن ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ھەقتە ئىشلىگەن خىزمەت ۋە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىمىز ئەمەلىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇشتىن خېلىلا يىراقتا. مەيلى قانۇن ـ تۈزۈم تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بولسۇن، ياكى قانۇن ئىدىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بولسۇن ھەممىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى مەركەز قىلغان تەتقىقاتلار بولۇپ، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم تارىخى ياكى قانۇن ئىدىيە تارىخىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، نۆۋەتتە جۇڭگونىڭ قانۇن ـ تۈزۈم، قانۇن ئىدىيە تارىخى تەتقىقاتى ئاساسەن خەنزۇ مىللىتىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى، قانۇن ئىدىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتىن ئىبارەت، قانۇن مەدەنىيتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتمۇ ئوخشاش. خۇددى مەشھۇر تارىخشۇناس سەي شاڭسى ئەپەندى ئېيتقاندەك: «بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگونىڭ ھەرقايسى مەخسۇس تارىخلىرىنى تەتقىق قىلىشتا خەنزۇلارنىلا چەك قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، خەنزۇلارنىلا چەك قىلىۋالغان جۇڭگونىڭ ھەرقايسى مەخسۇس تارىخلىرىنىڭ تولۇق ياكى بىرقەدەر تولۇق بولغان جۇڭگو تارىخى بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر ئەستايىدىلراق ئېيتىشقا توغرا كەلسە، ئۇ كۆپ بولغاندىمۇ پەقەت خەنزۇلارنىڭلا مەخسۇس تارىخى بولىدۇ»⑫. خەنزۇلار دۆلىتىمىزدىكى ئاساسلىق مىللەت، شۇڭا ئۇنى جۇڭگونىڭ قانۇن ـ تۈزۈم، قانۇن ئىدىيە تارىخىنىڭ مەركىزى قىلىپ تەتقىق قىلىشنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە؛ بىراق باشقا 55 مىللەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم، قانۇن ئىدىيە تارىخى ھەم قانۇن مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى تاشلاپ قويغاندا تەتقىقات قانداقلا بولمىسۇن تولۇق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «بىزنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قانۇن مەدەنىيتى ئۈستىدە تەتقىقاتىمىز خەنزۇلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قانۇن مەدەنىيتى بولىدۇ، بۇ خىل مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىغا خېلى ئۇزاق تارىخىي ۋاقىت ئىچىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىنى دەسسەتكىلى بولمايدۇ»⑬. بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىشىمىزغا پايدىلىق؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە قانۇن ئېڭىنى چۈشىنىپ، شۇ ئارقىلىق كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەت پۇقرالىرىنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزغا پايدىلىق.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆپ تەرەپ بىر گەۋدىلەشكەن تارىخى ۋە رېئاللىقى مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قانۇن ھادىسىسى ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات بولماستىن، بەلكى ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيتى ئۈستىدىكى تەتقىقات بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ مەقسىتى — جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ئىجاد قىلغان ۋە ئورتاق ئىگە بولغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قانۇن مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تونۇش، يەكۈنلەش، شۇ ئارقىلىق «شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى تاللىۋېلىش» تىن ئىبارەت⑭. «كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەتتە قانۇن چىقىرىش ۋە ئەدلىيە داۋامىدا مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى ئويلىشىشقا دىققەت قىلىش كېرەك، چۈنكى مىللەتلەر ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولىدۇ. مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئويلاشمىغان قانۇن چىقىرىش ۋە ئەدلىيىدىن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت توقۇنۇشى كېلىپ چىقىدۇ، ئۇ كۆپلىگەن مىللىي زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ»⑮. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەيلى قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا، سېلىشتۇرما قانۇنشۇناسلىق ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا بولسۇن ياكى

مىللەتشۇناسلىق ئۇستىدىكى تەتقىقاتتا بولسۇن، ھەممىسىدە دۆلىتىمىزنىڭ تارىخى ۋە ھازىرىنى چىقىش قىلىپ، ئاندىن مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش لازىم. ئەگەر تارىختىن ۋە رېئاللىقتىن ئايرىلىپ، مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى ئۇستىدىكى كونكرېت مەسىلىلەرنى چوڭقۇر، ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلماي، قىسمەن يۈزەكى مەسىلىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىكەنمىز، ئۇنداقتا بىزنىڭ ياراتقان نەزەرىيە سىستېمىمىز ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىگە يېتەلمەستىن، ئەكسىچە غايىۋانە مەنزىرىگە ئوخشاش قۇرۇق خىيال بولۇپ قالىدۇ.

«مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىنى ئەگەر تەتقىقات ئوبېكتى جەھەتتىن ئايرىغاندا، مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىگە مىللىي مەدەنىيەتتىن قول سېلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇن قىممەت قارىشى ۋە مىللىي قانۇن ئادەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىي قىلىشى، ئۆزگىرىشىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى، مىللىي قانۇنىنىڭ تىپى، قۇرۇلمىسى، ئۇنۇمى، شۇنىڭدەك ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللەت ئۇستىدىكى قانۇن چىقىرىش ۋە ئەدلىيەلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم، دەپ تەبىر بېرىشكە بولىدۇ». تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نۆۋەتتە ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتكە دائىر تەييار ماتېرىياللار بىرقەدەر كەمچىل بولۇپ، تەتقىق قىلىشقا قىزىققۇچىلاردىن يېتەرلىك ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇشنى، باشقا ئالاقىدار يازما ماتېرىياللار ئارقىلىق قول سېلىپ، جاپادىن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي، «سەھرا»لارغا بېرىپ بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشىپ، ئۇنى تەكرار پىششىقلاپ ئىشلەپ، شۇ ئاساستا يەكۈن چىقىرىپ، تۈرلەرگە ئايرىغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولغان بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشىش ئۈچۈن، يېزا - قىشلاقلارغىچە چۆكۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئەڭ ياخشى ساقلىنىپ قالغان يېزا - قىشلاقلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش، چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش لازىم. ئالايلۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۈرۈمچى قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەردىلا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش كۇپايە قىلمايدۇ، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق. چۈنكى نۆۋەتتە ئوتتۇرا چوڭ - شەھەرلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى «شالغۇتلاشقان مەدەنىيەت» ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان ئامىللارمۇ پەقەت يۈزەكى ھادىسىلەردىنلا ئىبارەت، خالاس. ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماستىن، پەقەت تەييار ھۆججەت - ماتېرىياللارغىلا تايىنىپ ماقالە يازىدىغان، پەقەت «نەزەرىيە ئاساسى»غا تايىنىپلا يېڭى نەزەرىيىۋى «پەرەز»نى ئوتتۇرىغا قويىدىغان «كېسەللىك» تىن ساقلىنىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەر قانۇن مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا ئەگەر بۇنىڭدىن ساقلىنالمىغاندا قىلچە نەپكە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئالاقىدار قانۇن چىقارغۇچى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنى ئالداپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر پۇقرالىرىنىڭ ھېسسىياتىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويىمىز، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر.

نۆۋەتتە مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى ئۇستىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلاپ كېتەلمەسلىكىدە نۇرغۇنلىغان سەۋەبلەر بار، ئاساسلىقى: (1) نۇرغۇن كىشىلەر يېزا - قىشلاقلاردىن توپلانغان تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى ئەمەس، دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇنداق دوكلاتلارنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەت، ئىلمىي نەتىجە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايۋاتىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە مۇشۇ خىل ئىلمىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىرادىسىگە كەلگەنلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى بوغۇپ قويۋاتىدۇ؛ (2) ھازىر قانۇنشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق ئالاقىدار كەسىپلەردىكى تولۇق كۇرس ۋە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغانلارنىڭ سىستېمىلىق بولغان نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىقتىدارى كەمچىل، يېزا - قىشلاق، سەھرالارغا بېرىپ، ئامما ئارىسىغا چۈشۈپ تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ بېرىش تەجرىبىسى يېتەرسىز، مۇستەقىل ھالدا تەكشۈرۈش دوكلاتى، ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كەمچىل؛ (3) يېزا - قىشلاقلارغا، سەھرالارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ مەزمۇنى بارغانسېرى ئۆزگىرىپ شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئىلمىي ماقالە يازغۇچىلار تۆۋەنگە چۈشۈشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى، چۈشكەندىمۇ ئۇزاق بولغاندا بىر - ئىككى ئاي، قىسقىلىرى بىرنەچچە ھەپتە تۇرۇپ، ئۆزى بارغان جاينىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنىمۇ تولۇق چۈشەنمەي تۇرۇپلا ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا بېرىپ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ «تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى پۈتتۈرۈۋاتىدۇ؛ (4) گەرچە يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەر بارغانسېرى گەۋدىلىك بولۇۋاتسىمۇ، لېكىن بۇ ساھەدىكى كەسىپ ئەھلىلىرى خۇددى ھەممە ئىش جايىدىكىدەك بىپەرۋا يۈرۈۋەرگەچكە، بىر خىل غەلىتە ھالەت شەكىللىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ⑰. مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى

www.uyghurkitap.com

ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى خاھىشلارنى چوقۇم چەكلىشىمىز، يېزا ـ قىشلاق، سەھرالاردىن ئېلىنغان تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى توغرا تونۇپ، تېگىشلىك ئورۇن بېرىشىمىز، بۇ خىل تەتقىقاتلارنى قوللاپ رىغبەتلەندۈرۈشىمىز، تەتقىقاتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئاساسەن ئىككى خىل يول ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ: بىرى، كىشىلەرنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان دەۋر ۋە مۇھىتتىكى ئوبيېكتىپ رېئاللىقتا بولغان تەپەككۇرى ۋە بىلىشى؛ يەنە بىرى، ئۆتمۈشتىكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى قانۇن مەدەنىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى ۋە ئىرسىيەت بەلگىلىرى. شۇڭا مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىگە قارىتا تەھلىل ـ تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتى ئامىللىرىدىن ھالقىپ بۈگۈنكىسىگىلا ئېسىلىۋالماسلىقىمىز ياكى بۈگۈنكىسىنىلا كۆرۈپ، ئىلگىرىكىسىگە سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. بۈگۈن كۆزىتىۋاتقان رېئاللىقتا قارىتا تەھلىل قىلىش، پەرقلەندۈرۈش، تورگە ئايرىش ئارقىلىق يەكۈن چىقىرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدىكى شەكىللەنگەن مۇھىتى، سەۋەبى، مۇئەييەن شارائىتتا ئوينىغان رولىنى چۈشىنىشىمىز؛ ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىشى، تۈرى، قۇرۇلمىسى، رولى، ئەكس ئەتتۇرگەن قىممەت قارىشىنى چۈشىنىشىمىز، تارىخىي تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى، سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى، ستاتىستىكا قىلىش ئۇسۇلى، يېزا ـ قىشلاقلاردا بىۋاسىتە تەكشۈرۈش قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى قوللىنىپ، ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار، تارىخىي ئەسەرلەر، خەلق رىۋايەتلىرى، چۆچەكلەردىن پايدىلىنىپ، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق پوزىتسىيە ئارقىلىق ئىلمىي يەكۈن چىقىرىشىمىز لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانى جەمئىيەتنىڭ باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. مىللىي نۇقتىئىنەزەر كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشقان تارىخىي باسقۇچنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە روھىي ھالىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياشاش شارائىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇڭا تەتقىقات داۋامىدا پەقەت باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرىنى كۆزىتىش ۋە تونۇشقا تايانغاندا ۋە مۇناسىپ تارىخىي باسقۇچنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش شارائىتىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئىچىدىن مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ھەقىقىي تۇردە تېپىپ چىققىلى بولىدۇ.

جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىچىدە خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا پەرق مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت، دىنىي ئېتىقاد شارائىتىدا تۇرۇۋاتقان مىللەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ پەرق مەۋجۇت. ئەگەر بىز مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش خەرىتىسىنى كۆزىتىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ قانۇن مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق بۇ خىل پەرقنى ئاسانلا بايقىيالايمىز. مەسىلەن، تۇجيا مىللىتى خۇبېي، خۇنەن، سىچۇەنلەردە ياشايدۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يېقىن. شېزۇ مىللىتى شەرقىي ـ جەنۇب رايونىغا تارىلىپ ئولتۇراقلاشقان، تارىختىن بۇيان بۇ رايون خەنزۇلارنىڭ دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى، شۇڭا بۇ ئىككى مىللەت ئۇزۇندىن بېرى خەنزۇلار بىلەن ئالاقىلىشىپ كەلگەن، خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتىمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قانۇن مەدەنىيىتى ئەنئەنىسى ئىچىدە خەنزۇلارنىڭ قانۇن مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە يېقىن كېلىدىغان ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئامىللار كۆپرەك. دۇلۇڭ، نۇزۇ مىللەتلىرى غەربىي جەنۇبتىكى چېگرا رايونلارغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، قاتناش قولايسىز، خەنزۇلار بىلەن ئالاقىلىشىش پۇرسىتى كەمچىل، شۇڭا ئۇلارنىڭ قانۇن مەدەنىيىتى ئەنئەنىسى ئىچىدە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىمۇ نىسبەتەن ئازراق. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر كەڭ غەربىي شىمالدىكى چېگرا رايونلارغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن يىراق، خەنزۇلار بىلەن ئالاقىلىشىش پۇرسىتىمۇ ئاز. ئەكسىچە، جايلاشقان جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئوتتۇرا غەربىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى كۆپرەك بولغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ قانۇن مەدەنىيىتى ئەنئەنىسى ئىچىدە ئوتتۇرا غەربىي ئاسىيا ۋە ئىسلام قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى كۆپرەك. تەتقىقات ـ تەھلىل قىلىش داۋامىدا بۇنداق ئوبيېكتىپ مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم. ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت، تارىخىي جەريان، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىش ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىش مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا تولىمۇ زۆرۈر.

بۈگۈنكى كۈندە دۆلەت ئىچىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىقتىسادىدا زور دەرىجىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئورتاق يۈكسىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىش يۈزلىنىشى بولۇپمۇ قانۇن مەدەنىيىتىدە كۈنسېرى روشەنلەشمەكتە. لېكىن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى پەرقلەر يەنە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولىدۇ، بۇنىڭدىن بىراقلا ھالقىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. دەل مۇشۇنداق پەرقلەر مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ھەرقايسى مىللەت پۇقرالىرىنىڭ دۆلەتنىڭ تۈرلۈك قانۇن ـ قائىدىلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، قىممەت قارىشى، تونۇشى جەھەتلەردە پەرقلەر مەۋجۇت بولىدۇ. بۇلار بىزنىڭ مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىشىمىزنىڭ بىۋاسىتە، رېئال بولغان سەۋەبىدۇر. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى، ئاپتونومىيە قانۇنى قاتارلىقلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا «شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى» گە ئاساسەن ئاپتونومىيىلىك قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ۋە ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىش، جانلىق ئىجرا قىلىش ھوقۇقلىرىنى بېرىشىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. ئومۇمەن، بىز ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي قانۇن مەدەنىيىتىنى ئاكتىپ، ئىلمىي، ئەستايىدىل ھالدا تەتقىق قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سالىدىغان قانۇنلارنى تېخىمۇ تېز، سۈپەتلىك تۈزۈپ چىقىش ۋە دۆلەت قانۇنلىرىنىڭ كەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن ئىلمىي، قوللىنىشچان بولىدىغان نەزەرىيە ئاساسلىرى بىلەن تەمىنلىشىمىز لازىم.

**ئىزاھلار:**


① سون گوخۇا باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «قانۇنشۇناسلىق ئاساسىي نەزەرىيىسى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى، 306 ـ بەت.

② لىيۇ زوشياڭ: «قانۇن مەدەنىيىتى نەزەرىيىسى»، سودا كىتاب باسمىخانىسى، 1999 ـ يىل نەشرى، 42 ـ بەت.

③ (ئامېرىكا) S.L ۋىنبورگ، W.J ۋىنبورگ: «ئامېرىكىنىڭ قانۇن مەدەنىيىتى ھەققىدە»، فەن خەندىيەن تەرجىمىسى، «قانۇن تەرجىمىلىرى مەجمۇئەسى» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان، 1 ـ بەت.

④ ۋۇشۇچېن: «جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى، 32 ـ بەت.

⑤ لوجيې: «جۇڭگو مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى توغرىسىدىكى تەپەككۇرلار»، «نەزەرىيە ئالدىنقى سېپى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان، 9 ـ بەت.

⑥ (ئامېرىكا) فىردمان: «قانۇن تۈزۈم»، لىچيۇڭيىڭ قاتارلىقلار تەرجىمىسى، جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى، 223 ـ بەت.

⑦⑨⑩⑪⑬⑭ شۈي جۇڭچى، جاڭ شىشېڭ، جاڭ شياۋخۇي: «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنى ئۈستىدە تەتقىقات»، يۈننەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى، 67 ـ، 22 ـ، 23 ـ، 25 ـ، 30 ـ، 67 ـ، 5 ـ بەتلەر.

⑧ لىيۇگۋاڭئەن: «چىڭ دەۋرىدىكى مىللىي قانۇن چىقىرىش ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە»، «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىللىق 6 ـ سانى؛ جېڭ چېن: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى قانۇن ـ تەدبىرلىرى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا قاراڭ.

⑫ سېي شاڭسى: «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قانداشلىقى ۋە مەدەنىيەت»، ۋېنخۇيباۋ گېزىتىنىڭ 1984 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى سانى، 3 ـ بەت.

⑮⑯ جاڭ شاۋخۇي باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو قانۇنلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يولغا قويۇلۇشى»، يۈننەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى، 270 ـ، 272 ـ بەتلەر.

⑰ خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى چىقارغان «گېزىت ـ ژۇرناللاردىن كۆپەيتىپ بېسىلغان ماتېرىياللار»، «مىللەتشۇناسلىق»، 2000 ـ يىللىق 3 ـ سان، 13 ـ بەت.



**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

www.uyghurkitap.com

2005 ـ يىلى 12 ـ ئاي    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    26 ـ يىللىق 4 ـ سان
第26卷第4期　　新疆大学学报(哲学社会科学维文版)　　2005年12月

# سودىيىلەرنىڭ كەسىپ ئەخلاقى بىلەن ئەدلىيە ئادىللىقىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ئەركىن سامساق*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەزكۇر ماقالىدە، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان جەمئىيەتتە سودىيىلەرنىڭ تۇتقان ئورنى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئالغان بۇرچى، سودىيىلەرنىڭ ئادىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت تۈپ مەسئۇلىيىتى بىلەن ئەدلىيە ئادىللىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**:本文论述法制社会中审判员的地位和他们肩负的责任,审判员实现公正的根本责任与他们的职业道德的关系。

**Abstract**: The paper elaborates the status and responsibilities of judges in the legal system oriented society. And also, it brings about the relationship between fair and essential responsibility of judges and their professional morality.

ئىنسانلار تارىخىدا جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مۇئەييەن ئۆلچەم بويىچە ئادىل ياكى ئادىل ئەمەس دەپ ئايرىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپلا، ئادىللىق ياكى ئادالەت ئىنسانلار كۈچلۈك ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان گۈزەل ئەخلاق، ئۇلۇغۋار غايە بولۇپ كەلدى. ھەممە كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان مەۋقەدە تۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلارنى چىقىش قىلىپ، ئادىللىق ياكى ئادالەتنى چۈشەندى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئادىل ياكى ئادىل ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىپ كەلدى. جۈملىدىن كۆپلىگەن قانۇنشۇناسلار، سىياسىئونلار، مۇتەپەككۇر پەيلاسوپلار ئادالەت ياكى ئادىللىققا ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە تەبىر بېرىپ، ئادالەت ياكى ئادىللىقنى ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلىشقان ياكى بەرپا قىلماقچى بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئالىي قىممىتى ياكى يۈكسەك قانۇن مەقسىتى دەپ قارىدى. بۇنىڭ تىپىك مىسالى سۈپىتىدە ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر پەيلاسوپى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جون راۋلىس (John Rawls) نىڭ: «ئادالەت ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى ئەڭ مۇھىم قىممەتتۇر. بۇ خۇددى ھەقىقەت ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدىكى ئەڭ مۇھىم قىممەت بولغانغا ئوخشاش …، ھەقىقەت بىلەن ئادالەت ئىنسانلار پائالىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم قىممەت بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇرەسسەلىشىشكە بولمايدۇ»① دېگەن بايانلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدا قانۇن بىلەن ئادالەتنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولۇپ، ھەرقانداق بىر خىل قانۇن ـ تۈزۈم ئادالەتنى ئۆزىنىڭ يۈكسەك قىممىتى ۋە تۈپ نىشانى قىلغان بولىدۇ. شۇنداقلا ھەرقانداق شەكىلدىكى ئادىللىق مۇئەييەن قانۇن ـ تۈزۈم شارائىتىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپالايدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، قانۇننى ئادالەتنىڭ نايەندىسى ۋە مۇجەسسەملىنىشى دېيىشكە بولىدۇ. تارىخقا نەزەر تاشلىغاندا، تۈرلۈك ئىجتىمائىي فورماتسىيە ھالىتىدە ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ شەكلى ۋە يوللىرى كۆپ خىل بولۇپ كەلگەن. بىراق دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش

* ئەركىن سامساق: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى، قانۇنشۇناسلىق ماگىستىرى. 830046

تەكتىلەنگەن ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان مەدەنىي جەمئىيەتتە قانۇن ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئىلمىي ۋە ئىشەنچلىك ۋاستىسىدۇر. بولۇپمۇ ئەدلىيە سوت تەرتىپى بولسا ئادىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق، ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئەڭ ئاخىرقى ۋاستىسى بولۇپ، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان جەمئىيەتتە ئەدلىيە ئورگىنى (سوت مەھكىمىسى) ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ئاخىرقى قورغان، ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىقىنى يولغا قويۇشتىكى ئەڭ ئاخىرقى كاپالەتتۇر. شۇنىڭدەك، سودىيە شۇ جەمئىيەتتە قانۇننىڭ سىمۋولى ۋە ئادالەتنىڭ ئەڭ تىپىك ۋە ئەڭ مۇھىم قوغدىغۇچىسىدۇر. بۇ توغرىسىدا ئامېرىكىلىق داڭلىق قانۇنشۇناس، نيۇ - يورك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى رونالد دۋوركىن (Ronald Dworkin) ئۆزىنىڭ «قانۇن ئىمپېرىيىسى» دېگەن نوپۇزلۇق ئەسىرىدە: «سوت مەھكىمىسى قانۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاستانىسى، سودىيە بولسا قانۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ خاقانىدۇر»② دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئىجتىمائىي ئادىللىقنىڭ قورغانى بولغان ئەدلىيىنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە پائالىيەت جەريانىدىن قارىغاندا، مۇئەييەن دەۋا تەرتىپى ئاساسىدا پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ، تۈرلۈك ھەق تەلەپ، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي ۋە جىنايى ئىشلار دېلوسى شەكلىدە ئىپادىلەنگەن ئىجتىمائىي تالاش - تارتىش ۋە ماجىرالارنى تىنجىتىپ، نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە قوغداپ، جەمئىيەتتىكى ئوخشاش بولمىغان قانۇن سۇبيېكتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى باراۋەر ھالدا كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئىجتىمائىي ئادىللىقنى كونكرېت ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھازىرقى زامان ئەدلىيىسىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە مۇقەددەس بۇرچى. ئادەتتە ئەدلىيە ئادىللىقى ئەدلىيە پائالىيىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ كونكرېت دېلولاردا قانۇننى توغرا، باراۋەر تەتبىقلاش، دەۋا تەرتىپى قېلىپلاشقان بولۇش ۋە ھۆكۈم نەتىجىسى ئادىل، مۇۋاپىق چىقىرىلغان بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئۈچ تەرەپ ئۆزئارا زىچ بىرلىشىپ، ئەدلىيە ئادىللىقىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەدلىيە ھۆكۈم نەتىجىسىنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولۇپ، ئەدلىيە پائالىيىتى جەريانىدىكى ھەربىر دېلونىڭ ھۆكۈم نەتىجىسى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى كونكرېت ۋە ئايرىم ئادىللىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى شۇ جەمئىيەتتىكى ئەدلىيە تۈزۈمى ۋە سودىيىلەرنىڭ سوت قىلىش پائالىيەت تەرتىپى ئارقىلىق ئەكس ئېتىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەدلىيە ئادىللىقىنىڭ نامايەندىسى بولغان توغرا ئەدلىيە ھۆكۈمى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ قانۇنغا بولغان توغرا چۈشەنچىسى، ھۆرمىتى، ئىشەنچىسى ۋە رىئايە قىلىش ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىراق ئەدلىيە ئادىللىقى قانۇننى توغرا تەتبىقلاش، دەۋا تەرتىپى قېلىپلاشقان بولۇش ۋە ھۆكۈم نەتىجىسى ئادىل، توغرا بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ زىچ بىرلەشمىسى بولغاچقا، قانۇننى توغرا تەتبىقلاش ۋە دەۋا تەرتىپى قېلىپلاشقان بولۇش توغرا، ئادىل ئەدلىيە ھۆكۈمىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتىدۇر. ئەگەر قانۇننى تەتبىقلاش توغرا بولمىسا ياكى دەۋا تەرتىپى قېلىپلاشمىسا، ئۇ نۇقتا مۇقەررەر ھالدا ناھەق، ئادالەتسىز ئەدلىيە ھۆكۈمى چىقىرىلىپ، ئەدلىيە پائالىيىتى ئۆزىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى يوقىتىدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ خاس تەلىپى يەنى ئادىل، توغرا بولغان ئەدلىيە ھۆكۈمىنى چىقىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى — پۈتكۈل ئەدلىيە پائالىيىتى جەريانىدا سودىيە دەۋا قانۇن مۇناسىۋىتىدىكى مەنپەئەت جەھەتتە بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى تۇرغان ئىككى تەرەپكە (دەۋالاشقۇچىلار بىلەن ئەيىپلەنگۈچىلەرگە) ئادىل، ئوخشاش ۋە باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ ھەمدە ھەر ئىككىلا تەرەپ بىلەن مۇۋاپىق ئارىلىق ساقلاپ، ھېچقانداق بىر تەرەپكە يان باسماي ۋە ئېغىپ كەتمەي بىتەرەپ ھالەتتە تۇرۇشى، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ تەشەببۇسلىرى ۋە تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، سوغۇققانلىق بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت. سودىيىلەرنىڭ ئەدلىيە پائالىيىتى جەريانىدا بىتەرەپ ھالەتتە تۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىشى يېقىنقى زاماندا ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلگەن ۋە دەۋر سۈرگەن تەبىئىي ئادىللىق (Natural justice) نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، مەزكۇر نەزەرىيىدە تەكىتلەنگەن تەبىئىي ئادىللىقنىڭ ئۆلچىمى ئىككى تەرەپكە يىغىنچاقلانغان. ئۇنىڭ بىرى، ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ دېلوسىدا سودىيىلىك قىلماسلىق؛ يەنە بىرى، سودىيە دەۋادىكى ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ بېقىشتىن ئىبارەت. ھازىرقى زامانغا كەلگەندە بولسا، ئامېرىكىلىق قانۇنشۇناس مارتىن گولدىڭ (Martin Golding) مەزكۇر ئۆلچەمنى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپكە كېڭەيتىپ چۈشەندۈرگەن.

(1) ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېلولاردا سودىيىلىك قىلماسلىق. (2) ھۆكۈم نەتىجىسىگە تالاش - تارتىشنى (دەۋانى) ھەل قىلغۇچىنىڭ مەنپەئەتى ئارىلىشىپ قالماسلىق. (3) تالاش - تارتىشنى ھەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىشتا مەلۇم بىر تەرەپنىڭ بىر تەرەپلىمە كۆز قارىشىنى قوللىماسلىق ياكى ئۇنىڭغا قارشى چىقماسلىق»③. دېمەك، بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سودىيىلەردىن يۈكسەك ئورۇندا تۇرۇپ، مۇستەقىل، ئۆزىگە خاس خىسلەتكە ۋە پەزىلەتكە ئىگە بولۇپ، ئۆز ۋىجدانىنى كەسپىي پائالىيىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

. ھەممىگە مەلۇمكى، سودىيە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ھەققانىيەتنىڭ ھامىيسى، ئادالەتنىڭ سىمۋولىدۇر. شۇڭلاشقا غەرب ئەللىرىدە كىشىلەر سودىيىنى «تەڭرىدىن كېيىنلا تۇرىدىغان مۇكەممەل ئادەم» دەپ تەرىپلىشىدۇ. قەدىمكى رىمدا ئۆتكەن مۇتەپەككۇر ماركۇس سىسېرو (Marcus Cicero): «شان ـ شەرەپ گۈزەل ئەخلاق ئۈچۈن بېرىلگەن ئىنئامدۇر» دېگەنىدى. دېمەك، سودىيىلەر ئۈچۈن بېرىلگەن يۇقىرىقىدەك شان ـ شەرەپ ۋە مەدھىيىلەر ئۇلاردىن ئۆزىگە خاس مۇكەممەل بىلىم قۇرۇلمىسىغا ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەڭ مۇھىمى، ئالىيجاناب كەسپىي ئەخلاققا، ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداق بولسا سودىيىلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان كەسپىي ئەخلاق ۋە پەزىلەت قانداق يېتىلدۈرۈلىدۇ ھەمدە ئۇ ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قانداق رول ئوينايدۇ؟ مەلۇمكى، ئەخلاق ئىنسانلار جەمئىيىتىدە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان ۋە قېلىپلاشتۇرىدىغان ئالاھىدە ھەرىكەت قائىدىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىدە، ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ھەرىكىتى بولغان كەسپىي پائالىيىتى داۋامىدا ئەخلاقنىڭ ئوينايدىغان رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. جۈملىدىن ئەدلىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆزىنىڭ مەخسۇس كەسپى قىلغان، ئادىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مۇقەددەس بۇرچ قىلغان سودىيىلەر ئۈچۈن كەسپىي ئەخلاقنىڭ رولى ۋە ئورنى تېخىمۇ چوڭ ۋە مۇھىم بولىدۇ.

سودىيىلەر جەمئىيەت ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاقىغا رىئايە قىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار ئالاھىدە، مۇقەددەس كەسپىنىڭ ئىگىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن يەنە ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي پائالىيىتى تەلەپ قىلىدىغان ئالاھىدە ئەخلاق — سودىيىلەر كەسپىي ئەخلاقىغىمۇ رىئايە قىلىشى شەرت. ئۇنداق بولسا سودىيىلەر كەسپىي ئەخلاقى دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ سودىيىلەر كەسپىي ئەخلاقى مۇئەييەن جەمئىيەتتىكى ئەدلىيە كەسپىي ئەخلاقىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، سوت قىلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ئۆزلىرىنىڭ سوت قىلىش، دېلولارغا ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىبارەت كەسپىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش داۋامىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەرىكەت قائىدىسى ۋە ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ئەخلاق ـ پەزىلەتتىمدۇر. سودىيىلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاقى يالغۇز سودىيىدىن ئىبارەت يەككە شەخسنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پۈتكۈل ئەدلىيە سىستېمىسىنىڭ سوت قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىبارەت كەسپىي پائالىيىتى جەريانىدا چەكلەپ تۇرۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. سودىيىلىك كەسپىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى سودىيىلەر كەسپىي ئەخلاقىنىڭ ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاققا قارىغاندا تېخىمۇ كەسكىنلىكىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئادالەتنىڭ سىمۋولى ۋە ھامىيسى بولغان سودىيە مۇقەددەس كەسپىنى تاللىغان ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپىي پائالىيىتى جەريانىدا ئادىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى جەمئىيەتتە ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىشنىڭ مۇھىم بەلگىسى قىلىشى لازىم. بىراق ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇرەككەپ بولىدۇ، كىشىلەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر تورى ئىچىدە ياشايدۇ ھەمدە ئۇلار تۈرلۈك مەنپەئەتكە موھتاج بولىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان سودىيە ئىلاھ، پەرىشتە ئەمەس، بەلكى مەزكۇر جەمئىيەتتىكى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئۇلارنىڭمۇ تۈرلۈك ئېھتىياجى، مەنپەئىتى، ھەۋىسى بولىدۇ ھەم شۇنداقلا مەزكۇر جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر تورى بىلەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر باغلانغان بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئادالەتنىڭ ھامىيسى دەپ نام ئالغان سودىيىدىن ئادەتتىكى كىشىلەردىن پەرقلىنىدىغان ئۆلچەملەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئەدلىيە پائالىيىتى جەريانىدا سودىيە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت تالاش ـ تارتىشلىرىغا قارىتا ھۆكۈم ـ كېسىم چىقىرىشتا كەسپىي قابىلىيەت، بىلىم قۇرۇلما، قانۇن ئېتىقادى ۋە كەسپىي ئەخلاق ـ پەزىلەتتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېغىر سىناققا دۇچ كېلىدۇ. ئەگەر شۇ ۋاقىتتا سودىيە يۈكسەك كەسپىي ئەخلاققا، ئېسىل ئىدىيىۋى خىسلەتكە ۋە كۈچلۈك كەسپچانلىققا ئىگە بولسا، ئۇ ھالدا كونكرېت دېلولاردا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىپ، ئادالەتنى نامايان قىلىشى مۇمكىن. ئەكسىچە بولغاندا، يالغۇز بىر دېلودا خاتا

ھۆكۈم چىقىرىپ، ئادالەتنى دەپسەندە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى، «قانۇن ئىمپېرىيىسى» نىڭ گەۋدىسىگە دەز كەتكۈزۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ قانۇنغا نىسبەتەن گۇمانىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ قانۇن ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرۇشى، بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئادالەتنىڭ مەنبەسىگە داغ چۈشىشى مۇمكىن.

قانۇن بىلەن سوددىيىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، قانۇننى جانسىز (سۆزلىيەلمەيدىغان) سوددىيە، سوددىيىنى بولسا جانلىق (سۆزلىيەلەيدىغان) قانۇن دېيىشكە بولىدۇ. پەقەت سوددىيە بولغاندىلا، ئاندىن قانۇن مەنىۋىيەت (ئىدىيىۋى) ئالەمدىن مەۋجۇدىيەت ئالەمىگە ئۆتۈپ، ئادىللىق ئىدىيىۋى ھالەتتىن رېئال ھالەتكە ئۆتىدۇ. لېكىن بۇ ئوخشاشلا ئالدى بىلەن سوددىيىدىن ئېسىل ئىدىيىۋى خىسلەتكە، گۈزەل كەسپىي ئەخلاقتا ۋە يۈكسەك كەسپچانلىق روھىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. گۈزەل ئەخلاق ۋە كەسپچانلىق روھى قانۇن ئادىللىقىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ جانلاندۇرىدۇ. ئادەتتە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئەدلىيىنىڭ ئادىل بولماسلىقى، ئاساسلىقى ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ چىرىكلىشىشى تۈپەيلىدىن بولىدۇ. ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ چىرىكلىشىشىنى تەھلىل قىلغاندا، چىرىكلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر كۆپ خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنىڭ كەمچىل بولۇشى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرىدۇر. سوددىيەلەرنىڭ ئەخلاق جەھەتتە تەربىيىلىنىشىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى، غايە ـ ئېتىقادىنىڭ يوقلۇقى، مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنىڭ ئاجىزلىقى، ۋىجدان، غۇرۇرىنىڭ كەملىكى، ئادىللىق ئېڭىنىڭ سۇسلۇقى ۋە مال ـ دۇنيا، مەنپەئەت، راھەت ـ پاراغەتنى ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ تۈپ مەقسىتى قىلغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، سوددىيەلەردە يۇقىرىقى تەرەپلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۇلارنىڭ مۇقەررەر ھالدا چىرىكلىشىشكە قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ بىشارىتىدۇر. بۇ ھەم ئۆز نۆۋىتىدە ئادالەتسىز ئەدلىيىنىڭ باشلانمىسىدۇر. ئۇنداقتا سوددىيەلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاقىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟ ئۇ سوددىيەلەردىن نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ؟ ماتېرىيالىزم مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ھامان مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. ماركس: «تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، كىشىلەر ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردە ھامان ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق قارىشىغا ئىگە بولىدۇ»④ دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى يۇنانىدىكى پەيلاسوپ دېموكرات: «كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئەخلاق — پەزىلىتى تەجرىبىسىنىڭ نەتىجىسى، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ تۇغما تەبىئىيىتى ئەمەس». دېگەنىدى. دېمەك، مەلۇم جەمئىيەتتىكى كەسىپ ئەخلاقى شۇ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتى ۋە تەجرىبىسى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن. جۈملىدىن سوددىيەلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاقىمۇ سوددىيەلەرنىڭ ئەدلىيە ئەمەلىيىتى ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ھەمدە سوددىيەلەر تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ئالاھىدە ھەرىكەت قائىدىسى بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە سوددىيەلەرنىڭ پۈتكۈل كەسپىگە قارىتا قېلىپلاشتۇرۇش، يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. بىراق مۇئەييەن جەمئىيەتتە سوددىيەلەر ئوتتۇرىسىدا كەسپىي ئەخلاق ساپاسى جەھەتتە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى پەرق بولىدۇ. بۇ خىل پەرق ئاساسەن ئۇلارغا قارىتا مەركەزلىك ھالدا خىلمۇخىل ئۇسۇل ۋە يوللار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق ئازايتىلىدۇ. بۇلاردىن سوددىيەلەرنىڭ ئەخلاق تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئەخلاق ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش، ئەخلاق ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇش ۋە تاۋلاش، ئەخلاق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە سوددىيەلەرنىڭ ئەخلاق تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش سوددىيەلەردە كەسپىي ئەخلاق تۇرغۇزۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسىدۇر. ئەگەر سوددىيەلەردە ئەخلاققا قارىتا توغرا تونۇش بولمىسا ئۇلاردا ئەخلاق ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلاردا ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. سوددىيەلەرنىڭ ئەخلاق ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇش ۋە تاۋلاش بولسا سوددىيەلەردە كەسپىي ئەخلاق شەكىللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتىدۇر. ئەخلاق ئىرادىسى كىشىلەرنىڭ ئەخلاق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ئەخلاققا خىلاپ كېلىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى يېڭىشتىن ئىبارەت غەيرەت ـ شىجائىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا سوددىيەلەردە بۇخىل چىدام ـ شىجائەتنىڭ بولۇشى ئۇلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق ساپاسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. سوددىيەلەرنىڭ ئەخلاق ئىشەنچىسى سوددىيەلەر كەسپىي ئەخلاقىنىڭ يادروسى بولۇپ، ئۇ سوددىيەلەرنىڭ ئەدلىيە پائالىيىتى جەريانىدىكى مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش، ئادالەتنى

www.uyghurkitap.com

ياقلاش، رەزىللىككە قارشى تۇرۇشنى مەزمۇن قىلغان ئەخلاق تونۇشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەخلاق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىقىدىن ئىبارەت. ئۇ سودىيىلەرنىڭ كەسپىي پائالىيىتىگە قارىتا يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. سودىيىلەرنىڭ ئەخلاق ئادىتى سودىيىلەرنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئىكەنلىكى، ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ ياخشى - يامان ئىكەنلىكىنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم ئۆلچەمدۇر. دېمەك، يۇقىرىقى تەرەپلەر ئۆز ئارا بىر - بىرىگە باغلىنىپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، سودىيەلەر كەسپىي ئەخلاقىنىڭ بىر پۈتۈن قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

سودىيىلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاقى مۇئەييەن جەمئىيەتتە ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، دۆلەتنىڭ تىنچ، مۇقىم ھالدا روناق تېپىشىغا قارىتا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىلدىن ئىبارەت. جۈملىدىن دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى باسقۇچىدا ئۇ دۆلىتىمىز ئەدلىيە ئىسلاھاتى جەريانىدا كۆپ تەكىتلىنىۋاتقان، ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان تەرەپتۇر. دۆلىتىمىز ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھازىرقى باشلىقى، ئالىي باش سودىيە شياۋياڭ ئەپەندى: «خەلق سودىيىلىرىنىڭ ياخشى پەزىلەتكە، ئالىيجاناب ئەخلاققا ئىگە بولۇش - بولماسلىقى پۈتكۈل ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قارىتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ تەكىتلىگەنىدى. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ «سودىيىلەر قانۇنى»، «خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» قاتارلىق قانۇن بەلگىلىمىلىرى ئاساسىدا دۆلىتىمىز خەلق سودىيىلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاق قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە سودىيىلەرگە تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن مۇھىم تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

(1) سودىيىلەرنىڭ ساداقىتى. بۇ دۆلىتىمىز سودىيىلەر كەسپىي ئەخلاقىنىڭ ئەڭ ئالىي پرىنسىپى بولۇپ، ئۇ سودىيىلەردىن پۈتكۈل ئەدلىيە پائالىيىتى جەريانىدا دۆلەتكە، خەلققە، بولۇپمۇ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنغا سادىق بولۇپ، ھەققانىيەتنى ياقلاپ، رەزىللىككە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سودىيىلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇنغا سادىق بولۇشى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەتتە سودىيىلەرگە قويۇلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپتۇر. سودىيىلەر ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇنغا سادىق بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قانۇننى چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشى لازىم. سودىيىنىڭ قانۇنغا بولغان ئېتىقادى ئۇنىڭ ئادالەتنى ياقلاش روھى ۋە قانۇننى قوغداش جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇنىڭ ھەققانىيەت يولىدا ئۆزىنى بېغىشلىشى ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ رول ئوينايدۇ. بۇ ئۆز تۆۋىتىدە سودىيىنى يۈكسەك كەسپىي مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە قىلىدۇ. قانۇن ئېتىقادى نورمال جەمئىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك ئېتىقادنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بۇ ھەقتە ئامېرىكىلىق قانۇنشۇناس بورمان (Borman): «قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان جەمئىيەتتە قانۇن ئېتىقادى بولۇش لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، قانۇن شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدۇ» دېگەنىدى. بۇ يەردىكى قانۇن ئېتىقادى جەمئىيەتتىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئەگەر قانۇن قوغدىغۇچىسى بولغان سودىيىدە بۇ خىل ئېتىقاد ھازىرلانماي تۇرۇپ، ئاۋامدىن قانۇن ئېتىقادى بولۇشنى تەلەپ قىلىش ئەخمىقانىلىقتۇر.

(2) سودىيىلەرنىڭ ئادىللىق كۆز قارىشى. بۇ سودىيىلەرگە قويۇلغان ئەڭ تۈپكى ۋە ئەڭ يادرولۇق بولغان كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمى بولۇپ، بۇ سودىيىلەردىن كەسپىي پائالىيەت داۋامىدا قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشتىن ئىبارەت قانۇن پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى تەرەپ دەۋالاشقۇچىلىرىغا ئوخشاش، باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، «تەبىئىي ئادىللىق» نەزەرىيىسىنىڭ ئۆلچەملىرىنى ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتىدە تەتبىقلاپ، ئوخشاش دېلولاردىن ئوخشاش ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەدلىيە پائالىيىتىنىڭ بارلىق جەريانى، جۈملىدىن ھۆكۈم - كېسىم پائالىيىتىنىڭ ئاشكارا ۋە دەل ۋاقتىدا بولۇشى، كەينىگە سۈرۈلۈپ كېچىكتۈرۈلۈپ كەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. غەرب ئەللىرىدە كىشىلەر ئارىسىدا «ئادالەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۆرۈنىدىغان شەكىلدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى لازىم» دەيدىغان قاراش بار بولۇپ، بۇ قاراش سودىيىلەردىن سوت قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بارغاندا قانۇندا ئايرىم بەلگىلىمە بار بولغاندىن باشقا ئەھۋاللاردا پائالىيەتنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە نەتىجىسىدىن بارلىق كىشىلەرنىڭ تولۇق خەۋەردار بولۇشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، مەخپىي ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت كىشىلەرگە سىرلىق تۇيۇلىدۇ ھەمدە ئاسانلا كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغايدۇ. ئەدلىيە سوت قىلىش پائالىيىتى ئادالەتنى نامايان قىلىشنى تۈپ مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ئۇ مەيلى جەريانى بولسۇن ياكى نەتىجىسى بولسۇن كىشىلەرگە ئاشكارا بولغاندىلا، ئاندىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىدۇ. بولۇپمۇ سودىيىنىڭ ئەدلىيە سوت قىلىش پائالىيىتى جەريانىدىكى ئۇسلۇبى، ئىپادىسى، قىياپىتى قاتارلىقلار دەۋالاشقۇچىلارغا ۋە ئاممىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ قانۇنغا بولغان چۈشەنچىسىنى ۋە ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ. ئەگەر بۇلار مەخپىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىلسا، ئۇ ھالدا ئەدلىيە ئادىللىقىغا قارىتا كىشىلەرنىڭ گۇمانى ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا،

يەنە ئەدلىيە ئادىللىقى كۆز قارىشى سودىيىدىن تالاش - تارتىش، ماجىرالارنى دەل ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشنى، كەينىگە سۈرۈۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوخشاشلا غەرب ئەللىرىدە «كېچىكىپ كەلگەن ئادالەت ئادالەت ئەمەس» دەيدىغان ئەقلىيە سۆز بار بولۇپ، ئەدلىيە پائالىيىتىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىپ، كىشىلەرنىڭ ئەدلىيىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەدلىيىنىڭ نوپۇزى ۋە ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، سودىيىلەرنىڭ ئادىللىق كۆزقارىشى سودىيىلەر كەسپىي ئەخلاقىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر.

(3) سودىيىنىڭ پاك - دىيانەتلىكى. چىرىكلىك ئەدلىيىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى. پاك - دىيانەتلىك ئادالەتنىڭ مۇھىم شەرتى ۋە كاپالىتىدۇر. پاك - دىيانەتلىك سودىيە ئادالەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، كىشىلەرنىڭ قانۇنغا بولغان ئېتىقادىنى كۈچەيتەلەيدۇ. ئەكسىچە چىرىكلەشكەن، ئىنساپسىز، ۋىجدانسىز سودىيە ئۆزىنىڭ ئادالەتسىز ئەدلىيە پائالىيىتى ۋە ناھەق ھۆكۈمى ئارقىلىق يالغۇز ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پۈتكۈل ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئوبرازىغا داغ چۈشۈرۈپ، قانۇننىڭ نوپۇزىنى دەپسەندە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ ۋە قانۇنشۇناس فرانسىس باكون (Fransis Bacon): «بىر قېتىملىق ئادالەتسىز، ناھەق ئەدلىيە ھۆكۈمىنىڭ زىيىنى ئون قېتىملىق جىنايەتنىڭ زىيىنىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. چۈنكى جىنايەت قانۇنغىلا خىلاپلىق قىلىدۇ. بۇ خۇددى پەقەت سۇنىڭ ئېقىنى بۇلغانغانغا ئوخشاش ئىش. لېكىن ئادالەتسىز ئەدلىيە ھۆكۈمى بولسا پۈتكۈل قانۇننى ۋەيران قىلىدۇ. بۇ خۇددى سۇنىڭ مەنبەسى بۇلغانغانغا ئوخشاش ئىش»⑤ دېگەنىدى. دېمەك، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پاك - دىيانەتلىك بولۇشمۇ سودىيە كەسپىي ئەخلاقىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، لاياقەتلىك سودىيىنىڭ مۇھىم ئۆلچىمىدۇر.

(4) سودىيىنىڭ مەدەنىيلىكى. سودىيىلەرنىڭ مەدەنىيەتلىك بولۇشى سودىيىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتىگە ۋە تاشقى قىياپىتىگە قارىتىلغان بولۇپ، سودىيىلەر كۈندىلىك پائالىيىتى داۋامىدا كىشىلەرگە، بولۇپمۇ دەۋالاشقۇچىلارغا مەدەنىي، ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشى، سۆز - ھەرىكىتى قوپال بولماسلىقى، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. دانىيىلىك يازغۇچى ئىساك دىنېسېن (Issak Dinesen): «ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىنى كونترول قىلىش كىشىلەرنى يۈكسەك مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ» دېگەنىدى. سودىيىنىڭ مەدەنىي، ئىلمىي بولغان سۆز - ھەرىكىتى ۋە تاشقى قىياپىتى كىشىلەردە سودىيىگە قارىتا ئىشىنىش، ھۆرمەت قىلىش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈپ، سودىيىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئەكسىچە سۆز - ھەرىكەتتىكى قوپاللىق، شاللاقلىق، مەدەنىيەتسىزلىك ۋە زوراۋانلىق مەدەنىي جەمئىيەتتە سودىيىلەرنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ئەدلىيىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوققا چىقىرىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى بىرقانچە تەرەپلەر سودىيىلەر كەسپىي ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرۈپ، سودىيىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئادىل ئەدلىيە پائالىيىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئەگەر سودىيىلەردە يۇقىرىقى تەرەپلەرنىڭ بىرسىمۇ بولمىسا، كەسپىي ئەخلاق كەمچىل بولسا، ئۇ ھالدا ئەدلىيىنىڭ ئادىللىقىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. سودىيە ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان سودىيىنىڭ جەمئىيەتتە ئىناۋىتى ۋە ھۆرمىتىمۇ بولمايدۇ. سودىيىنىڭ قىلچىمۇ ھۆرمىتى بولمىغان جەمئىيەتتە قانۇننىڭ نوپۇزى قالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېتىقادى يوقايدۇ. بۇنداق جەمئىيەت ئاخىرى ھالاك بولۇش گىردابىغا قاراپ ماڭىدۇ.

## ئىزاھلار:


① جون راۋلىس: «ئادالەت نەزەرىيىسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى، 3 - بەت.

② رونالد دۋوركىن: «قانۇن ئىمپېرىيىسى»، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى، 361 - بەت.

③ مارتىن گولدىڭ: «قانۇن پەلسەپىسى»، «تۇرمۇش، ئوقۇش، يېڭى بىلىم» كىتابخانىسى نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى، 235 - بەت.

④ «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 - توم، خەلق نەشرىياتى نەشرى، 133 - بەت.

⑤ فرانسىس باكون: «كىشىلىك تۇرمۇش نەزەرىيىسى»، خۇالىڭ نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى، 154 - بەت.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

2005 - يىلى 12 - ئاي    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    26 - يىللىق 4 - سان
第 26 卷第 4 期    新疆大学学报(哲学社会科学维文版)    2005 年 12 月

# ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېر ئارقىلىق مۇلازىمەت قىلىش ھەققىدە

غۇنچەم سەمەت*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ مۇلازىمەت ئېلىپ بېرىشنىڭ جەريانى ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要：**本文讨论在高等学校图书馆实施多媒体服务的过程和应注意的问题。

**Abstract:** The paper describes the implementing process of multimedia service in university and college, and some problems that should be taken into consideration.

ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى — ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ماسلاشقان ھالدا يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان ۋە مەكتەپنىڭ پەن - تەتقىقات خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان مۇھىم مەدەنىيەت بازىسى ۋە ماتېرىيال ئۇچۇر مەركىزى.

ئوقۇتۇش بىلەن تەتقىقات — ئالىي مەكتەپلەردە بىلىملىك كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدىكى مۇھىم ئاساس. بۇ ئىككى تەرەپنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش ئاساسىدا مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيىسى بولۇپلا قالماي، نۆۋەتتە كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي بىلىم سەۋىيىسى ۋە ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ يېڭىلىنىشى ھەمدە مەكتەپ پەن - تەتقىقات خىزمىتىنىڭ جانلىنىشىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولۇپ، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات نىشانى بولۇپ قالدى.

ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى بۇ تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كۇتۇپخانىنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاشقا، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، كۇتۇپخانىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش ۋە پەن - تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەممىيلەنگە ئايان، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشى پەن - تەتقىقات ساھەسىگە بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭى تەرەققىياتلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىپ، ئىنسانلار زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلىم ۋە ئۇچۇر سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا تۇتقان ئورنى كۈندىن - كۈنگە گەۋدىلىنىپ، ئۇنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئومۇملىشىش دەرىجىسى بۇ ساھە تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمگە ئايلاندى.

جۈملىدىن يېقىنقى بىرنەچچە يىل مابەينىدە كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېر ۋە كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېر تورىنىڭ بارلىققا كېلىشى مائارىپ ۋە ئاخبارات ئۇچۇر ساھەسىنى زامانىۋى مۇھىتقا ئىگە قىلدى. كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ ئوقۇتۇش، پەن - تەتقىقات ۋە ئاخبارات ئۇچۇر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە بۇلارنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش، ئەنئەنىۋى شەكىل بىلەن زامانىۋى ئۇسۇلنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنى بىر

• غۇنچەم سەمەت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ خادىمى. 830046

گەۋدىلەشتۈرۈش، گۈزەل مۇلازىمەت مۇھىتى ئاساسىدىكى يۇقىرى مۇلازىمەت سۈپىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئوقۇتۇش، تەتقىقات ۋە ئۇچۇر يەتكۈزۈش بىر گەۋدە قىلىنغان ھازىرقى زامان ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ قالدى، شۇنداقلا دەۋرنىڭ تەقەززاسىغا ئايلىنىپ قالدى.

تۆۋەندە مەن ئۆزەمنىڭ بۇ ھەقتىكى يۈزە مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

## 1. ماتېرىيال توپلاش

ماتېرىيال توپلاش — كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېر ئارقىلىق يەتكۈزۈلمەكچى بولغان ماتېرىياللارنى تەييارلاشنى كۆرسىتىدۇ.

ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئادەتتىكى ئاممىۋى كۇتۇپخانىلاردىن سەل ئالاھىدىرەك بولۇپ، مەيلى ماتېرىيال كىرگۈزۈش، مەيلى پىششىقلاپ ئىشلەشتە بولسۇن ۋە ياكى ئوقۇرمەنلىرى جەھەتتىن بولسۇن بەلگىلىك دەرىجىدە خاسلىققا ئىگە. ئۇ ئىككىنچى دەرسخانا بولۇش ۋە بىلىم ئۇچۇر مەركىزى بولۇشتەك قوش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش، قېزىش بىرقەدەر مۇھىم ۋە مۇرەككەپ مەسىلە. ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدىكى ماتېرىيال توپلاش ۋە تاللاش خىزمىتىنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقى، ئەتراپلىق بولۇش - بولماسلىقى، ماتېرىيال مەزمۇنىنىڭ كەڭ ھەم چوڭقۇر بولۇش - بولماسلىقى كۇتۇپخانا مۇلازىمىتىنىڭ ئەتراپلىق بولغان - بولمىغانلىقىنى، مۇلازىمەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن - كۆتۈرۈلمىگەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان تۈپ ئامىل.

ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىغاندا ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە ماتېرىيال توپلاش بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ نۆۋەتتىكى تۈپ تەلىپىنى قاندۇرۇشنى، كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېر ۋە كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېر تورىغا ماسلاشتۇرۇشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بۇنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

1) ئاساسىي تېما بويىچە ماتېرىيال توپلاش

ئوقۇتۇش — ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەڭ تۈپ ۋە ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى. باشقا خىزمەتلەر ئاساسەن مۇشۇ تۈپ ۋەزىپە ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلىدۇ. ئاساسىي تېما بويىچە ماتېرىيال توپلىغاندا مۇشۇ نۇقتا مەركەز قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، ھەرقانداق بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات جەھەتتە بولسۇن بەلگىلىك خاسلىققا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئاساسىي تېما بويىچە ماتېرىيال توپلىغاندا مۇشۇ نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈشى شەرت. مەسىلەن: ئۇنىۋېرسىتېتىمىز ئىلگىرى تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاساسىدا ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي پەنلەر بىرقەدەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى مەكتىپىمىزدە تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىن، باشقا سانائەت پەنلىرى قاتارلىق كەسپىي پەنلەردىن دەرس ئۆتۈلۈۋاتىدۇ. شۇڭا توپلانغان ماتېرىياللار جەزمەن مۇشۇ كاتېگورىيە ئىچىدە ئوقۇتۇشقا يېقىندىن ياردەم بېرىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى كېرەك.

2) مەخسۇس تېما بويىچە ماتېرىيال توپلاش

پەن - تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش، يېڭىلىق يارىتىش — ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپىسى، شۇنداقلا ئالىي مەكتەپلەرگە زور ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىپ بېرىدىغان مۇھىم ھالقا. مەخسۇس تېما بويىچە ماتېرىيال توپلىغاندا ئاساسەن مەكتەپنىڭ پەن - تەتقىقات جەھەتتىكى خىزمىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا مەخسۇس تېما بويىچە ماتېرىيال توپلىغاندا مەكتەپنىڭ ھەر باسقۇچلۇق، ھەر دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرلىرى بۇ خىزمەتنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتى قىلىنىدۇ. مەسىلەن: مەكتەپتىكى مەلۇم بىر فاكۇلتېت ياكى تەتقىقات ئورنى بىرەر تەتقىقات تېمىسى تاللىغان بولسا مەكتەپ كۇتۇپخانىسى ئۇلارغا يېقىندىن ماسلىشىپ، بارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا شارائىت ھازىرلىشى كېرەك.

3) ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى ماتېرىيال توپلاش

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى پەقەت مەكتەپكىلا مۇلازىمەت قىلىش رامكىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى مۇلازىمەت جەھەتتە مەكتەپتىن ھالقىپ، كەڭ جەمئىيەت ئەزالىرىغىچە كېڭەيدى. بۇنىڭ بىلەن ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر قوشۇنى زور دەرىجىدە كېڭەيدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىم جەھەتتىكى كۆپ قاتلام، كۆپ قۇتۇپ بولۇش ئالاھىدىلىكى شەكىللەندى. ئۇنىڭدىن باشقا، مائارىپ ساھەسىدىكى ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، كەسىپ قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە تەڭشىلىپ تۇرۇشى، يېڭى تۈرلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىشى، يېڭى كەسىپلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

توختىماي ئېچىلىپ تۇرۇشى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىغا يېڭى بېسىم ۋە يېڭى خىرىسلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇنداق ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا ماتېرىيال توپلىغاندا چوقۇم يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، شۇلارغا ماس كېلىدىغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى ماتېرىياللار توپلىنىدۇ. بۇنداق ماتېرىياللار كۇتۇپخانىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى نامايان قىلىدىغان تۈپ بەلگە.

مەيلى ئاساسىي تېما بويىچە ماتېرىيال توپلاش بولسۇن ياكى مەخسۇس تېما ۋە ياكى ئۇنىۋېرسال تېما بويىچە ماتېرىيال توپلاش بولسۇن ھەممىسى كۇتۇپخانىنىڭ ماتېرىيال ئۈچۈر ئامبىرىدىكى ماتېرىياللارنىڭ پىششىقلانغان ئىككىنچى، ھەتتا ئۈچىنچى قول ماتېرىياللىرى بولۇپ، بۇ بىرقەدەر يۇقىرى بىلىم سەۋىيە ۋە كۈچلۈك كەسپىي تېخنىكا بىلىمى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈشى، سىيلىنما كۆپرەك بولۇشى كېرەك.

## 2. مۇلازىمەت قىلىش

مۇلازىمەت قىلىش دېگەنلىك، توپلانغان ماتېرىياللارنى كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېر ۋە كومپيۇتېر تورىنىڭ ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە جەمئىيەتتىكى پەن ـ تەتقىقات خادىملىرىغا چۈشىنىشلىك، قولايلىق، تولۇق ۋە ئېنىق يەتكۈزۈپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېرنى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا قوللىنىشنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە تۈپ نىشانى.

كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ مۇلازىمەت ئېلىپ بارغاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە ئامىللارغا ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك.

1) ماتېرىيال مەزمۇنى ۋە مۇلازىمەت نىشانى ئېنىق بولۇش.

ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى مۇلازىمەت ئۇسۇلى بىلەن كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ مۇلازىمەت قىلىش ئۇسۇلىنى سېلىشتۇرغاندا، كېيىنكى ئۇسۇلنىڭ ماتېرىيال مەزمۇنى بىلەن يەتكۈزۈلىدىغان نىشانغا بولغان تەلىپى يۇقىرى بولىدۇ. بولۇپمۇ كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېردىن پايدىلانغاندا مۇلازىمەت نىشانى تولىمۇ مۇھىم. ئۇ بارلىق خىزمەتلەرنى يەنى ماتېرىيال بىلەن مۇلازىمەتنى قانداق ماسلاشتۇرۇش، يېڭى مۇلازىمەت مۇھىتىنى بەرپا قىلىش، كومپيۇتېر ئىقتىدارىدىن قانداق پايدىلىنىش قاتارلىقلارنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. شۇڭا ئالدى بىلەن مۇلازىمەت نىشانى بېكىتىلىشى، شۇنىڭغا ئاساسەن مۇلازىمەت ئۇسۇلى، ۋاقتى، تاكتىكىسى قاتارلىقلار بېكىتىلىشى كېرەك.

2) ماتېرىيال بىلەن مۇلازىمەت ۋاستىسىنى بىرلەشتۈرۈش.

بۇ ھۆججەت، ئۈچۈر، ماتېرىياللارنى كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېر ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بارلىق ماتېرىياللارنى كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېر تورىغا يۆتكەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىزدىن خىلمۇخىل ھۆججەت، ئۈچۈر، ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، تۈرى قاتارلىقلارنى سۈرەت، ھەرىكەتچان كۆرۈنۈش، ئاۋاز قاتارلىق كۆپ خىل ئۈچۈر يەتكۈزۈش ۋاستىلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى كومپيۇتېرنىڭ شۇ ساھەدىكى يۇمشاق دېتاللىرى ئارقىلىق مۇۋاپىق ۋە ئۈستىلىق بىلەن بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنى مۇكەممەل بولغان مۇلازىمەت سىستېمىسىغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن يۆتكەپ ئىشلىتىش تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، تارماق، تۈركۈملەرگە ئېنىق ئايرىپ، مەنبە ئامبىرى ئارقىلىق كومپيۇتېرنىڭ ساقلىغۇچى ئورنىدا ساقلاپ قويۇشىمىزنى كۆرسىتىدۇ.

ماتېرىيال مەنبەلىرىنى قانداق ئايرىش، قانداق رەتلەش، قانداق يەتكۈزۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلىپى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ماتېرىيال باشقۇرغۇچىنىڭ ماتېرىيال يەتكۈزۈش ئۇسۇلى، ئالاھىدىلىكى، تاكتىكىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشى، ماتېرىيال باشقۇرغۇچى بىلەن ئوقۇرمەن ئۆزئارا ماسلىشىشى كېرەك.

كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ كۇتۇپخانا مۇلازىمىتى ئېلىپ بارغاندا كۆڭۈلدە چوقۇم ئېنىق سان بولۇشى، ئىشلىتىلگەن يۇمشاق دېتال، كومپيۇتېرنىڭ ئىقتىدارىنى تاللاش قاتارلىقلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، مەشغۇلات جەريانى تەرتىپلىك، سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

3) مۇلازىمەت جەريانى ۋە مەشغۇلاتنى لايىھەلەش.

مۇلازىمەت جەريانى ۋە مەشغۇلاتنى لايىھەلەش كومپيۇتېر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان پۈتكۈل مۇلازىمەت جەريانى، تەرتىپى، مەزمۇنى، شەكلى قاتارلىقلارنى پىلانلاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مۇلازىمەت

ئۇنۇمى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتى ئاساسىدا كومپيۇتېردا ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇلازىمەتنىڭ ھەربىر ئىنچىكە ھالقىلىرىغا، ھەربىر ئامىللىرىغا قارىتا ئەتراپلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش، مۇلازىمەت خاراكتېرىگە، ئوبيېكتىغا ئاساسەن ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋاسىتىنى توغرا تاللاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ باسقۇچتا كومپيۇتېرنىڭ قايسى ئىقتىدارلىرىدىن پايدىلىنىش كېرەكلىكى ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت جەريانىدا قايسى باسقۇچتا، قانداق ۋاقىتتا، قايسى ھالقىلىرىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقى قاتارلىق مۇلازىمەت لايىھىسىگە دائىر مەسىلىلەر ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

ئادەتتە مۇلازىمەت جەريانىنى لايىھىلىگەندە كومپيۇتېر تورىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كونكرېت مەسىلىلەر ئىشتىن ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېر تورىنى قۇرغاندا ئۇنىڭ ئىقتىدارىمۇ كۇتۇپخانىنىڭ مۇلازىمەت ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلغان ھالدا قۇرۇلۇپ چىقىلىشى، ھەرگىزمۇ قىسقا ۋاقىتلىق ۋە تار دائىرىلىك ئىشلىتىش ئۈچۈنلا بولۇپ قالماسلىقى، ئىقتىدارى چەكلىك بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېر تورىدىن پايدىلىنىپ مۇلازىمەت ئېلىپ بارغاندا ھۆججەت، ئۇچۇر، ماتېرىياللارنىڭ تەرتىپى، تۈرى، مەزمۇنى قاتارلىقلار بەزى ئەھۋاللاردا بىر - بىرىگە باغلانماي، ئوقۇرمەنلەرگە بەزى قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئادەم ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇلازىمەت كومپيۇتېرغا يۆتكەلگەنلىكتىن، بەزىبىر ئىنچىكە، مۇجمەل جايلارنى سورىغىلى ياكى ماتېرىيالنىڭ ئۆزىنى بىۋاسىتە كۆرگىلى بولمايدۇ. ئوقۇرمەنلەر بىلەن كۇتۇپخانىدىكى ماتېرىياللار ئارىسىدا بەلگىلىك دەرىجىدە ئارىلىق پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ياكى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1) كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېر ئارقىلىق مۇلازىمەت قىلىش بىر خىل يېڭى ھەم يۇقىرى تېخنىكىلىق خىزمەت. كۇتۇپخانا خادىملىرى ئالدى بىلەن يەتكۈزمەكچى بولغان ئۇچۇر، ماتېرىيالنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى، ئۇنىڭدىكى بىلىمنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگەن بولۇشى، ئۇنى يەتكۈزمەكچى بولغان نىشاننى ئېنىق بىلىشتىن سىرت، يەنە كومپيۇتېر مەشغۇلات بىلىملىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان بولۇشى كېرەك.

2) كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ مۇلازىمەت ئېلىپ بارغاندا مۇلازىمەتچى خادىم كومپيۇتېر ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئىلمىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن بولغان پسىخىك مۇناسىۋەتنى ساقلاپلا قالماي، ئۆزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، ئۆزىنىڭ مول بىلىمى ۋە يۇقىرى تېخنىكىسى ئارقىلىق يېڭى - يېڭى ئۇچۇر، ماتېرىياللار بىلەن مۇلازىمەت سەۋىيىسى ۋە مۇلازىمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا زامانىۋى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ كۇتۇپخانىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسىلە. گەرچە بۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان تەرەققىيات ئېقىمى بولسىمۇ، ئەمما تۈرلۈك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماقتا. بولۇپمۇ رايونىمىزدەك چەت، نامرات جايلاردىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بىر قىيىن ئۆتكەل، ئىقتىسادىي ئامىلدىن باشقا، يەنە ئىختىساس ئىگىلىرى زور دەرىجىدە كەمچىل بولۇش، كۇتۇپخانىغا بولغان تونۇش بىر تەرەپلىمە بولۇشتەك بىرقاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مەۋجۇت. گەرچە يول ئەگرى - توقاي، قىيىنچىلىقلار زور بولسىمۇ، ئەمما زامانىۋى كۇتۇپخانا بەرپا قىلىشتەك نىشان ئېنىق. جەمئىيەت، مەكتەپ قاتارلىق ھەر ساھەنىڭ يېقىندىن ياردىمى ئاستىدا زامانىۋى كۇتۇپخانا بەرپا قىلىش يىراق كەلگۈسى نىشان بولماستىن، كۆز ئالدىمىزدىكىلا مەنزىرە بولۇپ قالدى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

www.uyghurkitap.com



# 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە قىسقىچە بايان

تاھىر مۇتەللىپ قاھىرى*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە قىسقىچە بايان يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：本文简要论述 20 多年来维吾尔族儿童文学所取得的成就及存在的问题。

**Abstract**: The article illustrates the achievements and problems in the development of Uygur children's literature during the last two decades.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا پروزا ۋە شېئىرىيەتنى ئاساس قىلىپ ئۈزلۈكسىز گۈللەنمەكتە. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ژانىرلىرى بىرقەدەر تولۇق، سان ۋە سۈپەت جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەن ئەدەبىيات بولۇپ، ئۆزى دۇچ كەلگەن كىرىزىس ۋە خىرىس ئالدىدا ئۆزىنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، خەلققە ئېستېتىك زوق بەخش ئەتمەكتە.

ئەدەبىيات ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم ھالقىدىن تەركىب تاپقان، ئۇلارنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى، بىرقانچە ئەۋلاد يازغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە دىئاگنوز قويۇپ، ئاشۇ مىللەتنىڭ سەنئەت، تەپەككۇر ئۇسۇلىغا مۇناسىپ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى يارىتىدۇ. ئەپسۇس، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېخى ئۆزىنىڭ مۇكەممەل نەزەرىيىسىگە ئېرىشىشكە مۇۋەپپەق بولغىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەر، ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئۇ دۇچ كەلگەن خىرىس ئۈستىدە يۈزەكى بولسىمۇ مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە ئىلمىي قاراش ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئاپتورنىڭ مەزكۇر ماقالىنى يېزىشتىكى ئاساسىي مۇددىئاسى.

80 ـ يىللار ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى بىرقەدەر گۈللەنگەن مەزگىل بولدى. بۇ مەزگىلدە «ئۇيغۇر مەسەللىرى»، «ئۇيغۇر چۆچەكلىرى»، «چۆچەكلەر»، «غۇنچىلار»، «ئۈمىد چېچەكلىرى»، «قىزىل گالستۇك»، «بالىلار ئويۇنلىرى»، «جىرىڭ ـ جىرىڭ»، «قوڭغۇراق»، «مۇستاپا» قاتارلىق كىتابلار يېزىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئاندىرسون چۆچەكلىرى»، «چەت ئەل چۆچەكلىرى»، «دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتىدىن تەرمىلەر»، «چەت ئەل بالىلار ھېكايىلىرى» (ئىككى كىتاب)، «لۇتۇن» قاتارلىق يۈزلىگەن بالىلار ئەدەبىياتى ئوقۇشلۇقلىرى تەرجىمە قىلىندى.

---

* تاھىر مۇتەللىپ قاھىرى: بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئىمىس تىلى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. 100089

90 - يىللاردا «تارىم غۇنچىلىرى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» تېخىمۇ كۆپ بالىلارنى ئۆزىگە تارتىشقا باشلىدى. «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنى مەركەز قىلغان ھالدا «بالىلار ئەدەبىياتى چەمبىرىكى» شەكىللەندى. بۇ ژۇرنالدا بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە چوڭلارنىڭ بالىلار تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك سەرخىل ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. ھەتتا بالىلار ئۆزلىرى يازغان بەزى ئەسەرلەرنىڭ سەۋىيىسى ئادەمنى ئىنتايىن سۆيۈندۈرىدۇ. بۇ مەزگىلدە شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «كۈندە بىر ياخشى ھېكايە» (تۆت قىسىم، 1995 - يىل 1 - ئاي نەشرى)، «خەيرلىك كەچ ھېكايىلىرى» (تۆت قىسىم، 1995 - يىل 3 - ئاي نەشرى) قاتارلىق تەرجىمە كىتابلارنى نەشر قىلدى.

ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەلۇم بىر ئەدەبىي ژانىرنىڭ بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا شەكىللىنىشى ۋە ۋايىغا يېتىشى مۇئەييەن جەريانغا موھتاج. بالىلار ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن مەخسۇس بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلار يوق ئىدى. پەقەت 80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەدەبىياتىمىزدا بىر تۈركۈم بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى مەيدانغا كەلدى. ئەھەد ھاشىمنىڭ «بۆدۈنە بىلەن سېغىزخان» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى)، «باھار مايسىلىرى» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى) ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، ئابدۇراھمان ئەبەينىڭ «مۇستاپا» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى)، «مېنىڭ دادام» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى)، تۇرسۇنمۇھەممەت پەخىردىننىڭ «مېنىڭ جان دوستۇم» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى)، «تىنىش بەلگىلىرى سۆھبەتتە» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى)، توختاش بەكرىنىڭ «ئۇ نېمە؟» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى)، «ئوغلاق، قوزا، ئاسلانچاق» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى)، ئابدۇلھەكىم ھەسەننىڭ «ئەللەي تەبىئەت» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1993 - يىل نەشرى)، «يېرىل تېشىم» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى)، «كىم باتۇر» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى)، «ھاي - ھاي تېرەك» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى)، «زېرەك بىلەن زېرىككەك» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى)، «تىرىڭ - تىرىڭ كىم ئويغاق» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى)، مەھمۇد مۇھەممەدنىڭ «سومكىدىكى جېدەل» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى)، «سالچىنىڭ ئوغلى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى)، زاماندىن پاكىزاتنىڭ «دوستلۇق ئالمىسى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى) قاتارلىق ئىجاد قىلىنغان، تەرجىمە قىلغان ۋە توپلاپ رەتلىگەن چۆچەك، مەسەل، شېئىر - ھېكايىلەر توپلاملىرى نەشر قىلىندى. ئابدۇلھەكىم ھەسەن، زاماندىن پاكىزاتلارنىڭ بالىلارنىڭ تىلىغا يېقىن، يېڭىچە شېئىر، چۆچەكلىرى، ئەھمەد ھاشىمنىڭ قىسقا، ئەمما قىزىقارلىق مەسەللىرى، ئابدۇراھمان ئەبەي، مەھمۇد مۇھەممەدلەرنىڭ ئىجادىي ھېكايىلىرى بالىلارغا ئالاھىدە ئېستېتىك زوق ئېلىپ كەلدى.

ئاپتور ئەدەبىي ئەسەر، ئوقۇرمەن ئارىسىدىكى زەنجىرسىمان مۇناسىۋەت ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ پىشاڭى. بولۇپمۇ تارقىتىش ۋاسىتىلىرى كۆپىيىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە ئەدەبىياتتا بۇ ھالەت تېخىمۇ روشەنلىشىپ باردى. «بۈگۈنكى دەۋردە ئەدەبىيات بىر شەخسنىڭ (ئاپتور) يەككە - يېگانە پائالىيىتى ئەمەس، يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى — ئوقۇرمەنلەردۇر»①. بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئوبيېكتى (ئوقۇرمەنلىرى) — بالىلار.

بالىلار بىلەن بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئۇچراشتۇرۇشتا ئۇيغۇر مائارىپ تارماقلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، ھېلىھەممۇ ئىشلىتىلىۋاتقان باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىر يۈرۈش «ئەدەبىيات» دەرسلىكلىرى مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ دەرسلىكلەردە ئۇيغۇر خەلق مەسەل، چۆچەكلىرى، ئىزوپ مەسەللىرى، كىرىلوپ مەسەللىرى، ئۇيغۇرچە چەت ئەل بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايىلىرى بالىلار يېشىغا مۇۋاپىق ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ بالىلار ئارىسىدا ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بالىلاردىكى ئەدەبىي زوقنى يېتىلدۈردى. ھەقىقەتەن «ئەدەبىي ئەسەرلەر ئوقۇرمەنلەردە قىزىقىش ۋە ئېستېتىك زوق پەيدا قىلىدۇ»②. بۇنى بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىز ئىسپاتلىدى.

2000 - يىلدىن كېيىن ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا

www.uyghurkitap.com

يەنە ئىككى يېڭى ھالەت شەكىللەندى. بىرى، شىنجاڭ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يازارمەنلەرنى تەشكىللەپ چەت ئەل، خەنزۇ، ئۇيغۇر مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ھاياتى ئەدەبىي ئۇسلۇبتا تونۇشتۇرۇلغان بىر يۈرۈش بىئوگرافىك كىتابچىلارنى نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەرلەر 40 چە كىتاب بولۇپ، ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بىراق يۇقىرىقى ئەسەرلەردە دىداكتىكا ۋە تارىخىيلىققا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلىپ، بەدىئىيلىككە سەل قارالغان. يەنە بىرى، بەزى ئەدىب، تەتقىقاتچىلار كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرگە تەقلىد قىلغان ئاساستا بالىلارغا ماس كېلىدىغان «يېڭىچە بالىلار ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى»نى يارىتىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخى تەتقىقاتچىسى يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئەپەندى بىرقانچە يىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بالىلارغا ماس كېلىدىغان نەشر نۇسخىسىنى ئىشلەپ نەشر قىلدۇردى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بۇ ئىككى خىل يۈزلىنىش ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. بىز ئېيتقان ئىككىنچى خىل ئالاھىدىلىك كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن ئۈرنەك ئېلىپ، «يېڭىچە بالىلار ئەدەبىياتى»نى يارىتىش ئىمكانىيىتى ۋە زۆرۈرىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتتى. تەقلىد قىلىش ئارقىلىقمۇ بۈيۈك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يارىتىش مۇمكىن. «ئەدەبىيات تارىخىدا تەقلىد قىلىشمۇ داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورىنى دۇنياغا كەلتۈرگەن»③.

ژانىر جەھەتتە ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلار ئازلىقتىن كۆپلۈككە، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تەرەققىي قىلغان. كۈنىمىزدە ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدىكى كۆپرەك ئۇچرايدىغان ژانىرلاردىن:

1) بالىلار ناخشىسى. ئۇ ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى. بۇ تۈر شەكىل جەھەتتىن قىسقا، سۆز ــ جۈملىلىرى ئاددىي، ئېنىق، چۈشىنىشلىك، قاپىيىلىرى توق، رىتىمى جاراڭلىق ۋە روشەن. توختاش ئابابەكرى، تۇرسۇنمۇھەممەد پەخىردىن قاتارلىقلارنىڭ بالىلارغا ئاتىت شېئىرلىرى باشلانغۇچ ــ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مۇزىكا دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، بالىلار ناخشىلىرىدىن ئىبارەت بۇ شەكىلنى كەڭ دەرىجىدە ئومۇملاشتۇردى.

2) بالىلار قوشاقلىرى. ئۇ ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئىپتىدائىي شەكلى. ئۇيغۇر بالىلار قوشاقلىرىنىڭ شەكلى ئاددىي، قىسقا، سۆز ــ جۈملىلىرى پىششىق ۋە يېنىك، مەنىسى ئۆتكۈر ۋە ئېنىق. بۇ شەكىل ئىلگىرى ئۇيغۇر يېزا ــ قىشلاقلىرىدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ياشاش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئۇيغۇرلاردىكى ئائىلە قورۇلمىسى ۋە ئائىلە ھەجىمىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار نەتىجىسىدە يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. لېكىن بەزى فولكلورشۇناسلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدە بۇ تۈرنىڭ ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا تېخىمۇ گۈللىنىشىگە شارائىت يارىتىلدى.

3) بالىلار چۆچەكلىرى. ئۇ ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكىللىرىدىن بىرى. بۇ شەكىل قەدىمدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدە خەلق ئېغىزىدا ساقلىنىپ قالغان بولسا، يېقىنقى دەۋرلەردە كىشىلەر تەرىپىدىن توپلىنىپ، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» نامىدا كۆپ قىسىملىق كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەھەد ھاشىم قاتارلىق مەشھۇر ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى يەنە يېڭىدىن بالىلار چۆچەكلىرىنى ئىجاد قىلدى. يەنە يازغۇچى مۇھەممەد روزى يارقىننىڭ «زەرگىيا» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى) ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن چۆچەكلەردە مول تۇرمۇش پۇرىقى بار.

4) شېئىر. ئۇ ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدىكى تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇن ژانىر. مەلۇمكى، شېئىرىيەتنى ئاساس قىلىش — ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. ئۇيغۇر بالىلار شېئىرلىرى ئۇيغۇر بالىلار قوشاقلىرىنى يىلتىز قىلغان ئاساستا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، بالىلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇستەقىل بىر ژانىرىغا ئايلانغان. 20 نەچچە يىلدىن بېرى «تارىم غۇنچىلىرى»نى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت كۆرۈنەرلىك ھالدا تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ توختاش بەكرى، مۇھەممەد رەھىم، ئابلىكىم ھەسەن، زاماندىن پاكزات قاتارلىق يازغۇچى ــ سەنئەتكارلار بۇ ساھەنى ئالاھىدە جانلاندۇردى.

5) ھېكايە. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ ياش ژانىر. نەسىردىن رابىغۇزىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ مۇھەممەد ئەمىن توختايوۋ، زۇنۇن قادىرلاردىن باشلاپ ھېسابلىساق، بۇ ژانىرنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا شەكىللەنگىنىگە 70 يىلچە بولدى. ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا ئەھەد ھاشىم، ئابدۇراھمان ئەبەي، مەھمۇد مۇھەممەد قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ھېكايىلىرى ۋە بالىلارنىڭ ئۆزى يازغان ھېكايىلىرى بارلىققا كېلىپ، بۇ ژانىرنى بالىلار ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەڭ جانلانغان بىر

ساھەگە ئايلاندۇردى.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا نەچچىلىگەن ھېكايە، شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى. بىراق بۇ ئەسەرلەرنىڭ (بۇ يەردە پروزا كۆزدە تۇتۇلىدۇ) سۈپەتى بىرقەدەر تۆۋەن، ۋەقەلىكلىرى بىرقەدەر سۇنئىي، شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتنى ئەكس ئەتتۈرەلمەسلىكتەك مەسىلىلەر مەۋجۇت.

بازار ئىگىلىكى جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىۋاتقان، تەبىئەت، ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتى جەمئىيەت ھادىسىلىرى تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقان مۇشۇنداق بىر مەزگىلدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ سەمىمىي ـ ساددا، بىغۇبار نەرسىلەرگە ئىنتىلىشى كۈچەيمەكتە. ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى ئائىلە قۇرۇلمىسىنىڭ بەربات بولۇشى (چوڭ ئائىلىلەرنىڭ ئاستا ـ ئاستا جەمئىيەت سەھنىسىدىن يوقىلىشى)، جەمئىيەت، خىزمەت، تۇرمۇش بېسىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېغىرلىشىشى نەتىجىسىدە، ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى (بالا بىلەن ئاتا ـ ئانا، بالا بىلەن بالا) مۇناسىۋەتتىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ھالەت بالىلارنىڭ پسىخىكىسىدىمۇ بۇرۇلۇش ياسىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىش بېسىمىنىڭ ئېغىرلىشىشى، سىرتقى سۇنئىي زامانىۋى نەرسىلەرنىڭ بالىلار دۇنياسىغا بۆسۈپ كىرىشى نەتىجىسىدە، بالىلار پسىخىكىسى، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. مۇشۇ ھالەتلەر ئۇيغۇر بالىلار ئادەبىياتىنىڭ تېمىسى بولۇشى، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپمىقى زۆرۈر. ئەدەبىياتقا ئائىت پروزا ئەسەرلىرى ھادىسىنى ئىپادىلەشتىن كۆرە، كۆپرەك ماھىيەتنى ئىپادىلەشكە كۆڭۈل بۆلۈشى بەرھەق.

ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا نۇرغۇن ئىجادىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق يەنىلا تەرجىمە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. تەرجىمە — ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا كۆرۈلىدىغان نورمال ھادىسە. بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا تەرجىمىنىڭ رولى ناھايىتى زور. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، تەرجىمە ئەسەرلەرنىمۇ ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىغا دائىر مۇۋەپپەقىيەت دېيىشكە ھەقلىقمىز. ئەدەبىي ئەسەرلەر شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلمەسكى، ئۇ تىللاردىن تىللارغا ئۆتۈشۈش، تەرجىمە قىلىنىش ئارقىلىق يېڭى ئىجاد قىلىنىشقا، ئوقۇرمەنلەرنى ئاشۇ ئەسەر ئاپتورىغا ئوخشاش قىزغىنلىق، تەپەككۇر، غەزەپ، يىغا ـ كۈلكە دۇنياسىغا باشلاشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 1 ـ قىسىم ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن فرانسىيە يازغۇچىسى دائۇدىت (1840—1897) نىڭ «ئەڭ ئاخىرقى دەرس» ناملىق مەشھۇر بالىلار ھېكايىسى يۇقىرىقى قارىشىمىزنى دەلىللەيدۇ.

چەت ئەل بالىلار ئەدەبىياتىغا سېلىشتۇرغاندا، پروزا ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا يەنىلا بىر ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرماقتا. «ئەڭ ئاخىرقى دەرس»، «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق» دەك مەشھۇر ئەسەرلەر تېخى ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا ۋۇجۇدقا كەلگىنى يوق.

ماقالىمىزنىڭ بېشىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا مەلۇم بىر ژانىر شەكىللىنىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەندە شۇنىڭغا ماس ھالدا ئەدەبىيات تەتقىقاتى شەكىللىنىدۇ. شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ئۆزىگە خاس ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى يارىتىش يولىدا تەپەككۇر يۈرگۈزىدۇ.

ئادەتتە بىر مىللەتنىڭ مەلۇم بىر دەۋردىكى ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقات ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئەمەلىيىتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، ئۇ دەۋردىكى يېتەكچى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىي تەنقىد توغرىسىدىكى ئىزدىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. شۇ مەنىدىن بىز ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە بالىلار ئەدەبىياتى ئوبزورى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئىزچىل تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 80 — 90 ـ يىللاردا بالىلار ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلارمۇ مەيدانغا كەلدى. بۇ ساھەدە تۇرسۇن قۇربان، ئەكبەر قادىر قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

تەتقىقاتچى تۇرسۇن قۇربان ئەپەندى 1987 ـ يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا «بالىلار ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. يۇقىرىقى كىتاب چەت ئەل ئەدەبىياتى نەزەرىيىلىرى بىلەن كۆپرەك ئوزۇقلانغان، تەرجىمىنى ئاساس قىلغان، ئەدەبىيات ھەققىدە قېلىپلىشىپ كەتكەن نەزەرىيىلەرنى ئۆزىنىڭ ئۇلى قىلغاچقا، كىتابتا ئىجادىيلىق ئاز ئۇچرايدۇ. ئەڭ ئەجەللىك يېرى شۇكى، ئاپتور ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئازراق توختالغان بولسىمۇ، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىپ، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدىكى ئالاھىدىلىك، قانۇنىيەت، ماھىيەتنى بايقاپ ئۆزىگە خاس ئىجادىي نەزەرىيە يارىتالمىغان. ئېيتىش كېرەككى، تەتقىقات شەيئىلەردە يوق نەرسىلەرنى شۇ شەيئىگە يۈكلەپ قويۇش ئەمەس. ئۇ شۇنداق بىر نەرسىكى، شەيئىلەرنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، چەكسىز پىكىر ئەركىنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتەكچى قىلغان هالدا شۇ شەيئىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى سەممىيلىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت، خالاس.

ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ باشقا ساهەدىكى تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا نەزەرنى ئاغدۇرماسلىقى، سىستېمىلىق پەلسەپە، سەنئەت نەزەرىيىسى تەربىيىسى ئالغان كىشىلەرنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا يوق دېيەرلىككلىكى، بولسىمۇ كىتابى نەزەرىيىلەردىن چەتنەپ ئۆتەلمەسلىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىز، جۈملىدىن ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى تەتقىقاتىمىزدىكى ئىدىيە نامراتلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنى بىر بوشلۇق دېيىشكە بولىدۇ.

ماقالىمىزدا ئىلگىرى دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوقۇرمەن، يازغۇچى، ئەسەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. زامانىۋى ئۇچۇر تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى، مائارىپ شەكلىمىزنىڭ ئۆزگىرىشى، سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئەدەبىياتىمىزغا (جۈملىدىن باللار ئەدەبىياتىغا) كۈچلۈك خىرىس ۋە پۇرسەت ئېلىپ كەلمەكتە. بىر تەرەپتىن، يۇقىرىقى هالەتلەر پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «ئوقۇرمەن نامراتلىقى»نى شەكىللەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىيات تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ زامانىۋىلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

كومپيۇتېرنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ كەڭ تۈردە ئومۇملىشىشى ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى، هەتتا تەپەككۇر ئۇسۇلىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. ئەدەبىياتمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. بىز بۈگۈن «تور ئەدەبىياتى» دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز. ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى ئۈچۈن (بولۇپمۇ توردىن پايدىلىنالايدىغان چوڭراق ياشتىكى باللارنىڭ ئەدەبىياتى ئۈچۈن) بۇ بىر قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان بىباها پۇرسەت. دەسلەپكى قەدەمدە «تارىم غۇنچىلىرى»، «ئۆسمۈرلەر گېزىتى»نى ئىنتېرنېت تورىغا كىرگۈزسەك ۋە شۇ ئاساستا توردا مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرساق بۇنىڭ ئۈنۈمى زور بولۇشى تەبىئىي.

ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنى سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلىشىمىز زۆرۈر. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى هەجۋىي رەسىملەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ـ خەنزۇ تىللىرىدا هەر خىل كىتابلارنى ئىشلەپ چىقساق، بەزى باللار شېئىرلىرىنى مۇزىكىلاشتۇرۇپ ئىشلىسەك بۇمۇ ياخشى بولىدۇ.

قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەكلەرگە تەقلىد قىلىپ باللارنى قىزىقتۇرىدىغان ئەسەرلەرنى يارىتىش تامامەن مۇمكىن. ئەنگلىيىلىك ئايال يازغۇچى رولىننىڭ (J. K. Rolin) «هاررىي پوتتېر» ناملىق ئالتە قىسىملىق ئەسىرىنىڭ دۇنيادا زىلزىلە پەيدا قىلىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

خۇلاسە شۇكى، ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ يىلتىزى ناهايىتى چوڭقۇر بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بولۇپ شەكىللەنگىنىگە ئۇزۇن بولمىدى. ئۇ بۈگۈن ژانىرى بىرقەدەر تولۇق، مۇكەممەللىشىشكە يۈزلىنىۋاتقان ئەدەبىيات بولۇپ، كۈچلۈك خىرىس، كىرىزىس ۋە پۇرسەت ئىچىدە تۇرماقتا. دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەدەبىي خام ماتېرىياللار، ئەپسانە، رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر دۆۋىلىنىپ يېتىپتۇ. مەسىلە نېمىنى يېزىشتا ئەمەس، بەلكى قانداق يېزىشتا. تېخىمۇ كۆپ پىداكار يازغۇچىلارنىڭ قەلەمنى قولىدىن تاشلىماي، يېزىقچىلىق ئۇستىلىدە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلىشى ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى.

## ئىزاهلار:

① بوداۋبىلىڭ: «ئەدەبىيات دېگەن نېمە»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 270 ـ بەت.

② بوداۋبىلىڭ: «ئەدەبىيات دېگەن نېمە»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 274 ـ بەت.

③ بوداۋبىلىڭ: «ئەدەبىيات دېگەن نېمە»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 30 ـ بەت.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. بۇ داۋبىلىڭ: «ئەدەبىيات دېگەن نېمە»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى.
2. تۇرسۇن قۇربان: «باللار ئەدەبىياتى هەققىدە چۈشەنچە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

2005 - يىلى 12 - ئاي   شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)   26 - يىللىق 4 - سان
第 26 卷第 4 期   新疆大学学报(哲学社会科学维文版)   2005 年 12 月

# تۇرپاندىكى بىر قىسىم يەرلىك ئادەتلەر توغرىسىدا

ئابدۇللا غاپپار*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇرلار تارىختا يۈكسەك مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەھەتتىكى پەرق ۋە باشقا تارىخىي، ئىجتىمائىي ئامىللار تۈپەيلىدىن، باشقا جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ماقالىدە، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ - ئادىتى، رەسىم - يوسۇنلىرى، ئاممىۋى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要:**维吾尔族是历史曾经创造出高度文明的古代民族之一。吐鲁番的维吾尔人由于地理环境的不同和其他地方的维吾尔不同的特有文化特点。本文探讨他们特有的风俗习惯,礼仪规约,群体活动等。

**Abstract:** Uygur nationality is one of the antiquity nation that has created highly civilization in the history. Because of the geographical differences, Turpan people have unique cultural advantages that are different from other Uygurs in different areas. This paper explores their national customs, habits disciplines, principles and commutative activities.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخقا، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە ئۆزلىشىپ كەتكەن قەدىمىي ئەجدادلىرىمىز ھىنگان تاغلىرىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە، جەنۇبىي سىبىر دالىلىرىدىن سەددىچىنگە قەدەر كەڭرى زېمىندا ياشاپ، ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزگىچە مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى يارىتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ جايلاشقان زېمىنلىرى كەڭ بولغانلىقى، بىپايان چۆللەرگە يۇلتۇزدەك تارقالغان بوستانلىقلاردا تارقىلىپ ياشاپ كەلگەنلىكى، ھەرقايسى بوستانلىقلارنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىدا زور پەرقلەر بولغانلىقى، ۋە ھەر خىل تارىخىي، ئىجتىمائىي ئامىللار سەۋەبلىك، ھەرقايسى بوستانلىق (رايون) لاردا ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ··· ئۆزگىچە ئۆرپ - ئادەت، رەسىم - يوسۇن، ئاممىۋى پائالىيەتلەر شەكىللىرى ساقلانغان ۋە داۋام قىلماقتا. بۇ ئەمگىكىمدە تۇرپان رايونىدا ساقلانغان بەزى ئۆزگىچە مەدەنىيەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا توختالماقچىمەن.

## «بالا سېتىش»

«بالا سېتىش» ئالدىنقى باللىرى توغۇلۇپلا ئۆلۈپ كەتكەن، بالىسى توختىمىغان كىشىنىڭ يەنە بىر بالىسى تۇغۇلغاندا بالىسىنى تۇرۇپ قالسىكەن دېگەن ئۈمىدتە ئۆتكۈزىدىغان بىر خىل يەرلىك ئادەت بولۇپ، بالىسى

• ئابدۇللا غاپپار: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2000 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى. 100081

www.uyghurkitap.com

توختىمىغان كىشى كېيىنكى بالىسى يېڭى تۇغۇلغاندىلا مەھەللە چوڭلىرىدىن بىرقانچە كىشىنى ئۆيىگە چاقىرىدۇ (بۇ كىشىلەر مەھەللىدىكى بالىسى ئۆلۈپ باقمىغان، يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشىلەر بولىدۇ. ئادەتتە بەش ياكى يەتتە كىشى چاقىرىلىدۇ). ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىنىپ، بىر تال تەڭگە ـ يارماق ياكى بىرەر تال دان (نوقۇت قاتارلىق) ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇلغان خېمىردىن ئېتىلگەن پوشكال قويۇلىدۇ. پوشكال سانى چاقىرىلغان كىشىنىڭ سانىغا ئاساسەن بىر كىشىگە بىردىنلا توغرا كېلىدۇ. تەڭگە ـ يارماق (دان) كىم يېگەن پوشكالدىن چىقسا قالسا شۇ كىشى يېڭى تۇغۇلغان بالىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ ۋە قوندۇرىدۇ. بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەتىسى ياكى بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن ئوبدان داستىخان، سوۋغا ـ سالام تەييارلاپ، بالىنى ئېلىپ كەتكەن كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، زور ئىززەت ـ ئېھتىرام بىلەن بالىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ ۋە «بۇ بالىنى بىز تۇغمىدۇق، پالانى ئاخۇندىن تىلىۋالدۇق (سېتىۋالدۇق)» دەيدۇ ھەمدە بالام ئەمدى ئۆلۈپ كەتمەي توختاپ قالىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. بۇنداق بالىلارغا ئادەتتە سېتىۋالدى، تىلىۋالدى، توختى، سېتىخان، توختىخان ... دېگەندەك ئىسىملار قويۇلىدۇ.

## نىياز چاچ قويۇش

تۇرپاندا «ئابلانىياز، ئۆمەرنىياز، سېتىنىياز» دېگەندەك «نىياز»لىق كىشى ئىسىملىرى كۆپ بولۇپ، بۇ ئىسىملار مەلۇم ئادەت خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە.

كىشىلەر بالىسى توختىمىسا ياكى بالىسى ئاجىز، كېسەلمەن بولۇپ قالسا بالىنى غوجامغا ئېلىپ بېرىپ، ئۆز ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا قوي، ئۆچكە، توخۇ دېگەندەك بىرەر مالنى قان قىلىپ، شەيخكە بالىنىڭ چېچىنى چۈشۈرتىدۇ. چاچنى چۈشۈرگەندە بالىنىڭ چوققىسىدىكى دىئامېتىرى 8 ـ 10 سانتىمېتىر كېلىدىغان چەمبەر شەكىللىك جاينىڭ چېچىنى چۈشۈرمەي قويۇپ قويىدۇ. بۇ نىياز قويۇش ياكى نىياز چاچ قويۇش دېيىلىدۇ. شۇندىن باشلاپ بالىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «نىياز» سۆزى قوشۇلىدۇ. كېيىن بالىنىڭ چېچىنى چۈشۈرگەندىمۇ شۇ جاينىڭ چېچى چۈشۈرۈلمەيدۇ، نىياز چاچ ئۆسۈپ ئۆرۈگىدەك بولغاندا يىلىم چېچىپ ئۆرۈپ قويۇلىدۇ. نىياز چاچ تاكى بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلغانغا قەدەر پەرۋىشلىنىدۇ. بالىنى خەتنە قىلىش ۋاقتىدىلا ئاندىن بالىنى يەنە شۇ غوجامغا ئېلىپ بېرىپ يەنە بىرەر مال قان قىلىپ، شەيخكە نىياز چاچنى چۈشۈرگۈزۈۋېتىدۇ ۋە چاچنى ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ.

بالىلارغا نىياز چاچ قويۇلسا تېنى سالامەت، پېشانىسى ئوچۇق، تەلەيلىك بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. نىياز چاچ پەقەت ئوغۇللارغىلا قويۇلىدۇ، قىزلارغا نىياز چاچ قويۇلمايدۇ.

بۇ خىل ئادەتنىڭ تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلاردا قاچانلاردىن تارتىپ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە بىر نەرسە دېيىش قىيىن. مەن ئىككى ئۇچۇرغا ئىگە بولدۇم. بىرى، شىمالىي جۇڭگودىكى سەنشى قاتارلىق جايلارنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدىمۇ بۇ خىل ئادەت بار ئىكەن، ھەتتا شەكلى، مەقسەت ـ مۇددىئاسىمۇ تۇرپاندىكى نىياز چاچ قويۇشقا تامامەن ئوخشايدىكەن. يەنە بىرى، گابائىن خانىمنىڭ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ھايات» دېگەن كىتابىدا كۆرسىتىلگەن ئىككى پارچە رەسىمدىمۇ بالىنىڭ قۇلىقىنىڭ ئۈستى تەرىپىرەككە ۋە بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىگە چەمبەر شەكىللىك چاچ قويۇلغان①. گەرچە ئۆرۈپ قويۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نىياز چاچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. سەددىچىن ئەتراپىدىكى سەنشى قاتارلىق جايلار خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان جەنۇبىي ھونلار، تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا نۇرغۇن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر ئۆزلىشىپ كەتكەن رايون. بۇ رايوندا بۇ خىل ئادەتنىڭ ھازىرغىچە ساقلانغانلىقىنى، يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە رەسىمنى ئاساس قىلغان ھالدا نىياز چاچ قويۇشنى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى، ھەتتا ھونلار دەۋرىگىچە باغلاش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، نىياز چاچ ئەقىدىسىنىڭ ئۆزىدىنمۇ شامانىزمنىڭ تەسىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بۇ نىياز چاچنىڭ تارىخىغا باغلىق تەسەۋۋۇرىمىزنى تېخىمۇ قەدىمكى زامانلارغا باشلاپ بارىدۇ. بۇ توغرىدا ماتېرىياللار ناھايىتى كەمچىل بولۇپ، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارايمەن

## تاكتاك

تاكتاك مەسچىتلەردە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل دىنىي ئەسۋاب بولۇپ، تۇرپاندا ناھايىتى ئومۇملاشقان. تاكتاكنىڭ شەكلى تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولۇپ، چۈلۈك دەرىخىنىڭ غولىدىن ياسىلىدۇ، چۈلۈك دەرىخىنىڭ يوتىدەك توملۇقتىكى غولىدىن 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېسىۋېلىنىپ، پاكىز تازىلىنىدۇ، ئاندىن تىكىسىگە تەخمىنەن 2 سانتىمېتىر كەڭلىكتە يېرىقچە ئېچىلىدۇ ۋە شۇ يېرىقچە ئارقىلىق ئىچىنى يونۇپ، ئىچى كاۋاك ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. يېرىقچە ئېچىلغان تەرەپنىڭ يېنىدىكى تەرىپىگە بىر ساپ

بىكىتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر چوكىسى بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇرۇپ چېلىنىدۇ. ساپ ۋە چوكىلىرى ئادەتتە ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. تاكتاكنى چالغاندا «تاك، تاك، تاك» قىلىپ ياڭراق ئاۋاز چىققاچقا، «تاكتاك» دەپ ئاتالغان، كېيىن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش «a» بىلەن جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش «k» ماسلىشالماي، «k» تاۋۇشىنىڭ تەسىرىدە «a» تاۋۇشى «ä» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن بولۇشى مۇمكىن.



تاكتاكنىڭ رەسمى

مەسچىتلەردە مەزىن ئەزان ئېيتىشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن تاكتاكنى چېلىپ كىشىلەرگە ناماز ۋاقتى بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، نامازغا چاقىرىدۇ. رامىزان ئېيىدا زولۇق يېيىش ۋاقتىدا مەزىن مەھەللە كوچىلىرىدا تاكتاك چېلىپ ئايلىنىپ كىشىلەرنى ئويغىتىپ قويىدۇ، ئىپتار ۋاقتى بولغاندا تاكتاك چېلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىپتار ۋاقتى توشقانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

تاكتاكنىڭ رولى ۋە ئىشلىتىلىشى بۇددانا، چېركاۋلاردىكى قوڭغۇراققا ئوخشىسا، ئۇنىڭ شەكلى بۇددا راھىبلىرى نوم نومىلىغاندا چالىدىغان ئەسۋاب ( 木鱼 ) قا ئوخشايدۇ. شۇڭا تاكتاكنى بۇددا دىنىنىڭ قالدۇقى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇددا دىنى مىلادىيىنىڭ ئالدى-كەينىدىلا ئۇيغۇرلارغا (بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن قەبىلە-قوۋملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تارقالغان بولۇپ، مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. تۇرپان، قۇمۇللاردا ھەتتا 1400 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، ئىگىلىك ۋە باشقا تەرەپلىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ دىنىنىڭ بەزى قالدۇقلىرى ھازىرمۇ ساقلانغان بولۇپ، تاكتاكنىمۇ شۇنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

## ئۇچۇقداش

ئۇچۇقداش — قوقاق چىقىپ قالغان، تۇپتۇز يەردىلا تاسادىپىي يىقىلىپ چۈشكەن، بىرەر نەرسىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن كىشىنى «داۋالاپ»، «چاپلاشقان جىننى قوغلىۋېتىش» مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان كىچىك تىپتىكى پائالىيەت. پائالىيەت جەريانى مۇنداق بولىدۇ: «بىمار»نى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ، بىر تۇتام دەرەخ شېخىنى پاكىز سۇ (ئەڭ ياخشىسى ئېقىن سۇ، كارىز سۈيى) غا چىلاپ، «ئۈچۈق، ئۇچۇق» دەپ، «بىمار»نىڭ ئۈستى-بېشىغا يېنىك ئۇرىدۇ ياكى ئوڭ قولىنى پاكىز سۇغا چىلاپ بىمارغا چاچرىتىدۇ. يەنە بىر خىل ئۇسۇلدا رەختنى تال-تال قىلىپ كېسىپ، بىر تۇتام قىلىپ ئوت يېقىپ «بىمار»نىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرىدۇ. يۇقىرىقى ئىككىلا خىل ئۇسۇلدا كىچىك سۈرىلەر ئوقۇلىدۇ.

بۇ ئىككىلا ئادەم قاتنىشىدىغان كىچىك ھەم ناھايىتى ئاددىي پائالىيەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا شامانىزم، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ تەسىرلىرى ساقلانغان.

## سۆگەل داۋالاش

تۇرپاندا سۆگەل غوجام دەپ بىر مازار بار بولۇپ، تۇرپان — چاتقال تاشيولىنىڭ بويىغا جايلاشقان. بۇ غوجامنىڭ سۆگەل داۋالاش خاسىيىتى بار دەپ قارىلىدۇ. سۆگەل چىقىپ قالغان كىشى شۇ غوجامغا كېلىپ قان قىلىپ، مازارنى تاۋاپ قىلىدۇ. شەيخنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە شۇ يەردىكى بۇلاق بويىدىن لاي ئېلىپ، مازارنىڭ تام ۋە گۈمبىزىگە ئېتىپ چاپلايدۇ. قانچە ئېگىز ئېتىپ چاپلىيالىسا شۇنچە ياخشى دەپ قارىلىدۇ. ئاندىن ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىدۇ. قايتىش يولىدا كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. كەينىگە بىر قاراپ قويسىلا سۆگەل ساقايمايدۇ دەپ قارىلىدۇ.

بۇ پائالىيەت پۈتۈنلەي ئىسلام دىنى مەزمۇنى ۋە شەكلىدە ئۆتكۈزۈلسىمۇ، مېنىڭچە ئۇنىڭدا شامانىزم تەسىرىدە شەكىللەنگەن سېھىرگەرلىكنىڭ جاھاندىكى ھەممە نەرسە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ، بىر نەرسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، شۇنىڭغا ئالاقىدار باشقا بىر نەرسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ دېگەن ئەقىدىسىنىڭ تەسىرى باردەك قىلىدۇ. بەدەنگە چىقىپ قالغان سۆگەلنى چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن، بۇلاق بويىدىكى لاينى گۈمبەزگە چاپلاش، كەينىگە قارىماي قايتىش قاتارلىقلار قەدىمكى شامانىزم ئېتىقادىغا باغلىنىشلىق بولسا كېرەك.

## سارا

سارا يەنە «ساراخەتمە»، «زارا خەتمە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ بايرام شامانىزم دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن

كۆك تەگرىگە نەزىر قىلىش پائالىيىتى دەپ قارالسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدە يېڭىچە مەزمۇنغا ئىگە بولغان بولۇپ، ھازىر ئاللادىن ھۆل - يېغىنى، مول - ھوسۇلنى، ئاسايىشلىقنى تىلەيدىغان دىنىي پالىيەتكە ئايلانغان.

سارا تۇرپان رايونىدا ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى چاغلاردىمۇ ئۆتكەزۈلمەكتە. بۇ ماقالىمىزدە 2004 - يىلى ئەتىيازدا تۇرپان شەھىرى چاتقال يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سارانى مىسال كەلتۈرىمىز.

2004 - يىلى تۇرپاندا قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ئامبارلارنىڭ سۇ ئورنى تۆۋەنلەپ، كارىزلارنىڭ سۇيى تارتىلىپ، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئالدىنقى يىللاردىكىدىن زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتكەچكە، تەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ، ئۈزۈملەر قۇرۇشقا باشلىغان. بىر قىسىم رايونلاردىكى تەكلەر 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن بىرىنچى قېتىم سۇغۇرۇلغان. بۇ ئەھۋالدا چاتقال يېزىسىدىكى دىنىي ئۆلىما، يۇرت چوڭلىرىدىن 40 نەچچە كىشى ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىپ، بەشباللا كارىز كەنتىنىڭ شىمالىدىكى كەگرى سايلىقتا چىقىپ ئاللادىن ھۆل - يېغىن، مول - ھوسۇل تىلەش ئۈچۈن سارا ئۆتكۈزگەن. شۇ كۈنى سارا ئەھلى ناماز ئوقۇپ ئاللادىن مەدەت تىلىگەن، قويلارنى سارالىق قىلغان.

سارا توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىلەردە: «سارا كۈنى قويلار سارالىق قىلىنىدۇ، ئۆي - ئۆيلەردە مەخسۇس ‹سارا ئېشى› ئېتىلىدۇ. ‹سارا ئېشى› قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقان، يېتىم - يېسىرلەرگە ھەمدە مەسچىتلەرگە بېرىلىپ، ئۆزئارا دوستلۇق ۋە يېقىنلىق ئىپادىلىنىدۇ. قىزلار ساراغا ئاتاپ بوغداي ياكى سامساق كۆكىنى ئۆستۈرىدۇ. چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، چاچلىرىنى ئىنچىكە تال - تال ئۆرۈپ، يېڭى ئېچىلغان ئۆرۈك چېچىكىنى، ئۆستۈرگەن مايسىلارنى قۇلاق ۋە چاچلىرىغا قىستۇرۇپ، ھەقىقىي ‹باھار قىزى› غا ئايلىنىدۇ. يەرلىك ئويۇنلاردىن ياغاق ئېتىشىش، گۆلەگگۈچ (ئىلەگگۈچ) قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايدۇ» دەپ تەسۋىرلەنگەن②. ئەمما بۇ قېتىمقى سارادا ئويۇن - تاماشا ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلمىگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سارا خېلى چوڭ ئىلاستىكىلىققا ئىگە بولۇپ، سارا ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەت - مۇددىئا سارانىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. دىنىي دەستۇرى بولمىغان كۆپ خۇدالىق ئېتىقادىي دىن بولۇش (يېقىنقى بەزى تەتقىقاتلاردا شامانىزمنى بىر خۇدالىق دىن دەپمۇ قاراۋاتىدۇ) سۈپىتى بىلەن شامان دىنىمۇ زور دەرىجىدە ئىلاستىكىلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ خىل ئىلاستىكىلىقنى سارانىڭ شۇنچە ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلەلىشىنىڭ سەۋەبى دېيىشكە بولىدۇ. ۋاڭ يەندى ئۆز ساياھەتنامىسىدە تىلغا ئالغان «ئەتىياز، قىش بايراملىرى» مۇ سارانى كۆرسەتسە كېرەك.

## ئىزاھلار:

① گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى»، 217 -، 244 - بەتلەر.
② غوپۇر خالىق: «سارا توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1992 - يىللىق 2 - سان 156 - بەت.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1-، 3-، 4-، 5 - توملىرى.
2. ئۆزقان ئىزگى (تۈركىيە): «ۋاڭ يەندىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھەت خاتىرىسى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىل 5 - ئاي نەشرى.
3. گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى»
4. غوپۇر خالىق: «سارا توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1992 - يىللىق 2 - سان.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

2005 - يىلى 12 - ئاي   شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)   26 - يىللىق 4 - سان
第 26 卷第 4 期   新疆大学学报(哲学社会科学维文版)   2005 年 12 月

# قەدىمكى ھىندىستان ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

تۇرسۇن قادىر*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئالدى بىلەن قەدىمكى ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ خىل تەسىرنىڭ بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىدىنلا كېلىپ چىققان بولماستىن، بەلكى ئىككى رايون مەدەنىيىتىدىكى ئورتاقلىق ۋە يېقىنچىلىقتىن كېلىپ چىققانلىقى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. ئاندىن بىرنەچچە قەدىمكى ھىندىستان ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تارقىلىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىش ئەھۋالى قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要**:本文首先指出古代印度文学曾对维吾尔古典文学产生过有力的影响,这种影响不仅来自佛教,而且来自两个地区文化的共性和相近性,然后简要地论述了几部古代印度的作品向维吾尔族文化的传播以及产生影响的情况。

**Abstract**: The article first points out that the Indian classics have great impacts on Uygur classics. These impacts derives not only from Badism, bat also the common sides and similarities between the two regions. Secondly, the article gives a brief introdution to the Indian works to Uygur culture and the profound impacts on them.

تاكى XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە «ھىندىستان» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، قەدىمكى مەشھۇر مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن ئاسىيا 2 - چوڭ قۇرۇقلۇق رايونى ئېتنىك مەنبەداشلىقى، ئۆتمۇشتىكى ئۇزاق مەزگىللىك ئورتاق ھايات ۋە ياشاش مۇھىتىدىكى ئوخشاشلىق تۈپەيلى، قەدىمدىن تارتىپلا مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئىران پارس رايونلىرى بىلەن ئورتاق بىر مەدەنىيەت پسىخىكا چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلىپ، تارىخنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپىرىدە ئۇلار بىلەن قويۇق ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. ھەرقانداق ھىندى ناخشىسىنىڭ مەزمۇنى بىزگە چۈشىنىكسىز بولسىمۇ، لېكىن قەلبىمىزنى لەرزىگە سېلىپ، يۈرەك تارىمىزنى تىترىتەلەيدىغانلىقى بىزنىڭ ئاھاڭ، كۈي جەھەتتە ئۇلار بىلەن ئورتاق سېزىم ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلىسە، ھىندى كىنولىرى ۋە ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىش - ھەرىكەت، پائالىيەتلىرىنى كۆرگەن ياكى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئاسانلا ھاياجان دېڭىزىغا چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن شادلىنىپ، ئازابلىرى ئۈچۈن قايغۇرۇپ، ئەسەردىكى ۋەقەلەرگە خۇددى ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان راست ئىشلار قاتارىدا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ كېتىشلىرىمىز بىزنىڭ تولىمۇ سەنئەتخۇمار خەلق بولغانلىقىمىزدىنلا بولۇۋاتقان ئىش بولماستىن، بەلكى بىزنىڭ گۈزەللىك - سەتلىك ھەققىدىكى ئېستېتىك قاراشلىرىمىز، ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىمىز ۋە ھەق - ناھەق، ياخشى - يامان ھەققىدىكى قىممەت قاراش، كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى تۈرلۈك قاراشلىرىمىزنىڭ ئۇلارنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ قالىدىغانلىقىدىن بولغان. مانا ئاشۇ ئوخشاشلىق ياكى بىردەكلىك ھىندى ۋە ئۇيغۇر، تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئەزەلدىن

* تۇرسۇن قادىر: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ 2003 - يىللىق ئەدەبىيات ئاسپىرانتى. 830046

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

بىر ـ بىرى بىلەن كۈچلۈك تەسىرلىشىپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ھىندىستاننىڭ ئەڭ قەدىمكى ئالەمگە مەشھۇر بۈيۈك داستانى «رامايانا» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشىدىن تارتىپ تا بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىز ئىچىگە ھىندىستاننىڭ مەشھۇر ھازىرقى زامان شائىرى ۋە يازغۇچىسى تاگور ھەم باشقا نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئەسەرلىرى (ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئازادلىقتىن ھازىرغىچە 238 پارچە ئەسەر) نىڭ تەرجىمە شەكلىدە كىرىشى ۋە نەچچە 10 يىلدىن بېرى بىزدە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھىندى كىنولىرىنى ئەتىۋارلاپ كۆرۈش ھادىسىسىنى ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، مەزكۇر تەسىرنىڭ تارىختىن بۇيان قانچىلىك كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر بولۇپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

لېكىن بۇ خىل ئەدەبىي تەسىر ئۈزلۈكسىزلا ياكى ئاساسىي ۋەقەلەردىنلا ۋۇجۇدقا چىقىپ قالمىغان، بەلكى يۇقىرىدا قەيت قىلىنىپ ئۆتۈلگەندەك، ھىندىستان ۋە تارىم ـ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ كۈچلۈك تارىخى، مەدەنىي ۋە پسىخىكا ئورتاقلىقى ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئەلۋەتتە. شۇڭا تۆۋەندە مەن مانا مۇشۇ ئىككى رايوننىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تارىخىي مەدەنىيەت ئالاقىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ، ئاندىن شۇ ئاساستا ۋۇجۇدقا چىققان ھىندى كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرىنى كونكرېت پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران قاتارلىق جايلارنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ئارىيانلار بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللارغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى ھىندىستانغا بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالە داردىتلار (达罗田人) نى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، ئارىيان قان تىپىنى ئاساس قىلغان ھىندىستان ئاھالىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى ئاساسلىق ئاھالىسى ساكلار ئىكەنلىكى، ساكلار ئارىيانلارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، تارىم، پەرغانە ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا كەڭ رايونلىرىدا ئېلىپ بارغان ئۇزاق مەزگىللىك پائالىيەتلىرى جەريانىدا ئەتراپتىكى باشقا قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ياكى ئۇلارغا قوشۇلۇش نەتىجىسىدە، بۇ رايوننىڭ كېيىنكى يەرلىك ئاھالىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى تارىخىي مەلۇماتلاردا قەيت قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، تارىم ـ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن قەدىمكى ھىندىستان رايونى مەلۇم ئىرقىي بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، ئاللىقاچانلا مەدەنىيەت ئورتاقلىقىنىڭ بىر تۈپ شەرتىنى ھازىرلىغانىدى. كېيىن مىلادىدىن بۇرۇنقى IX ئەسىرلەر ئەتراپىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزمدە زەردۇشت دىنى بارلىققا كەلدى. ئىران ئاخمانىيلار خاندانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ دىن ئاۋۋال ئىران، ئاندىن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا تارقىلىپ، بۇ جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئېتىقادىي ئېتىقاد سىستېمىسىغا ئايلاندى. ۋەھالەنكى، «زەردۇشت دىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان ‹ئاۋېستا›، ھىندىستان ۋە ئىراننىڭ ئەڭ قەدىمكى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، زەردۇشت دىنىدىكى قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق توغرىسىدىكى قاراشلار ھىندىلارنىڭ ‹ۋېدا›، سىدىكى ئالەم قارىشى (RTA قارىشى) بىلەن يېقىن»① ئىدى. مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندىمۇ «‹ئاۋېستا› دىكى بەزى مەزمۇنلار ھىندىستاننىڭ قەدىمكى داستانى ‹رىگۋېدا› دىكى مەزمۇنلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھەتتا ‹ئاۋېستا› دېگەن سۆزدىكى سۆز تومۇرى ۋېستا (vesta) مۇ ھىندى تىلىدىكى ۋېدا (veda) دىن كەلگەن»② ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «قەدىمكى ئىران ئەپسانىلىرى» ناملىق كىتابتا يەنە: «ئاۋېستا» بىلەن «ۋېدا» دىكى مەزمۇن ۋە كۆز قاراشلار جەھەتتىكى 30 تۈرلۈك يېقىنلىق ۋە بىردەكلىك تەكشۈرۈپ چىقىلغان بولۇپ، «ھىندى ـ ئىران ئورتاق دەۋرى» دېگەن ئۇقۇم كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ③. شۇڭا زەردۇشت دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى ئېتىقاد ۋە تەپەككۇر سىستېمىسىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھىندىستانغا بولغان تەسىرى خېلى كەڭ بولغان بولۇشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن. گەرچە كېيىن ھىندىستاندا بۇددا دىنى بارلىققا كېلىپ، بۇ دىن ھىندى خەلقىنىڭ ئاساسلىق ئېتىقاد سىستېمىسى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى مەزگىللەردە ھىندىستاندا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردە ھازىرمۇ ئۇ يەردە نەچچە مىڭ زەردۇشت مۇرىتىنىڭ بارلىقىنىڭ ئېنىقلىنىشى ۋە تاگور ئەسەرلىرىدە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان زەردۇشتلار توغرىسىدىكى باياناتلاردىن مەزكۇر دىننىڭ ھىندى زېمىنىدا قانچىلىك چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

دېمەك، ئورتاق ئېتنىك مەنبە، ئورتاق ئېتىقادىي ئېتىقاد قارىشى ۋە تەبىئەت، ھاياتلىق قاراشلىرى نەتىجىسىدە، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى دەسلەپتىلا خېلى مۇكەممەل بولغان ئورتاق مەدەنىيەت ئاساسىنى قۇرۇشقانىدى. مىلادى I ئەسىرلەرگە كەلگەندە بۇ ئورتاقلىق تېخىمۇ كۈچەيدى. «ئوتتۇرا

ئاسىيادا توخرىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان كۇشان ئىمپېرىيىسى ھىندىستاننىڭ شىمالىنىمۇ كونترول قىلىپ، كانىشكا دەۋرىگە ( I ئەسىرگە) كەلگەندە ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى ھىندىستاننىڭ شىمالىدا قۇرۇپ، بۇددا دىنىنى سىرتقا كۈچەپ تارقىتىشقا باشلايدۇ»④. شۇنىڭ بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەر ئېتىقادىدىمۇ ئاستا ـ ئاستا بۇددا دىنى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ، ھىندىلار بىلەن تامامەن ئوخشاش بولغان ئېتىقاد بىردەكلىكىنى ھاسىل قىلغان. بۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىت بۇ ئىككى جاينىڭ مەدەنىيەت زەنجىرىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر جەريانىدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن ھىندىستان رايونى ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي، مەدەنىيەت بىردەكلىكى مۇناسىۋىتى خېلىلا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. يەنى VIII ، IX ئەسىرلەردىن كېيىن ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ئىسلاملاشقان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيامۇ تەڭ ئىسلاملاشتى. X ئەسىردىن باشلاپ تارىم ۋادىسى ئىسلاملىششقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىردە ھىندىستاندا قۇرۇلۇپ ناھايىتى ئۇزۇن يىل ھۆكۈم سۈرگەن «دېھلى سۇلتانلىقى (1526 — 1206) ، موغۇلىستان خانلىقى (1857 — 1526) قاتارلىق خانلىقلارنى تۈرك ياكى تۈركلەشكەن موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان بولۇپ»⑤، بۇ ھال تۈركىي خەلقلەر بىلەن ھىندى خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى. نىڭ ئۇزۇن مەزگىل ئۆزئارا تەسىرلىشىپ تۇرۇشىنى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلغان.

ھىندى ۋە تۈركىي خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ـ لار تارىختىن بۇيان يۇقىرىقىدەك تارىخىي مەدەنىيەت ئورتاقلىقى ئىچىدە ياشاپ كەلگەندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن پىسخىك خاراكتېرلىرىدىمۇ ئوخشاش تەرەپلەر مەۋجۇت ئىدى. تارىم ۋادىسى ۋە ھىندىستاندىن ئىبارەت مۇنداق قۇرغاق، ئىسسىق ئىقلىم شارائىتىدا ياشىغان خەلقتە غايىۋىلىككە ئىنتىلىش، رومانتىك تۇيغۇغا باي بولۇش ۋە قىزىققاقلىق، ھېسسىياتچانلىقتەك پىسخىك خاراكتېرلار كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ئۇلارنى ئەپسانىۋى تەپەككۇرغا باي، ھەرقانداق بىر ئوي ـ پىكىرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، ھېكمەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئاندىن مەلۇم كونكرېت ئوبرازلىق ۋەقە ئىچىگە يوشۇرۇپ ئىپادىلەشتەك ئوبرازلىق تەپەككۇر ئادىتىگە ئىگە، پىكىر قاتلىمىدا ھېسسىي تەركىبلەر ئەقلىي تەركىبلەردىن ئېشىپ كېتىدىغان تىپىك شەرقچە ئالاھىدىلىككە ئىگە خەلققە ئايلاندۇرغانىدى. بۇ ئەھۋال ئىزچىل تۈردە بىر مەدەنىيەت ياكى يېقىن مەدەنىيەت دائىرىسىدە ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ ئىككى خەلقنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىدا تېخىمۇ ئوخشاشلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىككى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشۈشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. قەدىمكى دەۋردە ئاسىيادا ھىندى مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى گۈللەنگەن باسقۇچتا تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئەدەبىي نامايەندىلىرىنىڭ ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى قوشنا ئەللەرنىڭ ئۆزىگە بەرگەن تەسىرىدىن كۈچلۈك بولغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تۈركىي، پارس ۋە ئەرەب ئەللىرى ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى باشقا قوشنا خەلقلەر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشكەن. ھەتتا 2000 يىلغا يېقىن دىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن خەنزۇ خەلقىنىڭ ئەدەبىياتى ئىچىگىمۇ كىرمىگەن قەدىمكى ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ نۇرغۇن جەۋھەرلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىچىگە تولۇقى بىلەن كىرگەن. مەسىلەن: «رامايانا» ، «بەش نامە» (كەلىلە ـ دىمنە) ، «تۇتىنامە» ، «مايترى سىممىت» ، «چاستانى ئىلىك بەگ» قاتارلىق مەشھۇر ھىندى ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىللىرىدىكى تەرجىمىسى ئىشلەنگەن. لېكىن خەنزۇ خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىدا بۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەي كەلگەن. مانا بۇ ئەھۋال ھىندىستان بىلەن تارىمنىڭ مۇناسىۋىتىنى پەقەت بۇددا دىنىغىلا باغلاپ قويۇشنىڭ ھەقىقەتەن بىر تەرەپلىمىلىك بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى ئۇنداق بولغاندا يۇقىرىقى ھادىسىنى چۈشەندۈرگىلى بولماي قالىدۇ.

قىسقىسى، يۇقىرىقىدەك ئورتاق تارىخىي كەچمىش، بىردەكلىككە ئىگە مەدەنىيەت ۋە ئوخشاشلىق، پىسخىكىلىق خاراكتېر نەتىجىسىدە، ھايات قىسمەتلىرىنى، مىللەت ۋە ئىجتىمائىي تۈپىنىڭ روھىيەت تارىخىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئەدەبىياتنىڭ بۇ ئىككى رايوندىكى ئەھۋالىمۇ ئوخشىشىپ قالدى. يازغۇچى، شائىرلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى، بەدىئىي خاھىشى، يەتمەكچى بولغان بەدىئىي نىشان ۋە قوللانغان ئۇسلۇب جەھەتلەردىمۇ ئوخشاشلىق ياكى يېقىنلىقلار شەكىللەندى. بولۇپمۇ روھىي مۇكەممەللىككە يېتىشنى كۆزلەشتەك شەرقچە پەلسەپىۋى، ئەدەبىي خاھىشنىڭ ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، تارىمدىكى ئىپادىسى تېخىمۇ روشەن بولدى. نەتىجىدە، بۇ رايونلاردا قويۇق ئەپسانە تۈسىدىكى مەسەل ـ ھېكايەتچىلىك ئەدەبىي تۈرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئېستېتىك زوقىغا قارىتا تېز راۋاجلاندى. ھىندىستاندىن باشلانغان بۇ شەكىل ئىسسىق، قۇرغاق ئىقلىمدىكى ئەرەب قوملۇقى خەلقى ئىچىدە دۇنياغا مەشھۇر «مىڭ بىر كېچە»نى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تارىمدىمۇ مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، شۇنچە مول خەلق چۆچەكلىرىمىزنى روياپقا چىقىرىشقا تۆھپە قوشقان.

تۆۋەندە قەدىمكى ھىندى ئەدەبىياتىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا تارقىلىپ كىرگەن ياكى باشقا يوللار بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر ئەسەرلەردىن بىرقانچىسىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق، ھىندى كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرىمىز.

1. «رامايانا» داستانى: بۇ ئەسەر قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى دەپ قارىلىدىغان ئىككى چوڭ تارىخىي داستان («ماخانجاراتا» ۋە «رامايانا») نىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمكى ھىندى خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، ئىجتىمائىي ھاياتى، تەپەككۇرى ۋە باشقا مەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرى جۇغلانغان. ئۇنى قەدىمكى ھىندى خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مەنىۋى خاتىرىسى، ھىندىستاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان قامۇس، دۇنيادىكى قەدىمكى زامانغا تەۋە ئەڭ بۈيۈك داستانلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. «مانا مۇشۇنداق كاتتا ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى نۇسخىسى ھازىر گېرمانىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا بولۇپ، ئۇنى ئازادلىقتىن بۇرۇن گېرمانىيىنىڭ تورپاننى قېدىرىپ تەكشۈرگەن بىر ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى قېزىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن»⑥. بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باشقا نۇسخىلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. شۈبھىسىزكى، بۇ قامۇس ئەسەر ئەينى دەۋر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى، ئۇيغۇر داستانچىلىقى ۋە باشقا ژانىردىكى ئەدەبىياتىنى تېما، مەزمۇن جەھەتلەردە مول ماتېرىيال، ئۇسلۇب، شەكىل جەھەتلەردە ئۈلگە بىلەن تەمىنلىگەن بولسا كېرەك.

2. «بەش نامە» (كەلىلە ۋە دىمنە): ھازىرغا قەدەر تېپىلغان يازما تېمىلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئەسەر نۆۋەتتە دۇنيا مەسەلچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مۇكەممەل ئۈلگىسى دەپ قارىلىپ كېلىنمەكتە. دۇنيادا 22 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، «ئىنجىلدىن قالسىلا تەرجىمە قىلىنىش جەھەتتە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ ئەسەر مىلادى IV ئەسىرلەردە سانسكرىت يېزىقىدا خاتىرىگە ئېلىنىپ، VI ئەسىرلەردە پەھلەۋى تىلى (قەدىمىي پارس تىلى) غا تەرجىمە قىلىنغان. مىلادى 750 ـ يىللىرى پەھلەۋى تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىكى سۈرىيە تىلىدىكى تەرجىمىسىگە يېڭىدىن قويۇلغان نام — «كەلىلە ۋە دىمنە» بىلەن ئاتالغان. بۇ ئۈچ قېتىملىق تەرجىمە جەريانىدا بەزى يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ بېيىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئاساسىي ۋەقەلىك ساقلاپ قېلىنغان. ئەسەر ھايۋانلار ھەققىدىكى مول مەزمۇنغا ئىگە قىزىقارلىق ھېكايە، مەسەللەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارغا ھايات سىرلىرى ھەققىدىكى نۇرغۇن ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى ئادىل باشقۇرۇش تەدبىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ئەسلى دۆلەت باشقۇرۇش قوللانمىسى قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن كېيىن شۆھرىتى ئېشىپ، باشقا ئەللەر ئارىسىغا تارقاپ، خەلقئارالىق ئەدەبىي بايلىققا ئايلانغان، دۇنيا مەسەلچىلىك ژانىرىنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى تىكلەپ، كېيىنكى مەزگىلدىكى ئالەمشۇمۇل ئابىدە «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىنىڭ روياپقا چىقىشىغا ئاساس بولغان. بىزدە بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات تېخى بولمىسىمۇ، لېكىن ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى تەرجىمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىلا بۇ ئەسەرنىڭ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا X، XI ئەسىرلەردىن باشلاپلا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى قاراخانىيلار زامانىدىن باشلاپ ئەجدادلىرىمىز تۈركىي، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى تەڭ ئىشلىتىشكە باشلىغان بولۇپ، يازما ماتېرىياللارمۇ بۇ ئۈچ خىل تىل ـ يېزىقنىڭ خالىغانچە بىرسىدە يېزىلىۋېرىدىغان بولغان. ئەينى دەۋردىكى زىيالىيلىرىمىز ئۇلاردىن توسالغۇسىز پايدىلىنىش ساپاسىغا ئىگە ئىدى. 1717 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ ئەسەرنى يەنە موللا مۇھەممەت تۆمۈر دېگەن كىشى چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېقىنقى دەۋر ئەدەبىياتىمىزغا يەنە بىر قېتىم بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى.

3. «تۇتىنامە»: بۇ ئەسەر «بەش نامە» گە ئوخشاش مەسەلچىلىك ئۇسلۇبىدا يېزىلغان يەنە بىر بۈيۈك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر تۇتى قۇشنىڭ يولدىشى سەپەرگە چىقىپ كەتكەن بىر ئايالغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى ناپاك يولدىن توسۇپ قېلىش جەريانى تەسۋىرلەنگەن. تۇتىنىڭ ھېكايىسىمۇ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ھېكايىلەر بولۇپ، ئۇنىڭغا كىشىلىك تۇرمۇش، جەمئىيەت ۋە تەبىئەت ھەققىدىكى نۇرغۇن ئىلغار كۆزقاراشلار كىرگۈزۈلۈپ، كۈچلۈك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىنغان. بۇ ئەسەرنى 1330 ـ يىللىرى ھىندىستانلىق شائىر مەۋلانە نەخشەبەند پارس تىلىدا يېزىپ چىققان، كېيىن چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر

دەسلەپتىلا پارس تىلىدا قەلەمگە ئېلىنغاچقا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىچىدە بۇرۇندىنلا تونۇشلۇق بولغان بولۇشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن.

«بەش نامە» بىلەن «تۇتىنامە»نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەزمۇن ۋە شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتتىن كۆرسەتكەن تەسىرى خېلى زور بولغان. مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، بىز بۇنى ئاۋۋال ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى چۆچەكلىرىمىزنىڭ تېما ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى بۇ ئىككى ئەسەر بىلەن ھاسىل قىلغان ئوخشاشلىقلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن: «‹بەش نامە›نىڭ 2 ـ باب 1 ـ ھېكايىسى ‹كەپتەرلەر› بىلەن ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى ‹كەكلىكلەر›، 1 ـ باب 18 ـ ھېكايىسى ‹قۇشقاچ ۋە پىل› بىلەن ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى ‹مەغرۇر پىل›، يەنە 1 ـ باب 7 ـ ھېكايىسى ‹شىر ۋە توشقان› بىلەن ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى ‹يولۋاس بىلەن توشقان›، 3 ـ باب 5 ـ ھېكايىسى ‹يىلان بىلەن چۇمۇلىلەر› بىلەن ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى ‹يىلان ۋە چۇمۇلىلەر› مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنداقلا يەنە ‹تەدبىرلىك پادىشاھ›، ‹سۇلتان سەنجىرى› قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ‹تۇتىنامە›نىڭ 6 ـ ۋە 34 ـ داستانلىرىنى مەنبە قىلغان. ‹خاسىيەتلىك گۆھەر›، ‹گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ› قاتارلىق خەلق چۆچەكلىرىمىز بولسا ‹تۇتىنامە›نىڭ 52 ـ داستانىنى مەنبە قىلغان»⑦ يەنە مۇنداق ئوخشاشلىقلارنى ناھايىتى كۆپ تاپقىلى بولىدۇ.

ئۇسلۇب ياكى شەكىل جەھەتتىن، بۇ ئىككى ئەسەردە ھېكايە ئىچىگە ھېكايە كىرگۈزۈشتەك بىر خىل بايان ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، پۈتۈن ئەسەردە بىر ئاساسىي لىنىيىلىك باش ھېكايە، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىر مۇنچە ئوتتۇراھال ھېكايىلەر، ھەربىر ئوتتۇراھال ھېكايىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر كىچىك ھېكايىلەر بولغان. مانا مۇشۇنداق رەۋىشتە ھېكايىلەر بىر ـ بىرىنىڭ ئىچىگە قاتلاممۇقاتلام كىرگۈزۈۋېتىلگەن، بۇ خىل ئالاھىدىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ جەۋھەرلىرى بولغان خەلق چۆچەكلىرىمىزدە ئۆز راۋاجىنى تاپقان. ھەتتا ھازىرقى ۋاقىتتىكى پروزا ئىجادىيىتىمىزدىمۇ بۇنىڭ ياخشى ئۈلگىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ پروزىمىز ئاساسلىقى، بىزنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى چۆچەك، مەسەلچىلىكنى ئۆزىگە مەنبە قىلىپ بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ئوزۇق ئېلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: زۇنۇن قادىرنىڭ «رودۇپاي»، «ئۈچ سودىگەر» قاتارلىق ھېكايىلىرى، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «بۆرە جىلغا» قاتارلىق ئەسەرلىرى يۇقىرىقىدەك ھېكايىنى ھېكايە بىلەن قاپلاشتەك مەسەلچىلىك بايان ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەسەرلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا «تۇتىنامە» بىلەن «بەش نامە» دە قوللىنىلغان نەسرىي بايان بىلەن نەزمە ـ شېئىرىي شەكىلنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى بىزنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا، ئاندىن يەنە يېزىق ئەدەبىياتىمىزدا ئومۇملاشقان شەكىل دېيىشكە بولىدۇ. مەيلى مەدداھلىق ئەدەبىياتىمىزدا بولسۇن، مەيلى زوردۇن سابىر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق يازغۇچى ـ ئەدىبلىرىمىزنىڭ ھېكايە، رومانلىرىدا بولسۇن، ئاپتور ياكى ئەسەردىكى پېرسوناژلار تازا ھاياجانلانغان چاغدا باياننى تاق توختۇتۇپ، يۈرەك ئىزھارىنى شېئىر بىلەن ئىپادىلەپ ئۆتۈپ كېتىشتەك ئەھۋال دائىم ئۇچرايدۇ.

4. «مايىترى سىمىت»: بۇ بىر سەھنە ئەسىرى بولۇپ، ئەسلى ئۇنى قەدىمكى سۇلمى (قارا شەھەر)لىك بۇددىست ئۇستاز ئارىيا چانترى (Aryachanta) ئەنەتكەك (ھىندى) تىلىدىن توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلغان. قوچۇ دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر تەرجىمان پىرتانىراكشىت ئۇنى توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان، بۇ ئەسەر ھەققىدە گېڭ شىمىن ئەپەندى «بۇ ئەسەر ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى سەھنە ئەسىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئېلىمىزنىڭمۇ ئەڭ بۇرۇنقى سەھنە ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ»⑧ دەپ ئېيتقان. دېمەك، مەزكۇر ئەسەر ئەدەبىياتىمىزدىكى تۇنجى دراما ئەسىرى بولۇپ، بىزنىڭ سەھنە تىياتىرچىلىق، دراما ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا خېلىلا زور تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى كېرەك.

5. «چاشتانى ئىلىگ بەگ» ھېكايىسى: بۇ ھېكايە ئەڭ دەسلەپ توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، قوچۇ دەۋرىگە كەلگەندە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەردە ھىندى خەلقىنىڭ تەبىئىي ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارغا قارشى كۈرەشلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ھېكايە ۋە باشقا نەسرىي ژانىرلارنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى شۈبھىسىز.

6. ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋىنىڭ «خەمسە»سى:

ئەمىر خىسرەۋ دېھلەۋى (1325—1235) ھىندىستاندا ياشىغان، پارس تىلىدا شېئىر يازغان شائىر بولۇپ، مىللىي تەركىبىي بولسا تۈرك ئىدى. بۇ ھەقتە ئۇ ئۆز شېئىرىدا «مەن بولسام ھىندىستانلىق تۈرك»⑨ دەپ ئېيتقان. ئۇنىڭ دادىسى ئەسلى ئوتتۇرا ئاسىيالىق بولۇپ، چىڭگىزخان ئىستىلاسى مەزگىلىدە ھىندىستانغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. خىسرەۋ XI ئەسىردە نىزامىدىن باشلانغان «خەمسە» چىلىكنى زور دەرىجىدە ئىجادىي تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈپ، بۇ جەھەتتە كۆپ تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ «خەمسە»سى گەرچە تېما ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە پۈتۈنلەي نىزامىنىڭ «خەمسە»سىنى ئاساس ۋە ئۈرنەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە ھىندى ئەدەبىياتىدىكى ئىجادىيەت مېتودى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلەردىنمۇ كۆپلەپ پايدىلىنىپ، ئۆز ئەسىرىنى مەزمۇن ۋە خاھىش جەھەتتىن خېلىلا راۋاجلاندۇرغان. يەنى «ئۇ ئۆز ئەسىرىدە نۇرغۇن ھىندى ماقال ـ تەمسىللىرىنى، ھىندىچە ئىسىملار ۋە ھىندىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى، كۆزقاراشلىرىنى تەسۋىرلەپ ‹خەمسە›نى ھىندىلاشتۇرۇپ، ئۇنى ھەم ھىندى ئەدەبىياتىدا، ھەم تۈرك، پارس ئەدەبىياتىدا خېلى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە مەشھۇر ئەسەرگە ئايلاندۇرغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ‹خەمسە›سىدىكى ‹شىرىن ـ خىسرەۋ› قىسمىدا ئۇ ‹فەرھاد — خوتەن شاھزادىسى، خىسرەۋ ھەسەت تۈپەيلى ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن›، دېگەن مەزمۇنلارنى يۈرەكلىك كىرگۈزۈپ يېڭىلىق ياراتقان. بۇلار كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇلۇغ شائىرىمىز نەۋائىنىڭ خوتەن شاھزادىسى فەرھاد بىلەن ئەرمەن مەلىكىسى شىرىن ئوتتۇرىسىدىكى ئىسرلىك مۇھەببىتىنى تېما قىلغان مەشھۇر ‹فەرھاد ـ شىرىن› داستانى ۋە ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان داڭلىق ‹خەمسە› سىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ئاساس بولغان»⑩.

## ئىزاھلار:


① ۋېي جىڭجىڭ: «قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرى»، 2 ـ، 3 ـ، 295 ـ بەتلەر (خەنزۇچە).

② جى شيەنلىن: «شەرق ئەدەبىياتى تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 2 ـ باب (خەنزۇچە).

③ ۋېي جىڭجىڭ: «قەدىمكى ئىران ئەپسانىلىرى»، 368 ـ، 337 ـ بەتلەر.

④ «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» (يىراق قەدىمكى زامان قىسمى)، خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى. 286 ـ بەت (خەنزۇچە).

⑤ «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» (ئوتتۇرا قەدىمكى زامان قىسمى)، خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى. 280 ـ، 486 ـ بەتلەر (خەنزۇچە).

⑥ ياڭ فۇشۆ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹رامايانا› دىن بۇددا دىنىنىڭ ھىندىستان داستانچىلىقىدا كۆرسەتكەن تەسىرىگە نەزەر» (دوكتور ئاشتى ماقالىسى) (خەنزۇچە).

⑦ مۇھەممەتتۇرسۇن تۇردى: «بەش نامە ۋە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1994 ـ يىللىق 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑧ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 321 ـ بەت، 2002 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى (خەنزۇچە).

⑨⑩ ئەسەت سۇلايمان: «پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى ‹خەمسە› چىلىك ھادىسىسى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» (2000 ـ يىللىق دۆلەتلىك تەتقىقات تېمىسى)، 57 ـ، 58 ـ بەتلەر (خەنزۇچە).


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ پېئىللارغا ئايلىنىش يوللىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

خېيەن•

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەقلىدىي سۆزلەردىن پېئىل ياساش يوللىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاهلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) غا كىرگۈزۈلگەن تەقلىدىي سۆزلەردىن ياسالغان پېئىللار تۆرگە ئايرىلىپ ستاتىستىكا قىلىنىدۇ.

**摘要**:本文介绍现代维吾尔语摹拟词的构成方法,并对收人《现代维吾尔语详解词典(缩印本)》中的由摹拟词转化的动词进行了分类统计。

**Abstract**: This article gives an introduction on the word formation of onomatopia in Modern Uygur Language. According to classification, it makes statistics on the verbs converted from onomatopia in 《Modern Uygur Full and Clear Annotation Dictionary (Abridged Edition)》.

بىرىنچى، مۇقەددىمە:

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەقلىدىي سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەرگە تەۋە بولۇپ، ئۇ ئىش - هەرىكەت ياكى شەيئىلەرنىڭ ئاۋازلىرىغا، هەر خىل هالەت ۋە قىياپەتلىرىگە، شۇنىڭدەك بەدەن ئەزالىرىنىڭ سەزگۈلىرىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن:

1. شامال گۇر - گۇر چىقىپ تۇراتتى.
2. ئۇنىڭ كۆزى پال - پال قىلىپ تۇراتتى.
3. ماۋۇ يېرىم لوق - لوق قىلىپ ئاغرىيدۇ.

«ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى»

تەقلىدىي سۆزلەر هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارى كۈچلۈك هەمدە جانلىق ئىشلىتىلىدۇ. مەيلى جانلىق تىلدا بولسۇن ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولسۇن تەقلىدىي سۆزلەر تىلنى جانلىق، ئوبرازلىق تۈسكە كىرگۈزۈپ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىق ئوبرازلارنى نامايان قىلىدۇ.

مەسىلەن:

1. باغدىن غارت - غارت هەرە ئاۋازى، تاق - تۇق پالتا ئاۋازى كېلىشكە باشلىغاندا...
2. قىز بېشىنى دادىسىنىڭ كەڭ كۆكرىكىگە قويدى. ئۇ دادىسىنىڭ دۈپ - دۈپ قىلىپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىدىن چوڭ ئىشەنچ ساداسىنى ئاڭلىماقتا ئىدى (ئاۋرال شاماللىرى).

يۇقىرىقى مىساللاردىن تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ ئوبرازلىق، رېتىمى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى هېس قىلالايمىز.

ئىككىنچى، تەقلىدىي سۆزلەردىن پېئىل ياساش يوللىرى.

---

• خېيەن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتى. 830046

سۆز ياساش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇش ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. بۇ خىل ئالاھىدىلىك خېلى كۆپ سۆز تۈركۈملىرىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، كۆپىنچە ئىسىملار «- لىق» ياكى «- لىك» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن سۈپەتكە ئايلىنىدۇ. نۇرغۇنلىغان پېئىللار قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىسىمغا ئۆزگىرىدۇ. تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ھەر خىل ئارقا قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىسىم، سۈپەت، رەۋىش، پېئىل قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرىنى ھاسىل قىلالايدۇ.

بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر تىلىدىكى تەقلىدىي سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق پېئىللارنى ياساشنىڭ بىرقانچە خىل يولىنى تونۇشتۇرىمىز. بۇ ئۇيغۇر تىلىنى ئىككىنچى خىل تىل سۈپىتىدە ئۆگەنگۈچىلەرگە ئازراق ياردەم ۋە تۈرتكە بولغۇسى.

بىز «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) نى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىپ، جەمئىي 300 دىن ئارتۇق تەقلىدىي سۆزنى رەتلەپ چىقتۇق ھەمدە بۇ سۆزلەرنى تۈرگە ئايرىپ، تەھلىل يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قوشۇلغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن تەقلىدىي سۆزلەردىن ياسالغان پېئىل شەكىللىرىنى تۆۋەندىكى ئالتە تۈرگە بۆلدۇق.

1. تەقلىدىي سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «-لا -» ياكى «-لە-» نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان پېئىللار. بۇ تۈرگە تەۋە سۆزلەر كۆپىنچە ئىككى بوغۇملۇق تەقلىدىي سۆزلەردۇر. بۇ خىل ئۇسۇلدا ياسالغان پېئىللارنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، تۆۋەندىكى مىسالدىكى 76 سۆز ئەنە شۇنداق ئىككى بوغۇملۇق تەقلىدىي سۆزلەرگە «-لا-» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان. ئىككى بوغۇملۇق تەقلىدىي سۆزلەرگە «-لە-» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پېئىللار پەقەتلا تۆت سۆز. بۇ ئىككى بوغۇملۇق تەقلىدىي سۆزلەر ئىچىدە ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مەسىلەن:

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۆلدۈق | + | لا | بۆلدۈقلىماق | بۆلۈق | + | لا | بۆلۈقلىماق |
| پاراس | + | لا | پاراسلىماق | پاراق | + | لا | پاراقلىماق |
| پارت | + | لا | پارتلىماق | پارلاس | + | لا | پالاسلىماق |
| پالاق | + | لا | پالاقلىماق | پايپاس | + | لا | پايماسلىماق |
| پۇرۇق | + | لا | پۇرۇقلىماق | پۇسۇر | + | لا | پۇسۇرلىماق |
| پولتۇق | + | لا | پولتۇقلىماق | پولتۇڭ | + | لا | پولتۇڭلىماق |
| پوسۇر | + | لا | پوسۇرلىماق | پۇلاڭ | + | لا | پۇلاڭلىماق |
| پىتىر | + | لا | پىتىرلىماق | پىتىق | + | لا | پىتىقلىماق |
| پىلتىڭ | + | لا | پىلتىڭلىماق | پىچىر | + | لا | پىچىرلىماق |
| پىلدىر | + | لا | پىلدىرلىماق | تاراق | + | لا | تاراقلىماق |
| تاراڭ | + | لا | تاراڭلىماق | تاراس | + | لا | تاراسلىماق |
| تاق | + | لا | تاقلىماق | تاقىر | + | لا | تاقىرلىماق |
| تاكاس | + | لا | تاكاسلىماق | توپۇر | + | لا | توپۇرلىماق |
| تورۇك | + | لا | تورۇكلىماق | تورۇڭ | + | لا | تورۇڭلىماق |
| توكۇر | + | لا | توكۇرلىماق | توكۇس | + | لا | توكۇسلىماق |
| توڭ | + | لا | توڭلىماق | تىپىر | + | لا | تىپىرلىماق |
| تىرىق | + | لا | تىرىقلىماق | تىرىڭ | + | لا | تىرىڭلىماق |
| جاراق | + | لا | جاراقلىماق | جاراڭ | + | لا | جاراڭلىماق |
| جاڭگىر | + | لا | جاڭگىرلىماق | جالاق | + | لا | جالاقلىماق |
| جالداق | + | لا | جالداقلىماق | جالدىر | + | لا | جالدىرلىماق |
| جىلدىر | + | لا | جىلدىرلىماق | جىمىر | + | لا | جىمىرلىماق |
| چاراس | + | لا | چاراسلىماق | چولتوك | + | لا | چولتوكلىماق |
| چۇرۇق | + | لا | چۇرۇقلىماق | چۇۋۇر | + | لا | چۇۋۇرلىماق |
| چىرىق | + | لا | چىرىقلىماق | خولۇپ | + | لا | خولۇپلىماق |

| | | | |
|---|---|---|---|
| دارالڭ | + | لا | دارالڭلىماق |
| دىڭگىر | + | لا | دىڭگىرلىماق |
| شالاق | + | لا | شالاقلىماق |
| شىپىر | + | لا | شىپىرلىماق |
| شىلدىر | + | لا | شىلدىرلىماق |
| شىۋىر | + | لا | شىۋىرلىماق |
| غالدالڭ | + | لا | غالدالڭلىماق |
| غىچىر | + | لا | غىچىرلىماق |
| قاراس | + | لا | قاراسلىماق |
| كاراس | + | لا | كاراسلىماق |
| كىتىر | + | لا | كىتىرلىماق |
| گۆمبالڭ | + | لا | گۆمبالڭلىماق |
| لىغىر | + | لا | لىغىرلىماق |
| ۋاراق | + | لا | ۋاراقلىماق |
| ۋىلىق | + | لا | ۋىلىقلىماق |
| دۆكۆر | + | له | دۆكۆرلىمەك |
| لىڭگىر | + | له | لىڭگىرلىمەك |

| | | | |
|---|---|---|---|
| دىرىڭ | + | لا | دىرىڭلىماق |
| شاراق | + | لا | شاراقلىماق |
| شالدىر | + | لا | شالدىرلىماق |
| شىتىر | + | لا | شىتىرلىماق |
| شىلىق | + | لا | شىلىقلىماق |
| غىچىر | + | لا | غىچىرلىماق |
| غولدۇر | + | لا | غولدۇرلىماق |
| غىلدىر | + | لا | غىلدىرلىماق |
| قاقاق | + | لا | قاقاقلىماق |
| كۆسۆر | + | لا | كۆسۆرلىماق |
| گۆدۆڭ | + | لا | گۆدۆڭلىماق |
| گىچىر | + | لا | گىچىرلىماق |
| ۋاراس | + | لا | ۋاراسلىماق |
| ۋىچىر | + | لا | ۋىچىرلىماق |
| گۆپۆر | + | له | گۆپۆرلىمەك |

تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ كەينىگە ۇلدا / ۇلدە /ىلدا /ىلدە قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ پېئىل ياسىلىدۇ. بۇ خىلدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاخىرقى بوغۇمى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق سۆزلەر بولىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| بوڭ | + | ئىلدا | بوڭۇلدىماق |
| پوك | + | ئىلدا | پوكۇلدىماق |
| پۇر | + | ئىلدا | پۇرۇلدىماق |
| پۇش | + | ئىلدا | پۇشۇلدىماق |
| چوك | + | ئىلدا | چوكۇلدىماق |
| چۇڭ | + | ئىلدا | چۇڭۇلدىماق |
| دوق | + | ئۇلدا | دوقۇلدىماق |
| شۇۋ | + | ئىلدا | شۇۋۇلدىماق |
| غۇرت | + | ئىلدا | غۇرتۇلدىماق |
| غۇي | + | ئۇلدا | غۇيۇلدىماق |
| لوك | + | ئۇلدا | لوكۇلدىماق |
| موس | + | ئۇلدا | موسۇلدىماق |
| پاژ | + | ئۇلدا | پاژىلدىماق |
| پاڭ | + | ئۇلدا | پاڭىلدىماق |
| پىر | + | ئۇلدا | پىرىلدىماق |
| تارت | + | ئۇلدا | تارتىلدىماق |
| تىرس | + | ئۇلدا | تارسىلدىماق |
| جاغ | + | ئۇلدا | جاغىلدىماق |
| جاڭ | + | ئۇلدا | جاڭىلدىماق |
| پارس | + | ئۇلدا | پارسىلدىماق |
| چىك | + | ئۇلدا | چىكىلدىماق |
| داڭ | + | ئىلدا | داڭىلدىماق |
| دوڭ | + | ئىلدا | دوڭىلدىماق |
| دىڭ | + | ئىلدا | دىڭىلدىماق |
| مىس | + | ئىلدا | مىسىلدىماق |

| | | | |
|---|---|---|---|
| بۇژ | + | ئۇلدا | بۇژۇلدىماق |
| پۇڭ | + | ئۇلدا | پۇڭۇلدىماق |
| پۇس | + | ئۇلدا | پۇسۇلدىماق |
| جۇغ | + | ئۇلدا | جۇغۇلدىماق |
| چۇك | + | ئۇلدا | چۇكۇلدىماق |
| خور | + | ئۇلدا | خورۇلدىماق |
| سوك | + | ئۇلدا | سوكۇلدىماق |
| غور | + | ئۇلدا | غورۇلدىماق |
| غۇژ | + | ئۇلدا | غۇژۇلدىماق |
| كور | + | ئۇلدا | كورۇلدىماق |
| لوق | + | ئىلدا | لوقۇلدىماق |
| پاق | + | ئىلدا | پاقىلدىماق |
| پىغ | + | ئىلدا | پىخىلدىماق |
| پىژ | + | ئىلدا | پىژىلدىماق |
| تارس | + | ئىلدا | تارسىلدىماق |
| جارت | + | ئىلدا | جارتىلدىماق |
| جاق | + | ئىلدا | جاقىلدىماق |
| جىغ | + | ئىلدا | جىغىلدىماق |
| چاك | + | ئىلدا | چاكىلدىماق |
| تارت | + | ئىلدا | تارتىلدىماق |
| دىر | + | ئىلدا | دىرىلدىماق |
| زىڭ | + | ئىلدا | زىڭىلدىماق |
| شاپ | + | ئىلدا | شاپىلدىماق |
| شاق | | | شاقىلدىماق |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| شارت | + | ئىلدا | شارتىلدىماق |
| شىپ | + | ئىلدا | شىپىلدىماق |
| غاچ | + | ئىلدا | غاچىلدىماق |
| غارس | + | ئىلدا | غارسىلدىماق |
| غاس | + | ئىلدا | غاسىلدىماق |
| غىپ | + | ئىلدا | غىپىلدىماق |
| غىر | + | ئىلدا | غىرىلدىماق |
| غىرس | + | ئىلدا | غىرسىلدىماق |
| غىق | + | ئىلدا | غىقىلدىماق |
| قاس | + | ئىلدا | قاسىلدىماق |
| قىرس | + | ئىلدا | قىرسىلدىماق |
| كاژ | + | ئىلدا | كاژىلدىماق |
| كاڭ | + | ئىلدا | كاڭىلدىماق |
| كىژ | + | ئىلدا | كىژىلدىماق |
| گاژ | + | ئىلدا | گاژىلدىماق |
| گىرت | + | ئىلدا | گىرتىلدىماق |
| گىڭ | + | ئىلدا | گىڭىلدىماق |
| لاق | + | ئىلدا | لاقىلدىماق |
| لىغ | + | ئىلدا | لىغىلدىماق |
| مارت | + | ئىلدا | مارتىلدىماق |
| مىژ | + | ئىلدا | مىژىلدىماق |
| ۋاراس | + | ئىلدا | ۋاراسىلدىماق |
| ۋاس | + | ئىلدا | ۋاسىلدىماق |
| ۋاق | + | ئىلدا | ۋاقىلدىماق |
| ۋىش | + | ئىلدا | ۋىشىلدىماق |
| ۋىڭ | + | ئىلدا | ۋىڭىلدىماق |
| دۈت | + | ئۈلدە | دۈتۈلدىمەك |
| دۈك | + | ئۈلدە | دۈكۈلدىمەك |
| دىك | + | ئىلدا | دىكىلدىمەك |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شىڭ | + | ئىلدا | شىڭىلدىماق |
| غارت | + | ئىلدا | غارتىلدىماق |
| غاژ | + | ئىلدا | غاژىلدىماق |
| تاق | + | ئىلدا | تاقىلدىماق |
| غىچ | + | ئىلدا | غىچىلدىماق |
| غىرت | + | ئىلدا | غىرتىلدىماق |
| غىژ | + | ئىلدا | غىژىلدىماق |
| قارس | + | ئىلدا | قارسىلدىماق |
| قاق | + | ئىلدا | قاقىلدىماق |
| كارت | + | ئىلدا | كارتىلدىماق |
| كاس | + | ئىلدا | كاسىلدىماق |
| كىرت | + | ئىلدا | كىرتىلدىماق |
| گاچ | + | ئىلدا | گاچىلدىماق |
| گىچ | + | ئىلدا | گىچىلدىماق |
| گىژ | + | ئىلدا | گىژىلدىماق |
| لاغ | + | ئىلدا | لاغىلدىماق |
| لوڭ | + | ئۇلدا | لوڭۇلدىماق |
| ماچ | + | ئىلدا | ماچىلدىماق |
| مىچ | + | ئىلدا | مىچىلدىماق |
| مىغ | + | ئىلدا | مىغىلدىماق |
| ۋاژ | + | ئىلدا | ۋاژىلدىماق |
| ۋاش | + | ئىلدا | ۋاشىلدىماق |
| ۋىژ | + | ئىلدا | ۋىژىلدىماق |
| ۋىق | + | ئىلدا | ۋىقىلدىماق |
| دۈپ | + | ئۈلدە | دۈپۈلدىمەك |
| دۈر | + | ئۈلدە | دۈرۈلدىمەك |
| گۈپ | + | ئۈلدە | گۈپۈلدىمەك |

يۇقىرىقى كۆپلىگەن مىساللاردىن بىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى، ھەتتا بۇ بوغۇمنى ھاسىل قىلغۇچى سوزۇق تاۋۇشنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئارقا سوزۇق تاۋۇش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

(3) تەقلىدىي سۆزلەرگە سۆز ئارقا قوشۇمچىسى را // رە نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق پېئىل ياسىلىدۇ. بۇ خىل تەقلىدىي سۆزلەر دائىم سوزۇق تاۋۇش بىلەن ياكى ئۈزۈك تاۋۇش / ڭ / بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ھەمدە جانلىق نەرسىلەرنىڭ چىقارغان ئاۋازىغا تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر بولىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| گۆڭ | + | را | گۆڭرىماق |
| ھۆڭ | + | رە | ھۆڭرىمەك |
| مۆ | + | رە | مۆرىمەك |
| ھاڭ | + | را | ھاڭرىماق |
| مە | + | رە | مەرىمەك |

(4) تەقلىدىي سۆزلەرگە سۆز ئارقا قوشۇمچىسى // شى // نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق پېئىل ياسىلىدۇ. بۇ خىلدىكى تەقلىدىي سۆزلەر ئاساسەن ئۈزۈك تاۋۇش // ڭ //، //م// ياكى //ۋ// بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق سۆزلەردۇر. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| داقالڭ | + | شى | داقاڭشىماق |
| غولڭ | + | شى | غوڭشىماق |
| ھاۋ | + | شى | ھاۋشىماق |

(5) تەقلىدىي سۆزلەرگە سۆز ئارقا قوشۇمچىسى // كىرە//، //قىرا// نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق پېئىل ياسىلىدۇ.

بۇ خىلدىكى تەقلىدىي سۆزلەر ئاساسەن ئۈزۈك تاۋۇش //ر// بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق سۆزلەردۇر. مەسىلەن:

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چۇر | + | قىرا | چۇرقىرىماق | چىر | + | قىرا | چىرقىرىماق |
| خار | + | قىرا | خارقىرىماق | خىر | + | قىرا | خىرقىرىماق |
| شار | + | قىرا | شارقىرىماق | شۇر | + | قىرا | شۇرقىرىماق |
| غار | + | قىرا | غارقىرىماق | غۇر | + | قىرا | غۇرقىرىماق |
| كار | + | كىرا | كاركىرىماق | كۇر | + | كىرا | كۇركىرىماق |

(6) بۇ تۈردىكى سۆزلەر ناھايىتى ئالاھىدە بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسىدا ناھايىتى ئاز بىر قىسىم تەقلىدىي سۆزلەر ئىككى خىل قوشۇمچە قوشۇلۇش ئارقىلىق پېئىلنىڭ ئىككى خىل شەكلىنى ياسايدۇ.

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شالاپ | + | شى | شالاپشىماق | شالاپ | + | لا | شالاپلىماق |
| شىر | + | قىرا | شىرقىرىماق | شىر | + | ئىلدا | شىرىلدىماق |
| گۇر | + | ئۇلدە | گۇرۇلدىمەك | گۇر | + | كىرە | گۇركىرىمەك |
| غىڭ | + | ئىلدا | غىڭىلدىماق | غىڭ | + | شى | غىڭشىماق |
| لۆم | + | شى | لۆمشىمەك | لۆم | + | ئۇلدە | لۆمۇلدىمەك |
| لىڭ | + | شى | لىڭشىماق | لىڭ | + | ئىلدا | لىڭىلدىماق |
| ۋاڭ | + | شى | ۋاڭشىماق | ۋاڭ | + | ئىلدا | ۋاڭىلدىماق |

## خۇلاسە

ئۇيغۇر تىلىدىكى تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ سانى كۆپ، ئوبرازلىق، جانلىق، لېكىن بىزنىڭ ئۇنى تەتقىق قىلىشىمىز تېخى يېتەرلىك ئەمەس. نۆۋەتتە كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە سۆز ياساش ئالاھىدىلىكىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى تەتقىق قىلدى. لېكىن تېخى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىنغىنى يوق. بۇ ماقالىدە، تەقلىدىي سۆزنىڭ قۇرۇلمىسى ھەمدە ئۇنىڭ پېئىل ياساش شەكلىنىڭ جەريانلىرى تۆرگە ئايرىلىپ ستاتىسكا قىلىنىپ، مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەقلىدىي سۆزلەرگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قىزىقىشىنى قوزغاش ھەمدە تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئاساسىي مەقسەت قىلىندى.

### ئىزاھلار:

① يى كۇنشيۇ، گاۋ شىجىي «ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 - يىل.

② م ئاباس: «ئۇيغۇر تىلىدىكى تەقلىد سۆزلەر توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1987 - يىل 3 - سان، 50 - بەت.

③ ھەممە مىساللار «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دىن ئېلىندى.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. يى كۇنشيۇ، گاۋ شىجىي: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكىسى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى.
2. لياۋ زېيۇ، ماجۇنمىن: «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى.
3. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

2005 - يىلى 12 - ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 26 - يىللىق 4 - سان
第 26 卷第 4 期　新疆大学学报(哲学社会科学维文版)　2005 年 12 月

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر توغرىسىدا

سۇڭ جې*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ كىرىش يولى، مەيدانغا كېلىش سەۋەبى، ئىنگلىز تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەرنىڭ مەنە ئۆزگىرىشى، بۇ خىل سۆزلەرنىڭ خاراكتېرى، ئىنگلىز تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەردە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئىنگلىز تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەرنىڭ تەسىرى بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文论述维吾尔语中的英语借词借入的途径、产生的原因，借入维吾尔语的英语借词词义的变化、这类词的性质、维吾尔语中的英语借词的影响等问题。

**Abstract**: The article illustrates the ways, the reasons, the lexical changes, the properties of their impacts of English loanwords in Uygur language.

## I

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبى ئىككى خىل يول بىلەن بېيىپ كەلدى. بىرى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس سۆز ياساش ئۇسۇلى ئارقىلىق سۆز ياساش؛ يەنە بىرى، باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش. ئالدى بىلەن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى، دۇنيادا ساپ تىل بولمايدۇ، ھەرقانداق بىر تىل تۈرلۈك ئالاقىلەر جەريانىدا، بولۇپمۇ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئارقىسىدا باشقا تىللاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ. بۇنى ھەرقانداق يول بىلەن توسقىلى بولمايدۇ.

جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس. ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا باشقا خەلقلەر بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ كەلدى. ئەنە شۇ ئالاقىلەردە تۈرلۈك خەلقلەر تىلىدىن نۇرغۇنلىغان سۆزلەرنى قوبۇل قىلدى. ئالايلۇق، ئەرەب تىلى، پارس تىلى، خەنزۇ تىلى، رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن نۇرغۇن سۆز قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز لۇغەت تەركىبىنى بېيىتتى ۋە بېيىتماقتا.

بىر تىلنىڭ باشقا تىلدىن سۆز قوبۇل قىلىشى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، ھەرقانداق بىر خىل تىل مەلۇم تارىخىي شارائىت ۋە ئالاقىلىشىش زۆرۈرىيىتى ئارقىسىدىلا باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىدۇ. جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىشىمۇ شۇنداق. بولۇپمۇ پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش ئېھتىياجى يەنىمۇ ئاشماقتا.

ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدىكى باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىدە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ. بۇ سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئاكتىپ سۆزلەر قاتارىدا خىزمەت قىلماقتا.

• سۇڭ جې: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ 2003 - يىللىق ئاسپىرانتى. 830046

## II

ئىنگلىز تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى دەۋر ئېتىبارى بىلەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن. بىرى، ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن بۇرۇن رۇس تىلى ئارقىلىق ئىنگلىز تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر. يەنە بىرى، ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىغا ئىنگلىز تىلىدىن بىۋاستە كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر. ئەدەبىيات - سەنئەت، پەن - تېخنىكا، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ماتارىپقا دائىر ھەر خىل كىتاب، دەرسلىك، گېزىت - ژۇرناللار تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىي تىلغا يۇقىرىقىدەك ھەر ساھەگە چېتىلىدىغان سۆزلەر قوبۇل قىلىنغان.

بۇ سۆزلەرنى تۆۋەندىكى ساھەلەرگە بۆلۈش مۇمكىن.

1. خىمىيىگە دائىر سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| سودا | soda | فۇران | furan |
| تروتىل | trotyl | فېرمىي | fermium |
| ئىندېن | indene | لاۋرېنتسىي | lawreninm |
| فېنانترېن | penanthrene | گۇئانىدىن | guanidine |
| گىدروكسىلئامىن | hydroxylamine | مالتوزا | malt |

2. فىزىكىغا دائىر سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| كىلوۋات | Kilowalt | كۋارك | quark |
| بابىت | Babbitt | گېنرى | henry |
| ۋات | walt | لازېر | laser |
| مو | mho | جول | jule |

3. مېدىتسىناغا دائىر سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| سانتونىن | santonin | ۋانكومىتسىن | vancomycin |
| دېنگى | dengue | رىككېتسىيە | Rickettsia |
| لۇمىنال | luminal | رىمىفون | rimifon |
| كورتىزون | cortisone | راۋولفىيە | Rauwolfia |
| ئاتېبرىن | Atebrin | فېنولفتالېئىن | phenolphthalein |
| ھىستېرىيە | hystearia | لېيشمان | Leishman |
| | | برۇتسېللىيوز | Brucellosis |

4. توقۇمىچىلىققا دائىر سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| فلانېل | flannel | نىلون | nylon |

5. تەنتەربىيىگە دائىر سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| سپورت | sport | پاس | pass |
| گولف | golf | ۋالىبول | volleyball |
| — | | رېپېرى | reperee |

6. ئۆسۈملۈككە دائىر سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| تونا | toon | لاۋان | lauan |
| | | پالما | palm |

7. مېخانىزمغا دائىر سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| لىفت | lift | فلانگې | flange |
| ستاندارت | standard | روللېر | roller |
| | | كاننون | cannon |

8. كۆندىلىك تۇرمۇشقا دائىر سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| folklore | فولكلور | jeep | جىپ |
| sofa | سوپا | totem | توتېم |
| dominion | دومىنىئون | computer | كومپيۇتېر |
| America | ئامېرىكا | export | ئېكسپورت |
| impoty | ئىمپورت | whiherite | ۋىتېرىت |

9. پەن ـ تېخنىكىغا دائىر سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| Darwinsm | دارۋىنىزىم | bass | باس |
| Karst | كارست | Devonian | دېۋون |

III

ئىنگلىز تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەرنىڭ مەيدانغا كېلىش سەۋەبى:

(1) جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەر مۇناسىۋىتىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ. چەت ئەللەردىن يەنە نۇرغۇنلىغان يېڭى تېخنىكا ۋە ھەر ساھەگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

(2) ئىنگلىز تىلىدا نۇرغۇن سۆزلەر خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلغان سۆزلەر، بۇنداق ئاتالغۇلار پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئومۇميۈزلۈك بىر خىل مەنىدە، بىر خىل شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق قوللىنىلماقتا. مەسىلەن، ئايرودروم، ئايروپىلان، ئېلېكتر ئىستانسا، گرافىك …

(3) بۇ خىل سۆزلەر ئاساسەن — سىياسەت، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرگە دائىر سۆزلەر بولۇپ، بۈگۈنكى ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا قارىتا كەڭ ئېچىۋېتىش جەريانىدا خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ كۆپەيمەكتە ھەمدە ئۆز رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرماقتا. غەرب ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت تەسىرى كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، بۇ باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر ۋە ئاھاڭ تەرجىمىسى ئارقىلىق ياسالغان يېڭى سۆزلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. چەت ئەل كاپىتالى، جۇڭگو ۋە چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، چەت ئەل ماللىرى كۆپلەپ ئىمپورت قىلىنىپ، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتلەردە ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ، باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر توختىماي مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق ماددىي مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە، غەرب مەدەنىيىتى دۆلىتىمىزگە بىرقانچە جەھەتتىن تەسىر قىلىدۇ. ئىنگلىز تىلى قاتارلىق چەت ئەل تىللىرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ توشۇغۇچىسى بولۇپ، ئەلۋەتتە كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھازىر ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىنگلىز تىلى سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ ئىنگلىز تىلىغا بولغان تونۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بارماقتا. بۇ ھەممىسى ئىنگلىز تىلىنىڭ كۆپلەپ ۋە كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىقمۇ ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر پەيدا بولدى.

IV

ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىلەن ئەسلىدىكى مەنىسى ئوخشىمايدۇ. يەنى لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. مەسىلەن:

(1) ئىنگلىز تىلىدىكى student سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىلا بىلدۈرىدۇ. چەتتىن كىرگەن بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەندىن كېيىن چەكلىك مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

(2) ئىنگلىز تىلىدىكى projetion سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى ① ئېلان، ② پىروپېكسىيە، ③ ئالدىن كۆرۈش.

ئۇيغۇر تىلىدا بولسا پرويېكسىيە دېگەن مەنىسىلا ئىشلىتىلىدۇ، باشقا مەنىسى ئىشلىتىلمەيدۇ.

(3) ئىنگلىز تىلىدىكى بىر سۆزنىڭ كۆپلىگەن مەنىسى بار، ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت ئۇنىڭ بىر ياكى ئىككى مەنىسىلا ئىشلىتىلىدۇ.

① operator — ، مەشغۇلاتچى، ۋاكالەتچى، ئوپېراتسىيىچى، تىجارەتچى، ② ئەپچىل ۋاستە بىلەن مەقسىتىگە يەتكۈچى دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا بولسا ئوپېراتور يەنى سۈرەت تارتقۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن بەزى سۆزلەرنىڭ سۆز مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

(4) ئىنگلىز تىلىدىكى director سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى قوماندان، يېتەكچى، باشقۇرغۇچى، دىرېكتور، نازارەتچى، ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت دىرېكتور دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(5) ئىنگلىز تىلىدىكى studio — ① ئىشخانا، ② مەشىق زالى، ③ ستودىيە ④ ئاڭلىتىش ئۆيى دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا بولسا ستودىيە دېگەن مەنىنىلا بىلدۈرىدۇ.

شۇڭلاشقا ئىنگلىز تىلىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەندىن كېيىن تارىيىپ، بىر مەنىلىك سۆزگە ئۆزگىرىدۇ. مانا بۇ ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەردىكى بىر خىل ئاساسىي ئالاھىدىلىك. بۇ نۇقتىنى نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

## V

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر تۆت خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە.

**(1) ئومۇمىي خەلققە چۈشىنىشلىك ئەمەس**

ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر پەقەت ئاھالە تەرجىمىسى بويىچىلا ئىشلىتىلگەچكە، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، چەت ئەل تىلى ئۆگەنمىگەن كىشىلەر قورال كىتابلار يېتەرلىك بولمىغان شارائىتتا بۇ سۆزلەرنى چۈشىنىش، ئىگىلەش ۋە ئۇچۇرلارنى تارقىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ھەر خىل ئۇچۇرلار ۋاقتىدا ئومۇمىيۈزلۈك، ئۇنۇملۇك تارقىتىلماي، كىشىلەرنىڭ سۆزلەرنى چۈشىنىشى ۋە ئۇچۇر تارقىتىشىغا توسالغۇ بولماقتا.

**(2) يېزىق تىل خاراكتېرىگە ئىگە**

ئىنگلىز تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى سۆزلەر بىلەن بېيىتىدۇ، لېكىن يېزىق تىلى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئېغىز تىلىنىڭ پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىماقتا، كىشىلەر پەقەت تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىرنەچچە سۆزنىلا بىلىدۇ.

مەسىلەن: DVD, VCD, DCD, KTV, FT . . . . . . . . زور كۆپچىلىك ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ژۇرنالدا، رادىئودا، گېزىتتە، تېلېۋىزوردا، كەسپ كىتابىدا مەيدانغا كېلىدۇ.

**(3) دەۋر ئالاھىدىلىكى**

ئۇيغۇر تىلىغا ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر كۈچلۈك دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى ھادىسە، يېڭى نەرسىلەر مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭا يېڭى سۆزلەر ئۈزلۈكسىز كۆپىيىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر كۈچلۈك دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە.

مەسىلەن: پىرىنتېر، ماركېتىك، ئانتېننا، راكېتا. . . .

**(4) خاراكتېرى ئىخچام**

ئۇيغۇر تىلىغا ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئىخچام خاراكتېرگە ئىگە، چۈنكى ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن نۇرغۇن سۆزلەر ئاھالە تەرجىمىسى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ. كىشىلەر ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى ئاسانلىقچە پەرق قىلالمايدۇ. ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن نۇرغۇن سۆزلەر قىسقارتىلما سۆزلەر بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىغا ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر كۈچلۈك ئىخچام خاراكتېرگە ئىگە.

## VI

ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەردە نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت.

چەتتىن ئارتۇقچە سۆزلەرنى كىرگۈزۈش ناچار تەسىرلەرنى پەيدا قىلىپلا قالماي، يەنە بەزى قالايمىقانچىلىقلارنىمۇ

www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

چەتتىن كىرگەن نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا شۇ مىللەت تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى تەركىبلەردىن پايدىلىنىپ ياسالغان سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. لېكىن بەزىلەر يەنىلا خالىغانچە چەت تىلدىن سۆزلەرنى كىرگۈزۈپ ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەر ئالدىنقىلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە ئۈزۈكچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە — ھەرقايسى پەنلەر دائىرىسىدىكى چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ پەقەت ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىشلىتىلگەچكە، چۈشىنىش، ئۇچۇر تارقىتىشقا توسالغۇ بولۇش رولىنى ئويناۋاتىدۇ.

## VII

ئومۇمەن ئىنگلىز تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئاكتىپ تەرىپىمۇ بار. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارالىق ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش جەھەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە تېخىمۇ ئالغا بېسىشى، دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىشى، خەلقئارالىق ئالاقىنى كۈچەيتىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ پاسسىپ تەرەپلىرىمۇ بار. مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، چەت ئەل تىلى ئۆگەنمىگەن كىشىلەر قورال كىتاب بولمىغان شارائىتتا بۇ سۆزلەرنى چۈشىنىش، ئىگىلەش ئۇچۇرلارنى تارقىتىش جەھەتلەردە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ھەر خىل ئۇچۇرلار ۋاقتىدا ئومۇمىيۈزلۈك، ئۈنۈملۈك تارقىتىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ بۇ خىل ھادىسىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز بەكمۇ مۇھىم.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

2. «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ، 1999 ـ يىللىق 4 ـ سانى.

3. ئارسلان ئابدۇللا: «ئۇيغۇر تىلىغا باشقا تىلدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

4. تۇرنىسا روزى: «پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1999 ـ يىللىق 4 ـ سان.

5. «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1999 ـ يىلدىكى سانلىرى.

6. «غەربىي ـ شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى»، 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# ژۇرنىلىمىزنىڭ 2005 ـ يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى


شىنجاڭنىڭ گۈزەل بايلىقىنىڭ ئۈنۈمى توغرىسىدا مۇھاكىمە………… گەۋھەر ھامۇت (2 ـ سان 1 ـ بەت)
شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ 50 يىلى ……………… ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان (2 ـ سان 9 ـ بەت)
XX ئەسىر ئۇيغۇر سودا مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ……………………………
…………………………………………… ئابدۇكېرىم راھمان بۇچى (2 ـ سان 20 ـ بەت)
ئىت توتېمى ھەققىدە ئىزدىنىش …………………………… غەيرەتجان ئوسمان (3 ـ سان 1 ـ بەت)
نوبېلنىڭ ۋەتىنىدىن تارىم ئويمانلىقىغا بىر نەزەر ………………… ئەسەت سۇلايمان (3 ـ سان 15 ـ بەت)
تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ 50 يىلى …………………………… شېرىن قۇربان (3 ـ سان 33 ـ بەت)
ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت سۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى ………………………
…………………………………… مۇھەببەت قاسىم، سەمەت مەمتىمىن تىلچىن (4 ـ سان 1 ـ بەت
ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ پەرقى ھەققىدە مۇھاكىمە ……… ئوسمان ئىسمايىل تارىم (4 ـ سان 9 ـ بەت)
پېداگوگ يازغۇچىنىڭ مەنىۋى داۋانلىرى……………… تۇرسۇن قۇربان تۈركەش (4 ـ سان 17 ـ بەت)

× × ×

تەرەققىياتنى تېزلىتىش مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى ……………………
…………………………………………………………… مۇلۇك ھاجى (1 ـ سان 1 ـ بەت)
«جۇڭگو تەھدىتى نەزەرىيىسى» توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ……………………………………
…………………………………… ئابدۇخالىق ئەمەت، ئابدۇغولام ئابلىز (1 ـ سان 9 ـ بەت)
كومپيۇتېر تورىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدە ……………………… ياسىن ئېلى (1 ـ سان 17 ـ بەت)
خوراپاتلىقنىڭ ئۇيغۇر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا
………………………………………… مۇھەممەتيۈسۈپ تاھىر (1 ـ سان 22 ـ بەت)
جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلىق مەسىلىسى، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ۋە نامراتلىقنى تۈگىتىش يوللىرى ئۈستىدە تەتقىقات
…………………………………… ئابلىكىم ھەسەن، ئابدۇۋەلى ھېمىت (1 ـ سان 29 ـ بەت)
ئوچۇر ساپاسى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر……………… ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېشىت (1 ـ سان 37 ـ بەت)
بازارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا……………………………
…………………………………… گۈلنار كامىل، گۈلبەھرەم توختى (1 ـ سان 41 ـ بەت)
ئېلىمىز ئاھالىلىرىنىڭ كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى توغرىسىدا ئانالىز……………………………
………………………………………………… گۈلباھار مۇھەممەت (1 ـ سان 45 ـ بەت)
بازارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى قوغداش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان مەسىلىلەر ۋە قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەر توغرىسىدا………………… ھاۋاخان ئابدۇللا (1 ـ سان 50 ـ بەت)
رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە ……………………… ئابدۇرازاق سايىم (2 ـ سان 30 ـ بەت)
دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ پەلسەپىۋى جەۋھىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ……………………
………………………………………………………… قەلبىنۇر قاسىم (2 ـ سان 37 ـ بەت)
ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر سايلام تۈزۈمى توغرىسىدا ……………………………
……………………………………………… تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا (2 ـ سان 42 ـ بەت)
پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى رولى توغرىسىدا………………… ئەنەيتۇللا خالىق (2 ـ سان 46 ـ بەت)
كارخانا بايلىقى پىلانىنىڭ كارخانىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى رولى توغرىسىدا ……………………
…………………………………………………… رەقىپ ھېمىت (2 ـ سان 52 ـ بەت)
بىلىم ھەربىيچىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ………… ئادىلجان ئابلەت (2 ـ سان 55 ـ بەت)
شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ يېڭى ئىستراتېگىيىسى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە……

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

........................ ئابلىز ساۋۇت، رۇقىيە ساۋۇت (2 ـ سان 59 ـ بەت)
«ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئاستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ سىنىپىي ئاساسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا...... ئەخمەتجان مەتروزى (3 ـ سان 41 ـ بەت)
دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەدەنىيەت ئىدىيىسى ۋە بۇ ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قولغا كەلگەن ئۇتۇقلار توغرىسىدا
........................ پەخرىدىن ئىمىن (3 ـ سان 48 ـ بەت)
ھازىرقى زامان كارخانا باشقۇرۇشىدىكى CRM ........................ گۈلپىيە ئابىت (3 ـ سان 52 ـ بەت)
سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى قوشۇمچە قىممەت توغرىسىدا دەسلەپكى تەھلىل........................
........................ ماھىرە مىجىت (3 ـ سان 58 ـ بەت)
ئېلىمىزدە «يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار، يېزىلار مەسىلىسى»نى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ......
........................ ئوسمان مۇھەممەت (4 ـ سان 25 ـ بەت)
ئۇچۇر تورىنى ئىلمىي باشقۇرۇش — ئالىي مەكتەپلەر سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ
ئۈنۈملۈك چارىسى ........................ مۇرات ئەزىزى (4 ـ سان 29 ـ بەت)
كارخانىغا مۇناسىۋەتلىك مەنپەئەت سۇبيېكتلىرى ئۈستىدە تەھلىل ........................
........................ ئابلاجان ئابدۇنىياز (4 ـ سان 35 ـ بەت)
ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسىدە پىسخىك ساغلاملىق
تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش مەسىلىسى ھەققىدە ........................
........................ زىۋىدە كېرەم، ئابدۇرېشىت ئابدۇراخمان (4 ـ سان 41 ـ بەت)
شىنجاڭدىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ شەرقىي ۋە دېڭىز بويى رايونلىرىغا ئېقىپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش
توغرىسىدا........................ ساۋۇت ئاۋۇت (4 ـ سان 45 ـ بەت)
شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەرەققىياتى توغرىسىدا ........................
........................ ئەخمەتجان مۇھەممەت (4 ـ سان 48 ـ بەت)

× × ×

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىلىرى توغرىسىدىكى بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە........................
........................ مۇھەببەت قاسىم (1 ـ سان 53 ـ بەت)
«كەلىلە ۋە دەمنە»نىڭ كىتاب بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ يىراق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا........
........................ شېرىن قۇربان (1 ـ سان 59 ـ بەت)
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشىدىكى بىرقانچە مەسىلە........................
........................ ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات (1 ـ سان 68 ـ بەت)
دۇنخۇاڭ ۋە دۇنخۇاڭ سەنئىتى ھەققىدە........................ مەخمۇت ھېيىت (1 ـ سان 73 ـ بەت)
غەرب ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىكى ئاجايىپ ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر توغرىسىدا ........................
........................ باتۇر مەخسۇت (1 ـ سان 79 ـ بەت)
قازاق تىلىنىڭ چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ جانلىق تىلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا ........................
........................ مەمتىمىن ئابدۇخالىق (1 ـ سان 84 ـ بەت)
«لەيلى ـ مەجنۇن» ۋە «رومېئو ـ جۇلېتتا» ........................ مۇھەممەدتۇرسۇن تۇردى (1 ـ سان 99 ـ بەت)
توختاش بەكرى بالىلار چۆچەكلىرىنىڭ تەربىيىۋى قىممىتى توغرىسىدا ........................
........................ شەرىپە ئابدۇغوپۇر (1 ـ سان 105 ـ بەت)
ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىملاسىنى قېلىپلاشتۇرۇش ھەققىدە ........................
........................ ھەمدۇللا ئابدۇراخمان (1 ـ سان 110 ـ بەت)
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام سەنئىتىدىكى جەلپكارلىق ۋە ئۇنى ئۈستۈرۈش ئەنئەنىسى ........................
........................ ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى (2 ـ سان 64 ـ بەت)
«شاھنامە» ۋە ئۇنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ........ ئابدۇللا مەتقۇربان (2 ـ سان 75 ـ بەت)
ئۇيغۇر بالىلار قوشاقلىرىنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا ........ گۈلمېھرە ئىمامھەسەن (2 ـ سان 82 ـ بەت)
قەدىمكى ئۇيغۇر ئولتۇراق ئۆيلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ........................
........................ ئالىمجان مەخسۇت (2 ـ سان 90 ـ بەت)

«匈奴» ئاتالمىسىنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە ………… تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى (2 ـ سان 98 ـ بەت)
لېكسىكا تەتقىقاتى ئارقىلىق تېلېۋىزىيە تىلىدىكى رېئال ئەھۋاللارنى يورۇتۇش ھەققىدە ……………………
…………………………………………… شېرىنئاي پەتتۇللا تەمۇر (2 ـ سان 102 ـ بەت)
نەۋائى لىرىكىلىرىنىڭ مەنە قاتلىمى ۋە ئوبراز قۇرۇلمىلىرى ……………………
……………………………………………… مەھمۇتجان مۇھەممەت (2 ـ سان 107 ـ بەت)
شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئاخباراتچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى زۆرۈرىيەت، ئاساس ۋە ئۇ ئوينىغان رول
…………………………………………………………… ئېلى تۇراق (2 ـ سان 119 ـ بەت)
مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىلى ۋە شېئىرىي خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا ……………………
……………………………………………… مۇھەممەت ساۋۇت (2 ـ سان 126 ـ بەت)
«قۇتادغۇبىلىك»تىكى پسىخولوگىيىلىك ئىدىيىلەر توغرىسىدا … ئايشەم ئەخمەت (2 ـ سان 129 ـ بەت)
«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مەنبەلىرى، ترانسكرىپسىيىسى ۋە يەشمىلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە …………
………………………………………………… گۈلزەپەر مۇھەممەت (3 ـ سان 62 ـ بەت)
ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى نەزەرىيە تەنقىدچىلىكى ئۈستىدە مۇلاھىزە ……………………
……………………………………………… مۇھەممەدتۇرسۇن ئېلى (3 ـ سان 69 ـ بەت)
ھونلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە پاراكەندىچىلىك سېلىش تاكتىكىلىرى ……………………
…………………………………………………… گۈلنار ئىسمايىل (3 ـ سان 84 ـ بەت)
رادىئو ئاخبارات تەھرىرلىكىنىڭ خاراكتېرى ھەم ۋەزىپىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە……………………
………………………… ئوسمان ئۆمەر ئوغلاقچى، زەينەپ ئاۋۇت (3 ـ سان 88 ـ بەت)
ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ۋە سوزۇق تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى ھەققىدە ………
………………………………………………… رەيھانگۈل ئەھەت (3 ـ سان 95 ـ بەت)
لوگىكىلىق بۆلۈشنىڭ قائىدىسى ۋە ئۇنىڭ رولى توغرىسىدا……………………
……………………………………………… ئالىم مەخمۇتجان رەئىسى (3 ـ سان 100 ـ بەت)
ئۆمەرغازى ئايتان شېئىرلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ……………………
……………………………………………… جېڭىسقان مۇقاتاي (3 ـ سان 103 ـ بەت)
«سالغا تېشى» — روھلار كەچمىشى ………………… ئابدۇسالام شۈكۈرنوھ (4 ـ سان 51 ـ بەت)
«ئەرزنامە» ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى توغرىسىدا ………………… قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى (4 ـ سان 56 ـ بەت)
ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىزچىللىق ۋە ۋارىسلىق
مۇناسىۋىتى ھەققىدە …………………………… گۈلجامال مەمتىمىن (4 ـ سان 63 ـ بەت)
ئۇيغۇرچە لۇغەتلەرنىڭ ئېلىپبە تەرتىپىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە……………………
……………………………………………… ئابدۇغاپپار ئابدۇراخمان (4 ـ سان 66 ـ بەت)
مەدەنىيەت نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ۋە شىنجاڭ مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ماسلىشىپ راۋاجلىنىش مەسىلىسى
…………………………………………………… ئىقبال تۇرسۇن (4 ـ سان 72 ـ بەت)

× × ×

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى توغرىسىدا ……………………
…………………………………………………… ئەركىن توختى (1 ـ سان 116 ـ بەت)
نۆۋەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە «قانۇن ئاساسلىرى» دەرسلىكى ئوقۇتۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل
قىلىشنىڭ چارىلىرى…………………………… ئالىم قادىر (1 ـ سان 123 ـ بەت)
دۆلەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا…
……………………………………………… خەيرۇللا ئاتاۋۇللا (3 ـ سان 108 ـ بەت)
ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تاسادىپىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا دەسلەپكى
تەتقىقات ………………………… ئادىلجان ئابدۇل، مەمەتجان ياسىن (3 ـ سان 112 ـ بەت)
يېڭى ئەسىردە ئوقۇتقۇچىلار ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ……………………
…………………………………………………… خانقىز ئىبراھىم (3 ـ سان 116 ـ بەت)
توختام تۈزۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ……………………

www.uyghurkitap.com


........................................ مۇھەممەت ھاجى (4 ـ سان 80 ـ بەت)
ئىلىمىزنىڭ «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» ئۈستىدە مۇلاھىزە ......... ھامۇت ئەرشى (4 ـ سان 85 ـ بەت)
مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش .................. تۇرسۇننىياز ساۋۇر (4 ـ سان 91 ـ بەت)
سودىيىلەرنىڭ كەسىپ ئەخلاقى بىلەن ئەدلىيە ئادىللىقىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا......................
...................................................... ئەركىن سامساق (4 ـ سان 102 ـ بەت)
ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا كۆپ مۇھىتلىق كومپيۇتېر ئارقىلىق مۇلازىمەت قىلىش ھەققىدە ...........
.................................................................................. (4 ـ سان 108 ـ بەت)

× × ×

ئىلمىي ماقالە يېزىقچىلىقى ۋە ستۇدېنتلارنىڭ ساپاسى ............ بۇلبۇل ئەكرەم (1 ـ سان 128 ـ بەت)
خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدىكى ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش ۋە يېزىش توغرىسىدىكى قاراشلىرىم...............
.............................................................. مىجىت تۇرسۇن (1 ـ سان 133 ـ بەت)
چوڭلار مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا ......................................
....................................... مۇختەر ئەبەيدۇللا، تاشپولات ئەبەيدۇللا (1 ـ سان 136 ـ بەت)
خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى جەريانىدىكى بەزىبىر مەسىلىلەر توغرىسىدا ....................................
...................................................... گۈلبوستان ئابدۇراھمان (2 ـ سان 133 ـ بەت)

× × ×

كونتېكست ۋە ئۇنىڭ ئىستىلىستىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ..................................
.......................................................... ئانارگۈل ئابدۇرېھىم (2 ـ سان 136 ـ بەت)
ئېيتىم ئانالىزى توغرىسىدا ............................. ئالىمجان يۈسۈپ (3 ـ سان 120 ـ بەت)
«قۇتادغۇبىلىك»تىن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپىغا نەزەر ...........................
............................................................ ئابلەت جېلىل (3 ـ سان 126 ـ بەت)
خاراباتىنىڭ «مەسنەۋى خاراباتى»دا ئىپادىلەنگەن ئىجتىمائىي پىكىرلەر ...............................
........................................................ ئىدرىس تۇنىياز كۆكيار (3 ـ سان 134 ـ بەت)
20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە قىسقىچە بايان .................
................................................... تاھىر مۇتەللىپ قاھىرى (4 ـ سان 112 ـ بەت)
تۇرپاندىكى بىر قىسىم يەرلىك ئادەتلەر توغرىسىدا ................ ئابدۇللا غاپپار (4 ـ سان 118 ـ بەت)
قەدىمكى ھىندىستان ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە..........
........................................................... تۇرسۇن قادىر (4 ـ سان 121 ـ بەت)
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ پېئىللارغا ئايلىنىش يوللىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى
................................................................ خېيەن (4 ـ سان 127 ـ بەت)
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر توغرىسىدا ......... سۇڭ خې (4 ـ سان 132 ـ بەت)

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy And Social Sciences, Uygur Edition)

№. 4. 2005 (Total: 104)


# Contents


The Cultural Elements Manifested in Uygur Dialect ········ Muhabbat Kasim, Samat Mamtimin Tilqin

The Differences between Legend & Myth ······································· Osman Ismayil Tarim

Spiritural Mind of the Educationist and Author ··································· Tursun Kurban Turkash

On the Neccessity of Solving Our Nation's 《Problems of Farming, Farmer and Countryside》 ··························································································· Osman Muhammat

Scientific Management in Information Web and Good Impact on Colleges and Universities Policy, and adeological Education Work ·································································· Murat Azizi

On the Analysis of the Relevant Interests of Enterprises ······························ Ablajan Abduniyaz

On Education on Psychological Conclition in Education on Thoughts and Morals of Minority Students in Colleges and Universities in Xinjiang ······························ Ziwide Keram, Abdurixit Abdurahman

The Method of Preventing the Professiond Telens in Xinjiang from ging to the Eastern and Coastal Areas ······································································································ Sawut Awut

The Recent Rapid Progress in Tourism in Xinjiang ································ Ahmatjan Muhammat

The Study on Lyric 《Salga Texi》······················································ Abdusalam Xukur Nuh

On 《Indictment》 and Its cuthor ················································· Kambarnisa Muhammataji

On the Consistence and In heretance between modern and classic Uygur liberature ·························································································· Gulzhamal Mamatimin

On the Problems in the Alphabetical Order in the Uygur Dictionary ········ Abduzhappar Abdurahman

The Theory of Cultural Relativity and Harmonious Development of Various Ethnic Cultures in Xinjiang ··································································································· Ikbal Tursun

On Certain Problems that Should Be Paid Attention to signing Contracts ················· Muhammat Aji

On Our Nation's 《Law of Extraditon》 ························································ Amut Arxi

On the Investigation of the Culture of National Law ······························· Tursun Niyaz Shawur

On The Relationship Between Judger's Professional Ethics and Fair Administration of Justice ········ ··························································································· Arkin Samsak

On Multimedia Services in University And College Libraries ··························· Gunqem Samat

On the Development of Uygur Childern's Literatare during the Last 2 Decades ········ Tayir Mutallip

On Home Village Customs in Parts of Turpan ············································ Abdulla Gapar

Brief Discussion on the impacts of Indian Classics on Uygur classics ···················· Tursun Kadir

On the Approches and Features of the Conversion from Onamatopia to Verb in Uygur Language ····· ······································································································ Heyan

On the English Brrowing Words in Uygur Language ··········································· Sonjie

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА
(Трехмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурском языке)
№. 4. 2005г (общий № 104)

# Содержание

Культурные элементы в уйгурской диалектной лексике ………… Мухаббад Касым, Семэт Маматымин Тилчин
Разница между мифом и легендой ………… Усман Исмаил Тарим
Духовный путь педогога и писателя ………… Турсун Курбан Туркащ
О необходимости решения проблем сельского хозяйства, крестьян и деревень в нашей стране ………… Усман Мухаммад
Роль научного управления информационной сетью в работе улучшения идейно-политического воспитания в вузах ………… Мурат Азизи
Анализ интересов субъектов, связанных с предприятием ………… Аблажан Абдунияз
О психологическом воспитании в идеологическо — моральном воспитании национальных студентов в синьцзянских вузах ………… Зивыда Керам, Абдурщит Абдурахмон
Об причинах утечки специалистов на восток и в приморские районы и её предотвращении ………… Савут Авут
О развитии туризма Синьцзяна в последние годы ………… Ахматджан Мухаммад
Разъяснение лирической поэмы《Сальга Тєщи》………… Абдусалам Щукур Нох
《Жалоба》и о его писателе ………… Камбарныса Мухамматаджи
О последовательном и приемственном отношениях между современной уйгурской литературой и классической уйгурской литературой ………… Гульджамал Маматымин
О некоторых проблемах, существующих в альфавитном порядке словарей уйгурского языка ………… Абдугаппар Абдурахман
Теория культурной относительности и проблемы согласованном развитии разных наций Синьцзяна ………… Икбал Турсун
О некоторых правилах подписания контрактов ………… Мухаммад Аджи
Моё мнение о Законе экстрадиции нашей страны ………… Хамуи Арщи
Изучение культуры национального закона ………… Турнияз Савур
Об отношении между судейской профессиональной моралью справедливостью юстиции ………… Аркин Самсак
Ол услуге мультимедиа в библиотеках вузов ………… Гунщем Сэмэт
О развитии уйгурской детской литературы за последние 20 лет ………… Тахыр Мутеллип Кайыри
О некоторых обычаях в городе Турфан ………… Абдулла Гаппар
О влиянии индийской классической литературы на уйгурскую классическую литературу ………… Турсун Кадыр
Превращение современных уйгурских подражательных слов в глаголы и их особенности ………… Хэянь
О лексическом заимствовании английского языка в уйгурском языке ………… Сунцзе

# دوتسېنت نۇرمۇھەممەت زامان
# 努尔买买提·扎曼副教授



نۇرمۇھەممەت زامان 1939 ـ يىلى قورغاس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، بالىلىق چاغلىرىنى غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن. 1956 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى كۈزدە سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كەلگەن. 1959 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئانا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1959 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولغان. 1960 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە تىيەنجىن نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ 1959 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ۋە ئاخبارات فاكۇلتېتلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1986 ـ يىلى دوتسېنتلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى كافېدراسى ۋە ئاخبارات كافېدراسىنىڭ مۇدىرلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ھەرقايسى جايلاردا ئالىي مەكتەپ ستودېنتلىرى، ئاسپىرانتلىرى ۋە ياش ئوقۇتقۇچىلىرىغا «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. ھازىرغىچە نۇرمۇھەممەت زاماننىڭ «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن لېكسىيىلەر»، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى»، «كىنو ۋە كىنو ئەدەبىياتى» قاتارلىق دەرسلىك كىتابلىرى ۋە «گۈللەنگەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، «قەدىناسلار» ناملىق ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئۇ يەنە «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»نىڭ 5 ـ قىسمىنى ۋە «دانىشمەن بالا» ناملىق بالىلار شېئىرىي چۆچەكلىرى توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى. ئۇ بۇ جەرياندا 100 پارچىدىن ئوشۇق شېئىر، داستان، ھېكايە، ئوچېرك، ئەدەبىي خاتىرە ۋە 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە، تەقرىز، ئاخبارات ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى؛ «خەلقنىڭ ياخشى پەرزەنتلىرى»، «ئاز سانلىق مىللەت ئاقىنلىرىنىڭ لەتىپىلىرى»، «مەشھۇر چەت ئەل يازغۇچىلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلدى.

80 ـ يىللاردا ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاخبارات مائارىپى بوشلۇق ھالىتىدە ئىدى. نۇرمۇھەممەت زامان مەكتەپنىڭ ئاخبارات كەسپىنى تەسىس قىلىشنىڭ تەشەببۇسكارى بولۇپ، مەكتەپ تاپشۇرغان ئاخبارات سىنىپى ئېچىشقا دائىر ۋەزىپىنى بىجانىدىل ئورۇنداشقا كىرىشىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەشكىللەش، دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش، ئۇيغۇرچە دەرسلىك تۈزۈش، نەشر قىلدۇرۇش، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ كەسپداشلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئاخبارات مائارىپى قوشۇنى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ كۆلەملەشتى، مۇنتىزىملاشتى. ئاخبارات مائارىپىنىڭ بۇ تۆھپىكارىغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن 2003 ـ يىلى «تەكلىپلىك پروفېسسور» ئۇنۋانى بېرىلدى.

نۇرمۇھەممەت زامان ئوقۇتۇش، تەتقىقات، ئىجادىيەت نەتىجىلىرى بىلەن مەملىكەت، ئاپتونوم رايون، مەكتەپ، فاكۇلتېت بويىچە كۆپ قېتىم ھەرخىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى، تەقدىرلەندى. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (4)، «كىنو ۋە كىنو ئەدەبىياتى» ناملىق دەرسلىك كىتابلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش ماتېرىيالى» بولۇپ باھالىنىپ، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ «كىنو ئوبزورچىلىقىنى راۋاجلاندۇرايلى» ناملىق ماقالىسى 1992 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «يارقىن ئوبراز، مۇكەممەل قۇرۇلما» ناملىق ماقالىسى 1995 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان ئوبزور ماقالىلىرىنى باھالاشتا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۇلۇغۋار روھنىڭ ئۆمىدلىك ۋارىسى» ناملىق ئوبزورى مەملىكەت بويىچە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر فىلىملەر مۇكاپاتلىق ئوبزور مۇسابىقىسىدا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئازاد سۇلتان بىلەن بىرلىشىپ تۈزگەن، «211 قۇرۇلۇشى» پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن «XX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان) ناملىق كىتابى مەملىكىتىمىزدىكى كۆپلىگەن ئالىي مەكتەپلەردە ئىشلىتىلدى ھەمدە 2004 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئىلمىي ئەسەرلەرنى باھالاشتا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

نۇرمۇھەممەت زامان ئۆز ئەمگەكلىرىگە يارىشا «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى»، «جۇڭگو مائارىپ ئاخباراتچىلار ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ ھەيئەت ئەزاسى، «شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى»، «شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى»، «قۇتادغۇبىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى»، «شىنجاڭ ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى»، «شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى»، «شىنجاڭ لۇشۈن تەتقىقات جەمئىيىتى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى» قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇ ئارام ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ تەتقىقات ۋە ئىجادىيەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىپ يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىنى، تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى تىلەيمىز.

www.uyghurkitap.com

主　　编：阿布都许库尔·模拉克·玉尔其
本期执行编辑：木沙·肉孜

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : جەۋلان جېلىل



**新疆大学学报**
（哲学社会科学维文版）
（季刊）
（1980 年创刊）
第 26 卷第 4 期 2005 年 12 月

**شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى**
(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
(پەسىللىك ژۇرنال)
نەشر قىلىنغان يىلى: 1980 - يىلى
2005 - يىللىق 4 - سان (26 - يىلى نەشرى)

主办单位：新疆大学（乌鲁木齐市胜利路 14 号）
编辑出版：新疆大学学报编辑部
印　　刷：新疆大学印刷厂
国内发行：乌鲁木齐市邮政局
国际标准刊号：ISSN 1005－5878
国内统一刊号：CN 65－1034/G4－W
邮政编码：830046

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - قورۇ)
نەشر قىلغۇچى ئورۇن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005－5878
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65－1034/G4－W
پوچتا نومۇرى: 830046

定价：6.00 元　　باھاسى: 6.00 يۈەن
国内代号：58－13　　ۋاكالەت نومۇرى: 58－13